ئومۇمىي 9-سان

2020 ئاپرېل - ماي

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival






قىپقىزىل يالغانچىلىق 1





چىڭگىزخان داموللام 72





راين سام 117

2020 ئاپرېل - ماي
ئومۇمىي 9-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.




باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئەنۋەر قاراقۇرۇم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

# مۇندەرىجە

## مىسلىسىز ئويغىنىش


ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا 48

خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى ئانا يۇرتى ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان NASA ئىنژېنېرى بىلەن سۆھبەت 33

مائارىپ، دۆلەت ۋە ئۇيغۇرلار 102

تەنقىدى تەپەككۇر 66


## خىتاي تەتقىقاتى


قىپقىزىل يالغانچىلىق: كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچيۈزى



## گۈلىستان


خەنا زۇبەيرى

راين سام 117














## تارىخ ۋە بىز


سۈرگۈندىكى "شىنجاڭ" ھۆكۈمىتى

1944 ~ 1949 – يىللىرىدىكى سوۋېت ئارخىپلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان 45

ياۋرو – ئاسىيا يايلاق ئىمپېرىيەسى نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان قۇرغاقچىلىقتا قانداق تاقابىل تۇرغان؟ 69


## بۈيۈك سىمالار


چىڭگىزخان داموللام


## ھېكمەتلەر


ئىككى يۈزلىملىك ھەققىدە 119

# قىزىل يالغانچىلىق:

## كوممۇنىست خىتاينىڭ دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇش ئىستىكىنىڭ ئىچكى يۈزى

# Deceiving the Sky: Inside Communist China's Drive for Global Supremacy

بىل گېرتس «ۋاشىنگتون ۋاقتى» دۆلەت بىخەتەرلىكى سەھىپىسىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى. ھازىر دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ تەكلىپلىك خىتاي ئىشلىرى ئانالىزچىسى. خىتاي تەھدىتى ھەققىدە مەخسۇس ئالتە كىتاۋى بار.



بىل گېرتس

Bill Gertz

## ☆ ئۈچىنچى باب ☆

# خىتاي ئۇرۇشلىرى

### خىتايغا مايىل تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ مەغلۇبىيىتى

«ۋاڭ لىجۈن كىشىلىك ھوقۇق ئۆكتىچىسى ئەمەس، لېكىن شۇنىڭدىمۇ بىز ئۇنى سىرتتىكىلەرگە (خىتاي دائىرىلىرىگە) مۇنداقلا تاپشۇرۇپ بېرەلمەيتتۇق؛ بۇ ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىق بولاتتى، شۇڭا (ئۇنى) داۋاملىق قانات ئاستىغا ئالدۇق... شۇنىڭ بىلەن، بىز ۋاڭ لىجۈندىن قانداق قىلغۇسى بارلىقىنى سورىدۇق ۋە بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن ئالاقىلىشىپ، ۋاڭ لىجۈننىڭ ئۆزى خالاپ ئۇلارغا تەسلىم بولۇشىنى تەۋسىيە قىلدۇق... خىتاي دائىرىلىرى قارارىمىزدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى»

-- سابىق دۆلەت سېكرېتارى ھىلارى كىلىنتون، مۇشكۈل تاللاشلار.

2012 – يىلى 2 – ئاينىڭ 6 – كۈنى، خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ شەھەر چوڭچىڭدا پەۋقۇلئاددە بىر ئىش يۈز بەردى. چوڭچىڭنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋاڭ لىجۈن شۇنىڭدىن تۆت كۈن بۇرۇن چوڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا زۆرۈر بولغان سىياسىي خاراكتېرلىك ساقچى ۋە ئىستىخبارات ئاپپاراتى بولمىش مەزكۇر ئىدارىنىڭ باشقا ئۈچ مۇئاۋىن ئەمەلدارىمۇ تەكشۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. بۇ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش – تەكشۈرۈش ھەرىكەتلىرى ۋاڭ لىجۈنگە نىسبەتەن خەتەرنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنىڭ شەپىسى ئىدى. ئۇ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمەلىي ھوقۇقى ۋە شۆھرىتىدىن، جۈملىدىن ساقچى باشلىقى ۋاقتىدا بەھرىمەن بولۇپ كەلگەن مەخسۇس شوپۇرىدىن، قوغدىغۇچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاچىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە جەزم قىلدى. ۋاڭ لىجۈن بېيجىڭدىكى رەھبەرلەرگە ئالاقىدار ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەخپىي ئىستىخبارات ۋە سىياسىي ئۇچۇرلاردىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پىلانلىرىدىن خەۋەردار ئىدى، شۇڭا ئۇ مۇشۇ قىممەتلىك ئىستىخباراتلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز جېنىنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تۆمۈر قىسمىقىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تەييارلاندى. ئۇ ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا، ئىشخانىسىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ بىر سودا يىغىنى ئۈچۈن چوڭچىڭدىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە شۇنىڭدىن كېيىن غايىب بولغان.

جىنايى قىلمىشلارغا قارشى قورقماس كۈرەشچى دەپ نام ئالغان، موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان ۋاڭ لىجۈن ئايالچە ياسىنىپ، ئۆزىنى ئىدارىسىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆزىتىش تورىدىن چەتكە ئېلىپ ماشىنىسىغا چىقىدۇ ۋە چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا چېڭدۇ شەھىرىگە قاراپ ماڭىدۇ ۋە ئالاھەزەل بەش سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن، چېڭدۇ شەھەر مەركىزىنىڭ جەنۇبىدىكى لىڭشىگۇەن (كونسۇلخانا) يولىدىكى تۆتىنچى نومۇرلۇق بىناغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ئادرېسى ئىدى. ئۇ خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ كونسۇلخانىغا كىرىپ – چىققان پۈتۈن كىشىلەرگە قارىتىلغان كۆزىتىش سىستېمىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، يەنىلا ئايالچە قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي، كونسۇلخانىنىڭ ئالدى ئىشىكىدىكى ئىككى شىر ھەيكەلنىڭ ئارىسىدىن چوڭ – چوڭ چامداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. خىتاي پادىشاھلىرىنىڭ سارىيى ئالدىغا قوغدىغۇچى شىر ھەيكەل قويۇش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بىر ئىش. بۇددىزىم دىنىغا كۆرە، شىر ھەيكەل قوغدىغۇچى كۈچكە ئىگە دەپ قارىلىدۇ. شەكسىزكى، ۋاڭ لىجۈن ئۆزىنىڭ چوڭچىڭدىن كېلىۋاتقان يولدا ياكى كونسۇلخانا ئىشىكىگە يېقىنلا يەردىكى بىخەتەرلىك ساقچىلىرى تەرىپىدىن تونۇۋېلىنمىغانلى-

دىن بەكلا خۇشال ئىدى.

ۋاڭ لىجۈن (كونسۇلخانىنىڭ) ئىچىگە كىرىپلا ۋالسا، ئامېرىكا تېررىتورىيەسىگە كىرگەن ھېسابلىنىدىغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ۋاڭ لىجۈن كونسۇلخانىنىڭ ئۈچ ئەمەلدارى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باش كونسۇل، شۇنداقلا ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ۋە CIA نىڭ ئەمەلدارى پېتىر ھايموند (Peter M.Haymond)مۇ بار ئىدى. كۆرۈشۈشنىڭ بېشىدا، ۋاڭ لىجۈن ئۆزىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى ۋە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئامېرىكا دىپلوماتلىرى بىلەن مۇھىت ئاسىراش، مائارىپ ۋە پەن – تېخنىكا جەھەتلەردە مۇزاكىرىلەشكۈسى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئارىدىن بىر قانچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كونسۇلخانا خادىملىرىغا ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە كېلىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئاسىنى ئاشكارىلاپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ جىرىكلىكى ۋە قاتىللىقى ھەققىدە دەيدىغانلىرى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنى ئاشكارىلاشنى ۋە يېنىدا ئېلىپ كەلگەن بىر دۆۋە خىتايچە ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە (بۇنىڭ بەدىلىگە) سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھۆججەتلەرنى «سىياسىي بومبا» دەپ چۈشەندۈرىدۇ، دېمىسىمۇ بۇ ھۆججەتلەرنى ھەقىقەتەن شۇنداق دېيىشكە بولاتتى.

ۋاڭ لىجۈن ئاشكارىلىغان ئۇچۇرلار خىتايدىكى ئەڭ كۈچلۈك كوممۇنىست رەھبەرلەردىن بىرى بولغان بو شىلەينىڭ قولغا ئېلىنىشى ۋە تۈرمىگە تاشلىنىشىغا سەۋەب بولدى. بو شىلەي چوڭچىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولۇپ، قوللىغۇچىلىرى قوللىرىغا قىزىل بايراق كۆتۈرۈۋالىدىغان، ماۋ زېدوڭچە سىياسىي ھەرىكەت قوزغىغانىدى. ۋاڭ لىجۈن چوڭچىڭدىكى جىرىكلىككە دائىر مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاشتىن ئىلگىرى، بو شىلەي خىتاي سىيا-سىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت نامزاتلىقىغا تاللانغانىدى.

ۋاڭ لىجۈن ئۆزىنىڭ بو شىلەينىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارلىق ئورنىدىن پايدىلىنىپ نەچچە مىليارد دوللار قىممىتىدىكى ھۆكۈمەت فوندىنى ئوغرىلىغانلىق قىلمىشىدىن خەۋىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئامېرىكالىق خادىملارغا ئېنىق ئېيتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ۋاڭ لىجۈن بو شىلەينىڭ ئايالى گۇ كەيلەينىڭ ئەنگلىيەلىك تىجارەتچى نېيل ھېيۋۇد (Neil Heywood)نى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە بىۋاستە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ۋاڭ لىجۈننىڭ خىتايدىن يۈز ئۆرۈشنى تاللىشى پەۋقۇلئاددە ئىش ئىدى. چۈنكى، ئۇ تارىختىن بۇيان خىتايدىن يۈز ئۆرۈپ ئامېرىكاغا بېرىشنى خالىغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار ئىدى. ئۇ بىر چەتئەل ئەمەلدارىغا سىياسىي پاناھلىق بېرىشنىڭ بوسۇغىسىدىن ئۆتكەنىدى، يەنى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى ئېيتىشى ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى دەرھال تېلېگرامما ئارقىلىق ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىگە يوللانغانىدى. ۋاڭ لىجۈنگە جىددىيلەشمەسلىكى كېرەكلىكى ئېيتىلغان ۋە كونسۇلخانىنىڭ ئىچىدىكى ئۇخلىغىلى بولىدىغان بىر ئۆيدە تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان.

چوڭچىڭدا بولسا، بو شىلەينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى تېزلا ۋاڭ لىجۈننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭ چېڭدۇغا كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. بو شىلەيگە نىسبەتەن، ۋاڭ لىجۈننىڭ قېچىپ كېتىشى تولىمۇ قاباھەتلىك ئىش ئىدى، شۇنداقلا ئۇ كېلەچىكىنىڭ ۋاڭ لىجۈننىڭ ئاغزىنى يۇمدۇرۇشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ۋاڭ لىجۈننى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن، چېڭدۇغا يەتمىشتەك بىرونېۋىك ۋە ساقچى ماشىنىسى ئەۋەتتى. بۇلار چېڭدۇغا كەلگەندىن كېيىن، قوراللىق ساقچىلار ۋە بىرونېۋىكلار كونسۇلخانىنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈن كوچىنى قورشىۋالغان. بۇ خىل كۈچ كۆرسىتىشتىكى مەقسەت، ئامېرىكالىقلارغا

بۇ شىلەي ۋە ئۇنىڭ قورالىلىق قىسىملىرىنىڭ ۋاڭ لىجۇننى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن قوراللىق كۈچ ئىشلىتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. كونسۇلخانىدىن چىققان بىر ئامېرىكا دىپلوماتىنىڭ ماشىنىسى بۇ شىلەينىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئاختۇرۇلۇپ، «چەتئەل دىپلوماتلىرىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىق هوقۇقى»غا دەخلى قىلدى دېگەن ئېتىرازغا سەۋەب بولغان. قوراللىق قىسىمدىكىلەر ۋاڭ لىجۇننى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مۇهاسىرە چەمبىرىكىدىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ قاراپ، ماشىنىنى ئاختۇرغانىدى. هالبۇكى، ۋاڭ لىجۇن كونسۇلخانىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

ئوباما هۆكۈمىتى بۇ بولغۇسى يۇز ئۆرۈگۈچى (ۋاڭ لىجۇن)نى قوغداشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ سىياسىي پاناهلىق ئىلتىماسىنى رەت قىلىۋەتتى. ۋاڭ لى جۇننىڭ شى جىنپىڭ ئامېرىكاغا زىيارەتكە كېلىشتىن بىر قانچە كۈن بۇرۇن ئۆزلىرىدىن پاناهلىق تىلىشى پرېزىدېنت باراك ئوباما رەهبەرلىكىدىكى ئاقساراي ئەهلىنى ۋە مۇئاۋىن پرېزىدېنت جوۋ بايدېننى تەشۋىشكە سېلىپ قويغانىدى. هالبۇكى، شى جىنپىڭ ئەينى چاغدا خىتاينىڭ مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى ئىدى ۋە خۇ جىنتاۋنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، خىتاينىڭ ئالىي رەهبىرىگە ئايلىنىشى مۇمكىن، دەپ قارىلىۋاتاتتى.

ئامېرىكا هۆكۈمىتىدىكى ئىچكى مۇزاكىرىلەردىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، دۆلەت ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ۋاڭ لىجۇننىڭ پاناهلىق ئىلتىماسىنى رەت قىلىشىغا بايدېننىڭ ئىشخانىسى يېتەكچىلىك قىلغانىكەن. بۇ رەت قىلىش قىلمىشى 1980 – يىلىدىكى ئامېرىكا پاناهلىق تىلەش قانۇنىغا خىلاپ بولۇپ، مەزكۇر قانۇن ئەينى چاغدىكى دېموكراتىيە، كىشىلىك هوقۇق ۋە ئەمگەككە مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى مايكېل پوسنېر (Michael Posner) نىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. (ۋاڭ لىجۇننىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت) بۇ قاراردا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەهدىتكە ئۇچرىغان پاناهلىق تىلىگۈچىلەر هەققىدىكى كى-شىلىك هوقۇق كېلىشىمىمۇ كۆزمەسكە سېلىنغان.

ۋاڭ لىجۇننىڭ خىتايدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە ئالاقىدار ئاپپاراتلارئارا مۇزاكىرىلەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ «ۋاڭ لىجۇننىڭ كالىفورنىيەدە فېدېراتسىيە سوتچىسىنىڭ ئالدىغا كېلەلىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سىياسىي پاناهلىق بېرىلىشى ۋە خىتايدىن ئايرىلىشىغا ياردەم قىلىنىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندىكى تالاش – تارتىشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ۋەقە هەققىدە چېڭدۇدىكى كونسۇلخانىدىن دۆلەت ئىشلىرى مەهكىمىسىگە يوللانغان ئۈچ پارچە تېلېگراممىدا ۋاڭ لىجۇندىن «سىز بىخەتەرلىكىڭىزدىن ئەنسىرەمسىز؟» دەپ سورالغانلىقى، ۋاڭ لىجۇننىڭمۇ بۇ سوئالغا ئىككىلەنمەيلا «ئەلۋەتتە شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. ۋاڭ لىجۇن ئۆزىنىڭ هېيۇۋد هەققىدە بىلىدىغانلىرى سەۋەبلىك، بۇ شىلەينىڭ ئۆزىنى كۆزدىن يوقاتماقچى ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى. هالبۇكى، 2011 – يىلى 11 – ئايدا هېيۇۋدنىڭ ئۆلۈكى چوڭچىڭدىكى بىر مېهمانخانىدىن تېپىلغان ۋە بۇ قاتىللىققا ئالاقىدار يىپ ئۇچلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىلگەنىدى.

ۋاشىڭتوندىكى بەس – مۇنازىرىدە، پوسنېر ۋە شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن دۆلەت سېكرېتارى كۇرت كەمپبېل (Kurt Campbell)، شۇنداقلا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ خادىملىرى تېلېفون يىغىنى ئاچقان ۋە هەممەيلەن بىردەك پاناهلىق بېرىشنى توغرا تاپقان. لېكىن، ئاخىرىدا بايدېننىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى مەسلىهەتچىسى ئانتونى بلىنكېن (Anthony Blinken) ئۇۋستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ۋە ۋاڭ لىجۇنگە سىياسىي پاناهلىق بېرىلمەسلىكى كېرەك دېگەن. گەرچە بلىنكېن بىر باياناتچى ئارقىلىق بۇ ئىشنى توختىتىپ قويغانلىقنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا ئەمەلدارلارنىڭ ئېيتىشىچە، بلىنكېن ۋاڭ لىجۇن كونسۇلخانىدىن تېزراق چىقىرىۋېتىلمىسە، شى جىنپىڭنىڭ ئامېرىكاغا قىلىدىغان زىيارىتىدىن ياتلىشىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. شۇ قېتىملىق زىيارەتتە شى جىنپىڭنى بايدىن كۈتۈۋالاتتى.

پوسنىر ۋاڭ لىجۈننىڭ «چوڭچىڭدا تەشكىللىك جىنايى قىلمىشلارغا ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن زەربە بەرگەن قاتتىق قول ساقچى ئەمەلدارى»لىق ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان تەقدىردىمۇ، 1980 – يىلىدىكى (پاناھلىق بېرىش) قانۇننىڭ يەنىلا ئۇنىڭغا تەدبىقلىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

پاناھلىق ئىلتىماسى رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ۋاڭ لىجۈننىڭ كونسۇلخانىنى قورشىۋالغان بو شىلەينىڭ گۇماشتىلىرىغا ئەمەس، بەلكى بېيجىڭ دائىرىلىرىگە تەسلىم بولۇش ھەققىدە كېڭىشىشتىن باشقا تاللىشى قالمىغان. ئۇ ئوتتۇز سائەت يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، چوڭچىڭ شەھىرىنىڭ باشلىقى خۇاڭ چىفەن ۋە مۇئاۋىن دۆلەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرى چيۇ جىنغا تەسلىم بولغان. خۇاڭ چىفەن ۋە چيۇ جىن 2 – ئاينىڭ 7 – كۈنى كەچتە، ۋاڭ لىجۈن بىلەن كونسۇلخانىنىڭ ئىچىدە كۆرۈشكەن ۋە ۋاڭ لىجۈن شەھەر باشلىقى خۇاڭ چىفەن بىلەن «يارىشىپ قالغان». يېرىم كېچىدە، ۋاڭ لىجۈن بىلەن چيۇ جىن سودا ئايروپىلانىنىڭ ئالىي بۆلۈمچىسىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى سائەت  قىرىق مىنۇتلۇق بېيجىڭ سەپىرىگە ئاتلانغان. بىر ئىستىخبارات مەنبەسى ماڭا بو شىلەينىڭ ئىزچىل يەرلىك ھەربىي قىسىملارنى تىزگىنلەشكە ئۇرۇنۇپ كەلگەنلىكىنى ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا ئۆزىنىڭ شەخسىي كونتروللۇقىدا ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى كورپۇس ئەسكەر بارلىقى ھەققىدە ماختانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئارىسىدىكى قارا جەمئىيەت تۈسى ئالغان رايون خاراكتېرلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى پەۋقۇلئاددە خەۋەر ئىدى.

ۋاڭ لىجۈن ئامېرىكا تەرىپىدىن قاماق جازاسى ياكى ئۆلۈم تەھلىكىسىگە تاشلىۋېتىلدى. ئاقساراي دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ ئىشىغا بىۋاستە ئارىلىشىپ، نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى داۋاملىشىپ كەلگەن خىتاينى تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ۋاڭ لىجۈنى خىتاي بىخەتەرلىك دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى.

بولغۇسى يۈز ئۆرۈگۈچى ۋاڭ لىجۈننىڭ ۋەقەسى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى كىشىنى ھەممىدىن بەك چۆچۈتىدىغان ئىستىخبارات مەغلۇبىيەتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا «خىتاي ئامېرىكا ئۈچۈن تەھدىت ئەمەس، ھەم زىنھار تەھدىتكە ئايلانمايدۇ» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇۋالغان خىتايپەرەس سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ۋە ئىستىخبارات خادىملىرىنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشى ئىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ چىرىكلىكى، ھوقۇق مەركەزلىرى ھەققىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇچۇرغا ئىگە، تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور قىممەتكە ئىگە، بولغۇسى يۈز ئۆرۈگۈچى ۋاڭ لىجۈن ئەنە شۇ رەۋىشتە قولدىن كەتتى. ۋاڭ لىجۈن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسەن يېپىق ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئەڭ خۇپىيانە سىرلىرىدىن خەۋەردار، ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئامېرىكا جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرىنى ئالتۇن ئىستىخبارات كېنى بىلەن تەمىنلىگەن بولاتتى.

ئۇشبۇ سابىق شەھەر باشلىقى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىدىكى ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ سىياسىي پاناھلىق تىلەيدىغانلىقى ۋە ئامېرىكا ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ خىتايدىن ئايرىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر باياناتقا ئىمزا قويغانىدى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى «چوڭچىڭ شەھىرىدە ساقچى باشلىقى بولغان مەزگىلدە، تەشكىللىك جىنايەت گۇماندارلىرىنى سوراق قىلغاندا، ئۇلارنى قىيىن – قىستاققا ئالغان» دېگەن توقۇلمىغا ئاساسەن رەت قىلىندى.

ئامېرىكانىڭ ۋاڭ لىجۈنگە ئاسىيلىق قىلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەب شۇ چاغدىكى دۆلەت سېكرېتارى ھىلارى كىلىنتوننىڭ «مۇشكۈل تالللاشلار» دېگەن كىتابىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھىلارى كىتابىدا ئامېرىكانىڭ داڭلىق يۈز ئۆرۈگۈچىلەرگە سىياسىي پاناھلىق بېرىش ئەنئەنىسى ھەققىدە توختىلىپ، بۇنىڭغا ئېپىسكوپ جوزسېف مايندزېنتى (Jozsef Mindszenty) نىڭ كوممۇنىستلارنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ ئامېرىكانىڭ بۇداپېشتتىكى ئەلچىخانىسىدا 15 يىل تۇرغانلىقىنى، ھەتتا 1989 – يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى دېموكراتىك نامايىش باستۇرۇلغان مەزگىللەردە،

ئامېرىكانىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ فاڭ لىجى ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا پاناھلىق بەرگەنلىكىنى مىسال قىلغان.

ھالبۇكى، ھىلارى «ۋاڭ لىجۈن بىلەن بو شىلەي ئىنتايىن چوڭ چىرىكلىك ۋە پارىخورلۇق تورىنىڭ ئەزالىرى ئىدى» دېيىش ئارقىلىق ۋاڭ لىجۈنگە ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى ئاقلىغان. لېكىن، ئۇ يەنە ۋاڭ لىجۈننىڭ (خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلمىگەن تەقدىردە) CIA نى ئاجايىپ ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان. چۈنكى، ۋاڭ لىجۈن خىتاي رەھبىرى خۇ جىنتاۋنىڭ تېلېفونىنى ئوغرىلىقچە تىڭشىيالايتتى. ھىلارى كىتابىدا يالغانچىلىق بىلەن «بىز ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ قانچىلىك ھەيران قالارلىق ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدۇق، بىز بۇ ئىش ھەققىدە ھېچنەرسە دېمەسلىك ھەققىدە بىرلىككە كەلدۇق، خىتايلارمۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدىن مەمنۇن بولدى» دەپ يازىدۇ (1).

ئەنە شۇ رەۋىشتە، ئامېرىكا دۆلەت سېكرېتارى خىتايدىكى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ بۆلۈنمىچىلىكى ۋە چىرىكلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بو شىلەينىڭ سەتچىلىكىنى يېپىشقا ياردەملەشتى ۋە سوغۇق ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئەڭ قىممەتلىك ئىستىخبارات مەنبەلىرىنىڭ بىرىدىن ۋاز كەچتى.

خىتاينىڭ «ئامېرىكا چوقۇم يوقىتىلىشى كېرەك بولغان ئاساسلىق دۈشمەندۇر» دەپ ۋالاقلاشلىرىغا قارىماستىن، «خىتاي (ئامېرىكاغا) تەھدىت شەكىللەندۈرمەيدۇ» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشتىن شەكىللەنگەن يېتەكچى ئورۇندىكى خىتايپەرەس سىياسەتلەردە «ئامېرىكا خىتاينىڭ كۈچىيىشىنى ۋە كۈچىيىۋاتقان بۇ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ» دېگەن گەپ تەكىتلىنىپ كەلدى. ئوباما ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە، ئامېرىكانىڭ دۈشمەنلىرىنى تىنچلاندۇرۇش ئامېرىكانىڭ ئەڭ مۇھىم چەتئەل سىياسىتى دەپ قارالدى.

ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، شۇنداقلا ۋاڭ لىجۈنگە سىياسىي پاناھلىق بېرىش ئارقىلىق بىر مەيدان ئىستىخبارات سىياسىي ئۆزگىرىشنى روياپقا چىقىرىش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويدى ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە، قانداق قىلغاندا بېيجىڭ بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇردى.

كەمىنە ھاماقەتلەرچە سۇغا چىلاشتۇرۇلغان يۇز ئۆرۈش ۋەقەسىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە، ئاۋام پالاتاسىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىتېتى ۋاڭ لىجۈننىڭ ۋەقەسىنى تەكشۈردى ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى شۇ ۋەقەگە چېتىشلىق بارلىق تېلېگراممىا ۋە ئېلىخەتلەرنى تەلەپ قىلدى. شۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش مەزكۇر كومىتېتنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى، كۇبا نەسىللىك ئايال رەئىسى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن ئىلىنا روس لېھتىنېن (Ileana Ros -lehtinen) تەرىپىدىن باشلىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئوباما ھۆكۈمىتىنى ۋاڭ لىجۈننىڭ يۈز ئۆرۈش ئىشىنى جايىدا بىر تەرەپ قىلالمىدى دەپ قارايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. روس لېھتىنېن ماڭا «ھۆكۈمەتنىڭ بىر سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىگە، شۇنداقلا زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىستىخبارات مەنبەسىگە پاناھلىق بەرمىگەنلىكى تېزدىن جاۋاب بېرىلىشى كېرەك بولغان بىر يۈرۈش جىددىي سوئاللارغا سەۋەب بولىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، مەزكۇر كومىتېت ۋە روس لېھتىنېن كېيىن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋالدى ۋە ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاڭ لىجۈنگە ياردەم قىلمىغانلىق مەسئۇلىيىتىنىمۇ سۈرۈشتۈرمىدى. شۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنى قوللىغانلاردىن بىرى بولغان، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىن فىرانك ۋولف (Frank Wolf) ماڭا ئوباما ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللىك يۈز ئۆرۈگۈچىلەر ۋە ئامېرىكادىن ياردەم كۈتكەن باشقا كىشىلەرگە ياردەم قىلىش جەھەتتىكى تارىخىنىڭ تولىمۇ لاياقەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە ۋاڭ لىجۈننىڭ ئىشىنىڭ ناباب بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ھەققىدە «مەن بۇ ئىشتىن ھەيران قالمىدىم. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ يۈز ئۆرۈگۈچىلەرگە ئېھتىياجى يوق، (چۈنكى) ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن سۈركىلىشكە سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلغۇسى يوق» دېگەنىدى.

ئەگەر ۋاڭ لىجۈننىڭ خىتايدىن يۈز ئۆرۈشى ئۇتۇق-لۇق بولغان بولسا، بۇ ئامېرىكانى ئەسلىدىنلا زىددى-

يەتكە تولغان خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىك قاتلىمىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ پارچىلاش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان پۇرسەت بولۇپ قالغان بولاتتى ۋە كەلگۈسىدە خىتايدا ھەقىقىي دېموكراتىك ئىسلاھاتقا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ۋاڭ لىجۈن ئامېرىكاغا ئامان – ئېسەن كېلىۋالالىغان بولسا، ئامېرىكا ئىستىخبارات تارماقلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە ئەدەپ كەتكەن چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تېخىمۇ بەك يورۇتۇپ، خەلقنىڭ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتكە بولغان قوللىشىنى تۆۋەنلىتەلىگەن بولاتتى. خۇ جىنتاۋ – شى جىنپىڭ گۇرۇھىدىكىلەر ۋاڭ لىجۈن ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، بو شىلەينىڭ سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىدىن ئورۇن ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بو شىلەينى تۈرمىگە سولىدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىر نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەزاسى مالىيە ۋاقىت گېزىتىگە «ئەگەر ۋاڭ لىجۈن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا قېچىپ بېرىپ، ھېيۋۇدىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئاشكارىلىمىغان بولسا، بو شىلەي ئاللىقاچان سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا كىرىپ بولغان ۋە چېقىلغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ئۇنى ھىتلېر تىپىدىكى ئادەم دەپ قارايدىغان كۆشەندىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش بولاتتى» دېگەنىدى (2).

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى شۇ قېتىملىق يۈز ئۆرۈش ھەققىدە جامائەتچىلىكنى ئالدىدى، يەنى شۇ ئىشتىن نەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مەزكۇر ئورگاننىڭ خادىملىرى نامسىز ھالەتتە نيۇيورك ۋاقىت گېزىتىگە ئۇچۇر بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋاڭ لىجۈننىڭ رەسمىي سىياسىي پاناھلىق تىلەش ئىلتىماسىنى «ئالدىن تونۇپ قېلىش»قا قادىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەزكۇر خادىملار يەنە ۋاڭ لىجۈننى بو شىلەينىڭ قوراللىق قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك ئارقىلىق ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى دەۋا قىلىشتى. «ئۇ تاشلىۋېتىلگىنى يوق» دېگەنىدى دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى.

لېكىن، شۇ ۋەقە بولغان چاغدا، بىر نەپەر ئامېرىكا ئەمەلدارى ماڭا «ۋاڭ لىجۈن خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ھوقۇق كۈرىشى، شۇنداقلا جوۋ يوڭكاڭ ۋە بو شىلەي قاتارلىق قاتتىق قوللارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ تىنچ ھالەتتە تەختكە چىقىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۇرۇنۇشلىرى ھەققىدە بىباھا ئۇچۇرلارغا ئىگە ئىدى. ئەمما، بىز ئەمدى ئالدىمىزدىكى ھەپتە شى جىنپىڭ ئامېرىكاغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، خىتاينىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز قالدۇق» دېگەنىدى.

ۋاڭ لىجۈن ئامېرىكا ئەلچىخانىسىغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر پارچە ئۇچۇق خەت يېزىپ قويغان بولۇپ، خەتتە «ھەرقايسىڭلار بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقاندا، مەن ئاللىقاچان ھاياتىمدىن ياكى ئەركىنلىكىمدىن ئايرىلغان بولۇشۇم مۇمكىن» دېگەنىدى. خەتتە يەنە بو شىلەي چوڭچىڭدىكى «ئەڭ چوڭ قارا جەمئىيەت كاتتىبېشى، ھوقۇق كۈرىشىدە تولىمۇ شەپقەتسىز ئادەم» دەپ سۈپەتلەنگەنىدى.

خەتتە يەنە «پارتىيەدىكى ئەڭ چوڭ مۇناپىق بو شىلەينىڭ ۋەزىپىدە ئولتۇرۇۋېرىشىنى كۆرگۈم يوق. بۇنداق رەزىل ئەمەلدار دۆلىتىمىزنى باشقۇرسا، بۇ دۆلەت ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېيىلگەنىدى (3).

ۋاڭ لىجۈننىڭ يۈز ئۆرۈشى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچىدىكى زور ئىختىلاپنى ئاشكارىلىغىنىدەك، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئامېرىكا ئىستىخبارات تارماقلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خىتاي ھوقۇقدارلارنىڭ گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشى ۋە كېلەچىكى ھەققىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىختىلاپىنىمۇ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

(بۇ ۋەقە ئارقىلىق) ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان، «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئۆكتىچى گۇرۇھ يوق» دەيدىغان ناباب ۋە ئازدۇرغۇچى مۆلچەرنىڭ خاتالىقى تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاندى. بو شىلەينىڭ قولغا ئېلىنىشى ئۇلارنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. خىتايدىكى ھوقۇق گۇرۇھلىرىغا ئالاقىدار خەۋەرلەر ئون نەچچە يىلدىن بۇيان «خىتاي ھاكىمىيىتى ئىنتايىن ئۇيۇشقاق، تاق

قۇتۇپلۇق ھوقۇق قۇرۇلمىسىغا ئىگە» دېگەن پەرىزنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىمىغان تەھلىلچىلەر ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك، نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ياكى سەل قارالغانىدى.

بۇ خىل ئويچە تەپەككۇر تەرغىباتچىلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى پاۋل ھېر (Paul Heer)دۇر. ئۇ كەسپىي ئىستىخبارات تەھلىلچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتىگەن مۇھىم ۋەزىپىسى – شەرقىي ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل دۆلەت ئىستىخبارات ئەمەلدارلىقى ئىدى، يەنى ئۇ دۆلەتلىك ئىستىخبارات مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستىخبارات تەھلىلچىسى ئىدى. ھېر ئىستىخبارات ساھەسىدىكى ئۇزۇن يىللىق كەسپىي ھاياتىدا، بېيجىڭدىكى كوممۇنىستىك رېجىمغا قارىتا مۆتىدىل قوللىغۇچى ئىكەنلىكى بىلەن تونۇلغانىدى. ھېر «خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ھەرقانداق سۈركىلىشنىڭ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ خۇ جىنتاۋدىن ھوقۇقنى تاپشۇرۇۋېلىشى تىنچ تاماملىنىدۇ» دەپ قارايتتى. لېكىن، بو شىلەي سەتچىلىكى ئەھۋالىنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بو شىلەينىڭ ئەڭ كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا خىتاينىڭ يەتتە كىشىلىك سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان جوۋ يوڭكاڭمۇ شۇ قېتىملىق ھوقۇق كۈرىشىدە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانىدى.

ھېر ۋە جورجى W بۇش دەۋرىدىكى ئاقساراي دۆلەت بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ ئاسىيا ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى دېنىس ۋىلدېر (Dennis Wilder)غا ئوخشاش باشقا تەھلىلچىلەرنىڭ خىتايپەرەس كۆز قاراشلىرى «خىتاينىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەقىقەتەن ئىختىلاپ مەۋجۇت، شۇنداقلا خىتايدا سىياسىي ئىسلاھات قوزغاش ئۈچۈن بۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك» دەيدىغان باشقا بىر تۈركۈم خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى تەرىپىدىن تەنقىدلىنىپ كەلگەنىدى.

خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى دۆلەتنى مۇقىمسىزلاشتۇرغۇچى ھوقۇق كۈرىشىنىڭ خەتىرى ھەققىدە ئىزچىل ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ كەلگەن خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق سىياسەت بەلگىلىگۈچىسى (ژۇرنىلىمىزنىڭ دەسلەپكى يەتتە سانىغا ئۇلاپ بېسىلغان «يۈز يىللىق مارافون» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى) مايكېل پىلىزبېرى (Michael pillsbury) دۇر. پىلىزبېرى ئۆزىنىڭ 2000 – يىلى نەشردىن چىققان، «خىتاينىڭ كەلگۈسى بىخەتەرلىك مۇھىتى ھەققىدىكى مۇنازىرىسى» دېگەن كىتابىدا «خىتايدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلار ئاشكارا سورۇنلاردا كەمدىن كەم ئىختىلاپ قىلىشىدۇ، لېكىن بۇ گۇرۇھلارنىڭ ئىختىلاپى ئاساسلىقى «ئەنئەنىۋى» كوممۇنىستلار بىلەن «ئىسلاھاتچى» كوممۇنىستلار ئارىسىدىكى تالاش – تارتىشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن، خىتايدىكى قاتتىق قوللار ئامېرىكانى ساقلىنىپ قالغىلى بولمايدىغان چېكىنىش يولىدا كېتىۋاتىدۇ دەپ قارايدۇ، خىتاي ئىسلاھاتچىلار بولسا ئامېرىكا مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان كېلەچەكتە يەنىلا بىردىنبىر دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك ئورنىنى ساقلاپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ» دېگەنىدى.

ھېر 2000 – يىلى «چەتئەل ئىشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان، «بىرلەشكەن ئۆي» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدە ئۆز كۆز قارىشىنى ئىزاھلاپ، بېيجىڭنىڭ ۋاشىڭتونغا تۇتقان مەيدانىنى خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى گۇرۇھلارنىڭ بەس – مۇنازىرىسىنىڭ مەھسۇلى دېيىش «كىشىلەرنى ئازدۇرغانلىق، ھەتتا تولىمۇ خەتەرلىكتۇر» دېگەنىدى. ھېر «خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىدا غەربكە مايىل ئىسلاھاتچىلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش بەھۇدە ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنكى مۆلچەرىمچە، بارلىق خىتاي رەھبەرلىرى ھەم دېڭ شياۋپىڭ تىپىدىكى ئىسلاھاتچى، شۇنداقلا جاھىل كوممۇنىستلىقى سەۋەبلىك ئۆز نۇۋۇتىدە يەنە قاتتىق قولدۇر» دېگەنىدى.

ھېر ئامېرىكانىڭ خىتايغا قانداق سىياسەت قوللىنىشى كېرەكلىكى ھەققىدە، تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىدىن ھېچ پەرقى يوق، «رېئالىستىك» بىر چارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە (4):

«ئۇشبۇ رېئالستلىك چارە بەدەل ۋە خەۋپنى تەقەززا قىلىدۇ. گەرچە ئامېرىكا زوراۋان تېپىلغاندا خىتايغا قوپال مۇئامىلە قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما مۇۋاپىق پەيتتە ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ قويۇشىمۇ ھەم زۆرۈردۇر. شۇنىڭدەك، ۋاشىنگتون ئۆزىنىڭ جانىجان دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىجارەت ۋە كىشىلىك ھوقۇققا ئوخشاش مەنپەئەتى نىسبەتەن تۆۋەن ساھەلەردە خىتايغا يول قويۇشقا تەييارلىنىشى كېرەك. بىخەتەرلىك ساھەسىدە، ئامېرىكا چوقۇم «خىتاينىڭ ھەربىي جەھەتتە زامانىۋىلىشىشى چوقۇم ئامېرىكاغا ھۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئامېرىكانىڭ تەيۋەندىكى جانىجان مەنپەئەتى زور خەتەر ئىچىدىدۇر» دەيدىغان كۆز قاراشنى چۆرۈپ تاشلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئەھۋال بۇنداق ئەمەس، شۇڭا ۋاشىنگتون ئارال (تەيۋەن)غا بېرىدىغان ياردەمگە، بولۇپمۇ قورال – ياراغ سېتىشقا چەك قويۇشى كېرەك. دەرۋەقە، ئەگەر ئامېرىكا خىتاينىڭ تەيۋەندىكى مەنپەئەتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكانىڭكى بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتسە ۋە ئېتىراپ قىلسا، تەيۋەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئاسانغا توختايدۇ».

ھېرنىڭ بۇ تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى خەتەرلىك، ھەتتا ئۆرۈش پارتلىشىغا سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىر ئامېرىكا ئەمەلدارى ماڭا خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئىختىلاپنىڭ يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتۈشى ئامېرىكا ئۈچۈن يامانلىقنىڭ بېشارىتىدۇر، دېگەنىدى. «مۆلچەرىمىزدىكى خاتالىق پەرقى پەۋقۇلئاددە زور» دېگەنىدى ئۇ. بۇنىڭغا خىتايدىكى قاتتىق قوللارنىڭ ئامېرىكانى ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن دەپ قارايدىغانلىقى قوشۇلسا، «دېمەك بىز ئاۋارىچىلىققا يولۇقتۇق».

جورجى w بۇش ۋە باراك ئوباما دەۋرىدىكى خىتايغا مايىل سىياسەتلەر تۈپەيلى شەكىللەنگەن ماداراچى سىياسەت ئۆرنىكى ۋاڭ لىجۈن يۈز ئۆرۈگەن تەقدىردە تەمىنلىشى مۇمكىن بولغان ئۈچۈرلار ئارقىلىق خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئىچيۈزىنى كۆرۈپ يېتىش پۇرسىتىنىڭ قولدىن كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. ئوبامانىڭ «زور خەۋپلىك جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇنا- سىۋىتىنى بۇزۇپ قويىدۇ» دېگەن ئەندىشە سەۋەبلىك خىتايدىكى ئىستىخبارات توپلاش پائالىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇشى سەۋەبلىك، ئامېرىكانىڭ خىتاي ھەققىدىكى ئىستىخبارات كورلۇقى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. شۇنداقلا، ئالدىمىزدىمۇ مۇھاكىمە قىلىنىدىغىنىدەك، **2010** – يىلى، **CIA** نىڭ يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان يىگىرمىدىن كۆپ جاسۇسى ۋە ئۈچۈر مەنبەسى ــ بۇ مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ جاسۇسلۇق تورىنىڭ يادروسىدۇر – قولغا ئېلىندى. بۇ **CIA** نىڭ ئەڭ مۇھىم ئىستىخبارات نىشانلىرىدىن بىرى (خىتاي) ھەققىدىكى ئىستىخبارات توپلاش ئىقتىدارىغا بېرىلگەن ئىنتايىن ئېغىر زەربە ئىدى.

بو شىلەي ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھى بېيجىڭدىكى قاتمال رەھبەرلەرنىڭ قەلبىگە ھېلىھەم قورقۇنچ سېلىۋاتقان يېڭىچە كوممۇنىزمچى – ئومۇمچى **(Populist)** ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلغانىدى. مەسىلەن، سابىق سىياسىي بيۇرو ئەزاسى، خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى ۋاڭ چىشەن **2017** – يىلى پرېزىدېنت دونالد ترامپنىڭ سابىق باش ئىستراتېگىيەچىسى ستىۋ بانون **(Steve Bannon)** بىلەن كۆرۈشكەندە، بانوندىن مىللەتچىلىك ۋە ئومۇمچىلىق ھەققىدە ئۈچ سائەت توختىماي سوئال سورىغان. شەكسىزكى، ئۇ خىتايدىكى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان مىللەتچىلىك خاھىشىنىڭ **2016** - يىلى دونالد ترامپنىڭ تەختكە چىقىشىغا تۈرتكە بولغان پۇقراچىلىق دولقۇنىدىن كۈچ ئېلىپ، خىتايدىمۇ پۇقراچىلىق دولقۇنىنىڭ ئەۋج ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بو شىلەي ۋەقەسى سەۋەبلىك ئاشكارىلانغان خىتاي رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى گۇرۇھۋازلىقلاردىن بىخەۋەر قېلىشى، ئۇلارنىڭ خىتاي ھەققىدىكى تۇنجى قېتىملىق مەغلۇبىيىتى ئەمەس. **2008** – يىلىدىكى «مەغلۇبىيەت زاۋۇتى» دېگەن كىتابىمدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمدەك، خىتايغا ئالاقىدار ئىستىخبارات خىزمەتلىرى شۇ قەدەر ناچار ئىشلەنگەنكى، سىرتتىكى ھۆددىگەر شىركەت تەرىپىدىن تەييارلانغان مەلۇم بىر دوكلاتتا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى خىتاينىڭ بىر يۈرۈش ھەربىي تەرەققىياتلىرىدىن بىخەۋەر قالغان. بۇ يەردە دېيىلگەن دوكلات «سېنترا تېخنولوگىيەسى» **(Centra**

(**Technologies**) دەيدىغان بىر شىركەت تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، **2005** – يىلى ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلغاندىن تارتىپ مەخپىي ھۆججەت قاتارىدا ساقلانماقتا. مەزكۇر دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكا ئىستىخبارات تەھلىلچىلىرى **1990** – يىللاردىن **2000** – يىللارنىڭ بېشىغىچە بولغان ئون يىلچە ۋاقىتتا، خىتاينىڭ ئوندىن كۆپرەك ھەربىي تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر قالغان. ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى بىخەۋەر قالغان، شۇنداقلا كېيىن ئۇلارنى ھاڭ – تاڭ قالدۇرغان بۇ ھەربىي سىستېمىلار يېڭى تىپتىكى ئوتتۇرا مۇساپىلىك چارلىغۇچى سىنارەد؛ ئامېرىكانىڭ ئېجىس (**Aegis**) ئۇرۇش سىستېمىسىنىڭ – مەزكۇر تېخنىكىنى ئوغرىلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان – خىتايچە نۇسخىسى؛ سۇرىتى ئىنتېرنېتتا پەيدا بولغانغا قەدەر، ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىگە بىلىنمىگەن «يۇەن دەرىجىلىك» سۇ ئاستى پاراخوتى؛ يېڭى تىپتىكى يەر – ھاۋا باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە توغرىلىق نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان يادرو ئوقبېشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇكسەك توغرىلىقتا يېتەكلىنىدىغان قورال – ياراغلار؛ ئامېرىكانىڭ دېڭىز – ئوكياندىكى ئۇرۇش پاراخوتلىرى ۋە ئاۋىياماتكىلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، پاراخوتقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە رۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان ئىلغار قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ دوكلات ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىنى خىتاينى تېگىشلىك رەۋىشتە نازارەت قىلالمىغانلىق مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەييارلانغاندەك قىلىدۇ. مەزكۇر شىركەتنىڭ دوكلاتىدىن ئىلگىرى، ھېچكىم ئۇلارنى خىتاينىڭ مۇھىم ھەربىي تەرەققىياتلىرىدىن، شۇنداقلا بۇ تىرىشچانلىقلارنىڭ يالغۇز تەيۋەننى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكا بىلەن قىلىنىدىغان كەلگۈسى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر قالغانلىقى سەۋەبلىك سوراققا تارتىشقا ئۇرۇنۇپ باقمىغانىدى. بۇ دوكلاتنى ئوقۇغان بىر ئىستىخبارات خادىمى ماڭا «مەزكۇر دوكلاتتا ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسى-دىكى خىتاينى تەھدىت دەپ قارايدىغان ئۆكتىچى تەھلىلچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرى تىلغا ئېلىنمىغان» دېگەنىدى.

مەزكۇر دوكلاتنىڭ ھوسۇلى – ھاماقەت ئامېرىكا ھۆكۈمەتتى رەھبەرلىرى ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنىڭ ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى خىتاي ھەققىدىكى ئويچە تەپەككۇرىنى ئاشكارىلىغانلىقىدۇر.

سېنترا شىركىتىنىڭ دوكلاتىدا ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاشكارىلىنىشتىن بەش يىل ئىلگىرى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى **CIA** غا خىتايغا ئالاقىدار خىزمەتلىرىگە قايتىدىن قاراپ چىقىش ھەققىدە بېسىم ئىشلەتكەنىدى. سابىق ئارمىيە گېنېرالى جون تىلېلى (**John Tilelli**) باشچىلىقىدىكى بىر كومىتېت تەھلىلچىلەرنىڭ «سىستېمىلىق بىر تەرەپلىمىلىك» تۇپەيلى خىتاينىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرىنىڭ ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنىڭ تەھدىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققانىدى. مەزكۇر كومىتېتقا سىرتتىن قاتناشقان بىر مۇتەخەسسىس ماڭا ئاخىرقى دوكلاتتا **CIA** نىڭ خىتاي ھەققىدىكى ئىستىخباراتلارنى سىياسىيلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ (يەنى ئاتالمىش ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاش ئۈچۈن، خىتاينىڭ خەتەرلىك ئىش – پائالىيەتلىرىنى كۆرمەسكە سالغانلىقىنىڭ، ت) ئاشكارىلانغانلىقىنى ۋە «**CIA** نىڭ بۇنىڭدىن تولىمۇ غەزەپلىنىپ، بىر پارچە رەددىيەنامە تەييارلىغانلىقى»نى ئېيتقانىدى. بۇنىڭدىن سىرت، بۇ خەۋەر جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىنىپ كەتسە، **CIA** نىڭ ئوسال ئەھۋالدا قالىدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، بۇ ھەقتىكى دوكلات ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە مەخپىي ھۆججەت قىلىۋېتىلگەنىدى.

ئارقىمۇئارقا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئامېرىكا پرېزىدېنتلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەھدىتىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىماسلىقى خىتاينىڭ ئامېرىكا بىخەتەرلىكىگە كەلتۈرىدىغان تەھدىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. شۇنداقلا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىق شۇكى، خىتاي

تەھدىتى كۆچەيگەنسېرى، ئامېرىكانىڭ بۇ خىل تەھدىتنى يوشۇرۇش سالمىقىمۇ شۇنچە كۆچەيگەن. ئامېرىكا سەرخىللىرى ئارىسىدىكى خىتايشۇناسلار خىتاي تەھدىتىنىنىڭ ماھىيىتىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى، سىياستىنى، شۇنداقلا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاكتىكىسىنى ۋە ھەقىقىي ماھىيىتىنى، غەرىزىنى ئېغىر دەرىجىدە خاتا چۈشىنىۋالغانلىق سەۋەبلىك، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ئىستراتېگىيەلىك ۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلدى. نەتىجىدە، ئامېرىكاغا ئۇنىڭ خىتايغا قارىتا ھالاكەتلىك، ناباب سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشىغا سەۋەبچى بولغان يالغان نەزەرىيە ۋە تەھلىللەر تەمىنلەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىستراتېگىيەلىك غەپلەتتە قالدى – دە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا يولغا قويۇۋاتقان سىياسىي پروگراممىلارنى توسۇۋېلىش ئۈچۈن، دەل ۋاقتىدا يېڭى سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئاجىز كەلدى.

پرېزدېنت رونالد رېگان ھۆكۈمىتىدىكى سابىق سىياسەت بەلگىلىگۈچى كونستانتىن مېنگېس (Constantine Menges) ئىلگىرى «خىتاي دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تىزگىنىنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن مەخپىي ئىستراتېگىيەنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى. مېنگېسنىڭ ئېيتىشىنىدەك، جۇمھۇرىيەتچى ۋە دېموكرات ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىتايغا قاراتقان سىياستى ئوخشاشلا خام – خىياللار پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى. بۇ جەھەتتە، خىتاي رورشاك سىياھ دېغىغا (رورشاك سىنىقى – سىياھ دېغى نۇسخىلىرىغا قاراپ، كىشىنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىدىغان تەجرىبىنىڭ ئىسمى، ت) ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئامېرىكا مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ۋە خۇسۇسىي ئاكادېمىكلار شۇ سىياھ داغلىرىغا قاراپلا، ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئىدىيەلىرىنى ۋە سىياسىي ئاغمىچىلىقلىرىنى بازارغا سالغانىدى. نەچچە ئون يىلدىن بېرى، ھەتتا ماۋ زېدوڭ دەۋرىدىكى زور قىرغىنچىلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن دەۋرىمۇ، خىتاي تەرەققىيپەرۋەر، ئەڭ قەدىرلىك دۆلەت دەپ قارىلىپ كەلدى. خىتايدا ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، «ئىقتىساد ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» نەزەرىيەچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداش چوڭ شىركەتلىرى خىتاينى بىر مىلياردىن كۆپرەك ئىستېمالچىسى بار، پۈتمەس – تۈگمەس پايدا بېرىدىغان، ھەممە ئىنتىلىدىغان، گۈللىنىۋاتقان بازار دەپ قاراشتى. تاكى دونالد ترامپ ئوتتۇرىغا چىققانغا قەدەر، بۇ ئىككىلا كۆز قاراش خىتايغا قارىتىلغان تىنچلاندۇرۇش سىياستى ھەققىدىكى بەس – مۇنازىرىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەنىدى. مېنگېس ئۆزىنىڭ 2005 – يىلىدىكى «خىتاي: جۇغلىنىۋاتقان تەھدىت» دېگەن كىتابىدا تولىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن «خىتاينى ھەمكارلىقسۆيەر ۋە تىنچلىقپەرۋەر كۈچ دەپ ئويلىۋالغانغىلا، خىتاي ئۇنداق بولۇپ قالمىدى، كەلگۈسىدە ھەم ئۇنداق بولۇپ قالمايدۇ» دېگەنىدى.

1978 – يىلى باشلانغان ئىسلاھات – ئېچىۋېتىش-تىن كېيىنكى قىرىق يىلدا، ئارقا – ئارقىدىن ھۆكۈمەتتىكى سىياسىي ۋەزىپىلەرگە، ئىستىخبارات ئورگانلىرىغا خىزمەتكە قويۇلغان، كۆلىمى نىسبەتەن كىچىك ۋە ئۆزئارا ئالاقىسى زىچ بولغان خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، شۇنداقلا ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ۋە ئاقىللار ئامبىرىدىن تاللانغان خادىملارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر چەتئەل ۋە بىخەتەرلىك سىياستى مەغلۇبىيەتلىرىدىن بىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ قىرىق يىل مابەينىدە خىتايغا بولغان ئاساسسىز ئۈمىدۋارلىق خىتايغا قارىتا ئۇزۇل – كېسىل مەغلۇبىيەتلىك سىياسەت يۈرگۈزۈشمىزگە سەۋەب بولدى. شۇنداقلا بۇ سىياسەتنىڭ تەسىرىدە، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن 1930 – يىللارغا قىياسلانغان خەتەرلىك بىر دەۋر ۋۇجۇدقا چىقتى. ھالبۇكى، 1930 – يىللىرىدا بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان دىپلوماتلار ۋە سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر ئامېرىكا قوشۇنلىرىنى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ياپون ئېمپىرىيالىستلىرىنىڭ تەھدىتىگە تەييارلىق قىلىشتىن توسۇپ قويغان، ھەتتا ياپونىيە دۈشمەن تەرەپ دەپ قارىلىدىغان ئۈستەل جەڭ ئويۇنى ئويناشنىمۇ چەكلىگەنىدى. ھاكىمىيەت بېشىدىكى سەرخىللار ئۇنداق قىلىش يوق يەردىن ياپونىيە

تەھدىتى پەيدا قىلىپ قويىدۇ، دەپ تۇرۇۋالغانىدى. شۇنىڭدەك، بېيجىڭپەرەسلەر خىتاينى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر قارانچۇق بەس – مۇنازىرىسىنى ئىجاد قىلىپ چىقتى. نەتىجىدە بۇ بېيجىڭغا قارىتا، تيەنئەنمېن مەيدانىدا قولىدا قورال يوق، دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى قىرغىن قىلىشتىن تارتىپ، خىتاينىڭ ئامېرىكا قورال – ياراغ ئامبىرىدىكى ھەربىر يادرو قورالى ھەققىدىكى ئامېرىكا مەخپىيەتلىكلىرىنى ئوغرىلاش ۋە يادرو ئوقبېشى لايىھەسى مەخپىيەتلىكىنى پاكىستانغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق، بۇ مەخپىيەتلىكنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشىنى تېزلىتىش جەھەتتىكى رولىغىچە بولغان بارلىق قانۇنسىز قىلمىش – ئەتمىشلىرىنى تىلغا ئېلىشتىن ساقلىنىدىغان بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا سەۋەب بولدى.

نۆۋەتتە، يەنى دۇنيا 21 – ئەسىردىن ئۆتۈۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، ئامېرىكا خىتاي ھەققىدىكى خاتا مۆلچەرى سەۋەبلىك، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان يېڭى (ئۈچىنچى) دۇنيا ئۇرۇشى خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. چۈنكى، خىتاي ھەربىي، دېپلوماتىك، ئىقتىسادىي كۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۆزىنىڭ تەبىرىدىكى «ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى»نى شەپە چىقارماي، سىستېمىلىق زورايتىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، خىتاي رەھبەرلىرى ئامېرىكا سىقىپ چىقىرىلغان، دېموكراتىيەگە قارشى، سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك يېڭى دۇنيا تەرتىپى ئورنىتىش ئۈچۈن بۇ خىل كۈچنى ھازىرلاش زۆرۈر دەپ قارايدۇ. ئالدىمىزدىمۇ مۇھاكىمە قىلىنىدىغىنىدەك، خىتاي بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەقلىي مۈلۈكلىرىنىڭ جەۋھىرىگە ئېرىشتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەربىي ھەم سودا ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە ئىشلەتتى.

ھۆكۈمەتنىڭ ئىچى – تېشىدىكى بېيجىڭغا مايىل كىشىلەر خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان، ئۇنى يادرو قورالغا ئىگە ھاكىممۇتلەق دۆلەت ئەمەس، ئادەتتىكى بىر دۆلەت دەپ قارايدىغان، قاتمال كۆز قاراش ئارقىلىق ئەتەي خىتايغا يېقىنچىلىق قىلغان سىياسىي جىنايەتلەرگە ھەمشېرىكتۇر. خىتايغا بولغان بۇ ئاساسسىز، قاباھەتلىك ئۈمىد-ۋارلىقنىڭ قايسى دەرىجىگە بارغانلىقى ھامان بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ.

2015 – يىلى، ئامېرىكانىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى-گە دېگۈدەك تىنچلاندۇرۇش سىياسىتى قوللانغان پرېزىدېنت باراك ئوباماMۇ خىتايغا مايىل كۆز قاراشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ھۆكۈمەتكە تەۋە بولمىغان مۇتەخەسسىسلەردىن شەكىللەنگەن خىتايغا مايىللار توپى ئىزچىل ھالدا خىتاينىڭ غەرىزى ۋە كۈچى ھەققىدە بىر تەرەپلىمە ۋە ئازدۇرغۇچى مۆلچەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىنى قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراتتى.

ئەمەلىيەتتە، خىتايغا مايىل بۇ «يولداش»لار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ «خىتاينىڭ تىنچ قەد كۆتۈرۈشى» دېگەندەك گەپلىرىنى ياكى خىتاينىڭ يوشۇرۇن كېڭەيمىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار باشقا قىپقىزىل يالغانچىلىرىنى توختىماي تارقىتىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، خىتاينىڭ كاززابلىقىغا قىلىنغان بۇ خىل ياردەملەرنىڭ ھەممىسى ئامېرىكانىڭ ياكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئەمما، خىتايغا مايىل بۇ كىشىلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ساھىبى ليۇ شياۋبونى راك كېسىلىنى داۋالاتقىلى قويماي، ئەلەم ئىچىدە ئۆلۈشكە مەجبۇرلىغانلىقى ھەققىدە سۈكۈتتە تۇرۇۋالىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، بېيجىڭ خوڭكوڭدىكى دېموكراتىك نامايىشنى باستۇرغاندىمۇ ئۇلار يەنە سۈكۈتتە تۇرۇۋالىدۇ. ھالبۇكى، خوڭكوڭلۇقلار پەقەت خىتايدىن «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، دېموكراتىك خوڭكوڭنى (خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىگە ئوخشاش) ئىسكەنجىگە ئېلىۋالماسلىقنىلا تەلەپ قىلغانىدى. ئامېرىكا ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى سەرخىللار ئارىسىدىكى خىتاينىڭ ئادەملىرى يەنە خىتاينىڭ ئۆزىدەك بىر دىنسىز دۆلەتتىكى مىليونلىغان ئېتىقادچى ئاممىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ھەرىيلى روژېستىۋا بايرىمىنىڭ ئالدىدا، رەسمىي ئەمەس چېركاۋلارنى تۇپا تۇرتۇش ماشىنىسى بىلەن تۈرتۈۋېتىشكىمۇ ھېچنەرسە دېمەيدۇ. خىتايپەرەس سەرخىللار يەنە دۆلەت بىخە-

تەرلىك ئىدارىسى (NSA) نىڭ باشلىقىنىڭ تەبىرىگە كۆرە «تارىختىكى ئەڭ زور بۇلاڭچىلىق – ئامېرىكانىڭ ئۇچۇر ئىنقىلابىدىكى ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى سىستېمىلىق ئوغرىلاش قىلمىشى»غا قارىتامۇ سۈكۈتتە تۇرۇۋالدۇ. بۇ بېيجىڭپەرەسلەر گۇرۇھى يەنە خىتاينىڭ غەربلىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ پۇللىرىنى قويۇۋېلىپ، ئامېرىكانىڭ شىركەتلىرىنى ۋەيران قىلىشقا ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىمۇ كۆرمەسكە سالدۇ.

خىتاينىڭ بۇ ئادەملىرى پەقەت خىتايدىن پۇل تاپالىسىلا، بېيجىڭغا خالىغانچە بارالىسىلا ۋە كومپارتىيەگە دوستانە بولمىغان «چېكىت ئۇرۇلغان»لار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، خىتايدا قارشى ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالمىسىلا، تېخىمۇ يامىنى – خىتايغا ئاشكارا دۈشمەن بولۇپ قالمىسىلا، باشقا ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلمايدۇ.

ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان مەغلۇبىيەتلىك سىياستى ھەققىدىكى «خىتاي فانتازىيەسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى جىم مان (Jim Mann) «خىتاي بىلەن چەكلىمىسىز كېلىشىپ ئۆتۈش تەلپۈنۈلگەن <ئاقكۆڭۈل> خىتاينىڭ مەيدانىغا چىقىشىغا تۇرتكە بولالمايدۇ» دېگەن چۈشەنچىگە بولغان تونۇشنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقى دەپ قاراشقا بولىدىغان خىتايغا قارىتىلغان سىياسەت ئۆزگىرىشىنى ئورۇنلۇق دەپ قارايدۇ. «خىتايدىكى ئىشلار تەدرىجىي ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دېگەن پەرەز خىتايغا قارىتا ناباب سىياسەت يۈرگۈزۈشكە سەۋەب بولدى. بۇ خىل پەرەز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنى راھەتلىتىپ، ئۇلارنى دىققىتىنى باشقا ئېھتىماللىقلار، يەنى خىتاينىڭ ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان، مەۋجۇت خەلقئارا تەرتىپكە سىڭىپ كىرىشكە تېخىمۇ قىزىقمايدىغان بىر دۆلەتكە ئايلىنىشى مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە پىلان تۈزۈشكە مەركەزلەشتۈرۈشتىن توسۇپ قالدى» دەيدۇ مان.

دونالد ترامپ ھۆكۈمىتىدە، خىتايغا قارىتىلغان سىياسەت جىددىي رەۋىشتە ئۆزگەردى. 2018 – يىلى يازغا كەلگەندە، سىپايە خىتاي سىياستى تەلتۆ-كۆس ئىناۋىتىنى يوقىتىپ، ئىلگىرى بۇ خىل سىياسەتنى ياقلىغانلارمۇ ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشتى.

كولورادو (Colorado)دا ئۆتكۈزۈلگەن، سىياسىي ساھەدىكى سەرخىللارنىڭ ئەڭ مۇھىم يىغىلىشلىرىدىن بىرى بولغان يىللىق ئاسپېن (Aspen) بىخەتەرلىك مۇنبىرى مەزگىلىدە، مەن CIA نىڭ خىتاي ھەققىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەھلىلچىسى ۋە شەرقىي ئاسىيا ۋەزىپە مەركىزىنىڭ مۇدىرى مايكېل كولىنىس (Michael Collins)قا ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ خىتاي ھەققىدىكى ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن خاتا كۆز قارىشى ھەققىدە سوئال قويدۇم.

«مەخپىيەتلىك سەۋەبلىك بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيەلمەيمەن» دېدى كولىنىس. ئۇ ھەقىقىي ھېكايە مەخپىي ئىستىخبارات مۆلچەرلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان دېيىش ئارقىلىق سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى تارتتى.

كولىنىسقا كۆرە، تەھدىتلىك خىتاينىڭ باش كۆتۈرۈشى ئۇنىڭ تەبىرىدىكى «خىتايلارنىڭ ئۆز غايىسىنى ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش مېتودى»نىڭ مەھسۇلى ئىدى.

«خىتاي چىقىش نۇقتىسىدىنلا ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى يېتەكچى كۈچلۈك ئورنىنى ئېلىشنى ئويلايدۇ. لېكىن، بىز ئون – ئون بەش يىل ئىلگىرى بۇنداق دېمەيتتۇق» دېدى ئۇ.

ئوباما ھۆكۈمىتى مەزگىلىدىكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخباراتقا مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەردىمۇ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدا ئەمەل تۇتقان مارسېل لېتېر (Marcel Lettre) ئىستىخبارات دائىرىلىرى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارنىڭ ھەر ۋاقىت توغرا بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، «مەنچە بىز خىتاينىڭ تەھدىتلىك ياكى ئەندىشىلىك تەرەپلىرىنى ئازراق كېچىكىپ ھېس قىلغاندەك قىلىمىز، لېكىن مەن بەكلا كېچىكتۇق دەپ قارىمايمەن» دېگەنىدى. (ئىستىخبارات دائىرىلىرىنىڭ خىتايغا ئالاقىدار خىزمەتلىرىدىكى

نۇقسانلارنىڭ ئېغىرلىقىغا نىسبەتەن) بۇ ئاجايىپ يۈزەكى گەپ ئىدى.

كولىنىس خىتاينىڭ ئامېرىكا يېتەكچىلىكى-دىكى دۇنياۋى تەرتىپكە كىرىشىنىڭ ئورنىغا، ئامېرىكاغا قارشى، كومپارتىيەنىڭ هاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئاداققى مەقسەت قىلغان يېڭىك دەرىجىدىكى ئۇرۇش قوزغىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. «بۇ بىز (سوۋېت بىلەن بولغان) سوغۇق ئۇرۇش مەزگىلىدە كۆرگەن سوغۇق ئۇرۇشقا ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئۇقۇم جەھەتتىن ھەقىقىي سوغۇق ئۇرۇشتۇر. بۇ (خىتاي) قوراللىق توقۇنۇشقا مۇراجىئەت قىلماستىن، قانۇنلۇق – قانۇنسىز، ئاشكارا – يوشۇرۇن، ئىقتىسادىي، ھەربىي پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، رەقىبى (ئامېرىكا)نىڭ كۈچىنى ئۆزىنىڭكىدىن تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر دۆلەتتۇر» دېدى ئۇ.

CIA تەھلىلچىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى «خىتاي تەھدىت ئەمەس» مەزھىپىدىكى پاۋل ھېر ۋە دېنىس ۋىلدېر (Dennis Wilder)غا ئوخشاش تەھلىلچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە تۈپتىن زىت ئىدى.

ترامپقا نىسبەتەن، خىتاي تەھدىتى ئاساسلىقى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولۇپ، ئۇ ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى بىۋاستە ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە باغلاپ چۈشىنىدۇ. ترامپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان تۇنجى كۈنلا ئۆزىنىڭ تىنچلاندۇرۇش سىياسىتىگە قارشى پرېزىدېنت ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خىتايغا قاراتقان تەدبىرلىرى ئامېرىكانىڭ چەتئەل سىياسەتلىرى جەھەتتىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەردىندۇر. ئۇ تەيۋەن پرېزىدېنتى سەي يىڭۋېننىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلىپ، ئاجايىپ كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى ۋە خىتايپەرەسلەرنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى، شۇنداقلا شۇ قېتىملىق تېلېفون سۆزلىشىش ھەققىدە، ئۇنىڭ بىر چەتئەل رەھبىرى بىلەن قىلىنغان نورمال سۆھبەت ئىكەنلىكىنى، ھەتتا زۆرۈر تېپىلسا ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتىگە يېتەكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان ھەم بېيجىڭنى بىردىنبىر (قانۇنلۇق) خىتاي ھۆكۈمىتى دەپ تونۇپ، تەيۋەن بىلەن مۇجمەل سىياسىي مۇناسىۋەتنى ساقلايدىغان «بىر خىتاي سىياسىتى»نى بىكار قىلىشىنىمۇ ئويلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، غۇلغۇلىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

☆ تۆتىنچى باب ☆

# خىتاي بىلەن بولغۇسى ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى

**«ئۇچۇر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تۆپىلىكىنى، يەنى تاشقى ئالەم بوشلۇقىنى ئىگىلەيلى»**

**-- جى دېيۈەن ۋە لەن يوڭمىڭ «خىتاينىڭ تىنچ تەرەققىيات داۋامىدا ئارمىيەنى جانلاندۇرۇش ئىستراتېگىيەسى»**

2025 – يىلى. خىتاي مەخپىي ھالدا ئامېرىكاغا ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇرۇش بەشبۇرجەكلىك بىنادىكى پىلانلىغۇچىلار تەييارلىق كۆرگەن شەكىلدە، يەنى ئامېرىكانىڭ ئۇرۇش پاراخوتىغا ياكى ئالاسكا، ھاۋاي دېگەندەك جايلاردىكى بازىلىرىغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىش بىلەن باشلانماستىن، 93 مىليون مىل يىراقلىقتىكى قۇياش يالقۇنى (دېغى) بىلەن باشلاندى. بۇ يالقۇن خىتاينىڭ 15 كۆزىتىش پونكىتىدىن تەركىب تاپقان مېرىدىئان پروجېكتى (Meridian Project) تەرىپىدىن بايقالغان بولۇپ، ئۇلار (قۇياش يۈزىدە) بەزى بىنورمال ھادىسىلەرنى، يەنى غايەت زور تاجىسىمان نەرسىنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنى بايقىغان. قۇياش تاجىدىن سىرتقا ئېتىلغان زور مىقداردا ئىئونلاشقان گاز ۋە ماگېنىتلىق زەررىچىلەر يەرشارىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

بېيجىڭ ئالەم بوشلۇقىنىڭ ھاۋارايىنى كۆزىتىش پونكىتىدىكى تېخنىكلار ئىنتايىن كۈچلۈك قۇياش بورىنىنىڭ 18 سائەتتىن كېيىن يەرشارىغا يېتىپ كېلىشى مۇمكىنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ يەرشارىنىڭ 300 مىل ئېگىزلىكىدىكى سەزگۈر ھەربىي ۋە پۇقراۋى سۈنئىي ھەمراھلارنى، شۇنداقلا 22300 مىل ئېگىزلىكتىكى ماس قەدەملىك سۈنئىي ھەمراھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى كەڭ كۆلەمدە كاشىلىغا ئۇچرىتىدىغانلىقىنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا جىددىي خەۋەر قىلدى.

يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان قۇياش بورىنىغا ئالاقىدار تەپسىلاتلار خىتاي 2010 – يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىغان، كۋانتلىق شىفىرلەش تېخنىكىسى ئىشلىتىلگەن، ئۇچۇرلىرىغا ئوغرىلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدىغان، يەرئاستى ئوپتىك تالا لىنىيەسى ئارقىلىق ئەۋەتىلگەنىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بۇ خىل ئىلغار كۋانتلىق شىفىرلەش تېخنىكىسى سەۋەبلىك، ئامېرىكا دۆلەتلىك بىخەتەرلىك ئىدارىسى نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى خىتاينىڭ ھەربىي ئېلېكترونلۇق سىگناللىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئاسانلا ئوغرىلاشقا ئىشلەتكەن ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر سۈزگۈچلەرنىڭ مەخپىي ئۇچۇر ئىگىلىشى ئەمدىلىكتە ئاساسەن ئىمكانسىزلاشقانىدى.

بۇ جىددىي خەۋەر خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى بىرلەشمە مەسلىھەتچىلەر شتابى ئورۇش ئىدارىسىنىڭ تارمىقىدىكى بىر ئالاھىدە گۇرۇپپىنىڭ قوماندانى، داشياۋ (Senior Colonel) شيې جاۋخۇيغا يېتىپ باردى. مەزكۇر گۇرۇپپا غەربىي تاغدىكى مەخپىي بازىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ بازا بەشبۇرجەك بىنادىكى دۆلەتلىك ھەربىي قوماندانلىق مەركىزىنىڭ خىتايچە نۇسخىسى ئىدى. غەربىي تاغ بازىسى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان ۋە يادرو ھۇجۇملىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەرئاستىنىڭ بىر مىلدىن بەكرەك چوڭقۇرلۇقىغا بىنا قىلىنغان. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە قوماندانلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بۇ يەرئاستى بازىسى قاتتىق تاش قاتلىمىنىڭ تېگىدىكى ھاك تېشلىق كارست غارنىڭ ئىچىگە ياسالغان. بۇ بازىغا پەقەت خىتاي كومپارتىيەسى ۋە خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ رەھبەرلىرى كىرىزىس ياكى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە قېچىشقا ئىشلىتىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك مەخپىي تاشيول تونېلى ئارقىلىقلا بارغىلى بولىدۇ.

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مەسئۇلى گېنېرال جاڭ شېڭمىن شۇ بازىدا ئىدى. ئۇ ئىككى كۈن ئاۋۋال مېرىدىئان مەركىزىنىڭ قۇياش بورىنىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن بولغان غەيرىي قۇياش ھەرىكەتلىرى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن بۇيان، مۇشۇنداق بىر قۇياش ھادىسىسىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمىنىڭ سابىق قوماندانى بولغان گېنېرال جاڭ شېڭمىن بۇ قېتىملىق قۇياش بورىنىنى ئامېرىكانىڭ ئىستىخبارات، يول باشلاش ۋە ئالاقىگە ئىشلىتىدىغان ھالقىلىق سۈنئىي ھەمراھلىرىنى تۈيۈقسىز پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ مۇكەممەل پۇرسىتى دەپ قارىدى. ھالبۇكى، بۇ سۈنئىي ھەمراھلار، نەچچە يىللىق كېچىكىشتىن كېيىن، تېخى بىر قانچە يىل ئاۋۋاللا مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن، «يەرشارى مىقياسىدا دەرھال زەربە بېرىش سىستېمىسى» (Prompt Global Strike) دەپ ئاتىلىدىغان، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق يېڭى ھۇجۇم سىستېمىسىنىڭ جان تومۇرى ھېسابلىناتتى. مەزكۇر تېز سۈرئەتتە بومباردىمان قىلىش سىستېمىسى ئامېرىكانى ئۇزاق مۇساپىلىك ئەنئەنىۋى ۋە يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئادەمسىز ئۇچقۇ، ئادەمسىز ئۇرۇشى كېمىلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، بۇيرۇق بېرىلىپ 15 مىنۇت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، يەرشارى مىقياسىدىكى ھەرقانداق نىشاننى دەل بومباردىمان قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. ئەمما، بۇ سىستېما ھەربىي سۈنئىي ھەمراھلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئېغىر دەرىجىدە تايىناتتى.

پىلاندىكى سۈنئىي ھەمراھ ھۇجۇمىنىڭ ئاداققى نىشانى ئامېرىكا ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىدىن 100 مىل يىراقلىقتىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە دېموكراتىك دۆلەت – تەيۋەن ئىدى. گېنېرال جياڭ جيېشىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مىللەتچى خىتايلار 1940 –

يىللارنىڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستلار بىلەن بولغان ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا تەيۋەنگە كېلىپ پاناھلانغاندىن تارتىپ، بۇ يەر نەچچە ئون يىلنىڭ ياقى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆزىگە سانجىلغان تىكەن بولۇپ كەلگەنىدى. خىتاي ئۆزىنىڭ رايوندىكى ھۆكۈمران كۈچكە ئايلىنىشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ بولغان بۇ ئارال دۆلەتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن نەچچە ئون يىل سەبىرچانلىق بىلەن كۈتتى. ئامېرىكانىڭ 1979 – يىلى ماقۇللانغان «تەيۋەن مۇناسىۋەتلىرى قانۇنى»غا بىنائەن تەيۋەننى قوللىشى خىتاينىڭ ئارالنى قايتۇرۇۋېلىشىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ ئىدى. مەزكۇر قانۇنغا كۆرە، چوڭ قۇرۇقلۇق خىتايلىرى تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلغاندا، ئامېرىكا چوقۇم تەيۋەنگە ياردەم قىلىشى كېرەك ئىدى.

لېكىن، ھازىر گېنېرال جاڭ شېڭمىن ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق بىر تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئارقىلىق ئامېرىكانى ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرالمايدىغان قىلىپ قويغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. بۇ گېنېرال يەنە ئېلېكترونلۇق جاسۇسلارنىڭ قۇياش بورىنى مەزگىلىدە، قۇتۇپلاردىن ئېكۋاتورغا تارالغان قۇتۇپ نۇرىنىڭ ئىئونلاشقان زەرررىچىلىرى سەۋەبلىك كېچە ئاسمىنىدا شەكىللەنگەن كۆركەم يېشىل نۇرغا ھاڭ – تاڭ بولۇپ قالىدىغانلىقىغىمۇ جەزم قىلغانىدى. جاڭ شېڭمىن ھۇجۇم بۇيرۇقى چۈشۈرۈلۈپ بىر قانچە سائەت ئىچىدە، خىتاي قوشۇنلىرىنىڭ تەيۋەننىڭ پرىزدېنت سارىيىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن (تەيۋەننىڭ پايتەختى) تەيبېي شەھىرىدىكى جەنۇبىي چوڭچىڭ يولىغا قەدەم قويۇشىنى مۆلچەرلىگەنىدى.

خىتاي ئارمىيەسى 1990 – يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ، ئامېرىكادىن يوشۇرۇن ھالدا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ پىششىپ يېتىلگەن ئالەم بوشلۇقىدا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلاشقا باشلىدى. بۇ ئوربېتا سۈنئىي ھەمراھلىرىنى پالەچلەندۈرىدىغان ۋە پاچاقلاپ تاشلايدىغان بىر يۈرۈش قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئون يىلدىن بۇيان، خىتاي يوشۇرۇن ھالدا «قاتىل خەنجىرى» ( 杀 手 锏 ) قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلدى. «قاتىل خەنجىرى» دېگىنىمىز ئاجىز، تېخنىكا جەھەتتە نىسبەتەن پىششىپ يېتىلمىگەن خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئۆزىدىن كۈچلۈك ئامېرىكانى يېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان قوراللارنى كۆرسىتىدۇ.

مەزكۇر ئاتالغۇ خىتاي 1990 – يىللاردىن باشلاپ يولغا قويۇپ كەلگەن ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، خىتاي خەلق ئەپسانىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ «ئۆلتۈرۈش» ( 杀 )، «قول» ( 手 ) ۋە «خەنجەر» ( 锏 )دىن ئىبارەت ئۈچ خەتتىن تەركىب تاپقان. خىتاينىڭ تارىخىي ئەپسانىلىرىگە كۆرە، بىر تارىخىي قەھرىمان نورمال ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە ئۇرۇشماي، ئۆزىدىن كۈچلۈك رەقىبىنى تۇيۇقسىزلا خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. خىتايلارغا نىسبەتەن، «قاتىل خەنجىرى» خىتاينى ئەڭ ھەل قىلغۇچ پەيتتە، دۈشمەننىڭ ئەڭ ئەجەللىك نۇقتىسىغا زەربە بېرىدىغان يوشۇرۇن قوراللار ئارقىلىق زەپەر قۇچۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئۇقۇم غەربتە «كوزىر» (Trump card) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئامېرىكا 1999 – يىلى خىتاينىڭ بېلگرادتىكى ئەلچىخانىسىنى ئۇقۇشماسلىقتىن بومباردىمان قىلغاندىن تارتىپ، خىتاي ئۆزىنىڭ «قاتىل خەنجىرى» قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. شۇ قېتىمقى كۈتۈلمىگەن بومباردىمانغا CIA نىڭ ئۆز خەرىتىسىنى يېڭىلىمىغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئەمما، خىتاي بومباردىماننى قەستەن قىلىنغان، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ بېيجىڭنىڭ يۇگوسلاۋىيەدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا سېربلارنى قوللىغانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغانىدى.

خىتاي شۇ قېتىملىق بومباردىمانغا ۋە ھۇجۇمغا ئىنكاس قايتۇرالمىغان، شۇنداقلا قارىماققا ئاجىز كۆرۈنىدىغان خىتاي كومپارتىيەسى ۋە ئازادلىق ئارمىيەسى ئۆزىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىگەنلىكىدىن خورلۇق ھېس قىلغانىدى. خىتاي كومپارتىيەسى 1999 – يىلىدىكى ئەلچىخانا بومباردىمانىدىن كېيىن، تېخىمۇ يىراقنى نىشانغا ئالالايدىغان، تېخىمۇ يىراقتىكى كۆزلىگەن نىشانغا دەل زەربە بېرەلەيدىغان قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قەسەمياد قىلغانىدى.

گېنېرال جاڭ شېڭمىنغا نىسبەتەن، خىتاينىڭ ئەڭ

كۈچلۈك «قاتىل خەنجىرى» قوراللىرى – سۈنئىي ھەمراھنى ۋەيران قىلغۇچى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار، لازېر ئاپپاراتلىرى، ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى تارقاتقۇچ ۋە ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھلىرىنى پاچاقلىۋېتەلەيدىغان ياكى ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالاقە ئانتېناسىنى ياكى ئوپتىك سەزگۈچىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان، ياكى ئۇلارنى ئوربىتادىن چىقىرىۋېتىپ، بۇنى سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئالەم بوشلۇقى قالدۇقى بىلەن سوقۇشۇپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدەك كۆرسىتەلەيدىغان ئوخشاش ئوربىتالىق سۈنئىي ھەمراھ قاتىللىرى قاتارلىقلار ئىدى.

گېنېرال جاڭ شېڭمىن خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئالەم بوشلۇقى، تور، ئېلېكترونلۇق ئۇرۇشقا مەسئۇل مۇلازىمەت دەرىجىلىك بۆلۈمى — ئىستراتېگىيەلىك ياردەم قىسمىدىن سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ئۇرۇش پىلانى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر پىلان ئىستراتېگىيەلىك ياردەم قىسمىنىڭ لېيتىنانت گېنېرال خاۋ ۋېيجوڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئالەم بوشلۇقى گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلدى. خاۋ ۋېيجوڭ ئامېرىكانىڭ ئىستىخبارات توپلاش، قوماندانلىق قىلىش، كونترول قىلىش، شۇنداقلا توپتوغرا نىشانلاش ۋە يول باشلاش جەھەتلەردىكى ھەربىي سىستېمىسىنى ئۆگەنگەن ھەم ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى پۇختا بىلەتتى. ئۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى مۇداپىئە پەنلىرى كومىتېتىنىڭ 2005 – يىللىق دوكلاتىنىڭ خىتايچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغان ۋە ئالدى – كەينىنى ئويلاشمايلا مەزكۇر كومىتېتنىڭ تور بېتىگە يازما يوللاپ، ئۇرۇش پاراخوتلىرىدىن بومباردىمانچى ئايروپىلانغىچە بارلىق ئىلغار قوراللارغا ئىشلىتىلگەن سۈنئىي ھەمراھلاردىكى يەرشارى ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى (GPS)نىڭ 15 يىلغىچە ئاسانلا ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى تارقاتقۇچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. ئۇ بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ كاردىن چىققان ھەربىي ئىشلارغا مەبلەغ سېلىش سىستېمىسى سەۋەبلىك GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئىقتىدارىنىڭ كۈچىيەلمەسلىكى، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قىسىملىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى تارقاتقۇچ ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ قوغدالمىغان يول باشلىغۇچى سۈنئىي ھەمراھلىرىنى نىشانغا ئېلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

گېنېرال خاۋ ۋېيجوڭنىڭ خىزمەتچىلىرى ھۇجۇم قىلىدىغان يول باشلىغۇچى سۈنئىي ھەمراھلارنى تاللاشتا تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىشىپ، ئاخىرى ئامېرىكانىڭ يول باشلىغۇچى سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ئەڭ ئىلغار نۇسخىسى بولغان، 12710 مىللىق ھاۋا بوشلۇقىدا يەرشارىنى ئايلىنىدىغان «ئۈچىنچى GPS سۈنئىي ھەمراھلىرى گۇرۇپپىسى» (GPS Block IIIA)نى تاللىغان. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئۇرۇش پىلانچىلىرى مەزكۇر سىستېمىدىكى بەش دانە يول باشلىغۇچى سۈنئىي ھەمراھنى پالەچلەندۈرەلىسىلا، تىنچ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكياندىكى ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئورۇن بەلگىلەش ۋە نىشانلاش سىگناللىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

2010 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، خىتاي ئۆزىنىڭ يول باشلاش ۋە نىشانلاش ئىشلىرىدا ئامېرىكانىڭ GPS سىستېمىسىغا تايىناتتى. لېكىن، كېيىن خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى نەچچە مىليارد يۈەن خەجلەپ، «بېيدوۋ» ( 北斗 ) دەپ ئاتىلىدىغان مۇستەقىل يول باشلىغۇچى سۈنئىي ھەمراھ سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. خىتاي GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىنى نىشانلاش پىلانى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ كەم دېگەندە يىگىرمىدىن كۆپرەك بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھلىرى ئارقىلىق، توقۇنۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇرۇش قوزغىيالايدۇ. شۇنداقلا، بۇ باسقۇچتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم غەلىبىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ نىشان تىزىملىكىدىكى يەنە بىر نىشان – ئامېرىكانىڭ نەچچە مىليارد دوللار خەجلەنگەن، يۇقىرى سۈزۈكلۈكتىكى، تەپسىلىي ئىستىخبارات سۈرەتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە

«ھاۋادىن سۈرەتكە تارتىپ رازۋېتكا قىلىش» سۈنئىي ھەمراھلىرى سىستېمىسىدۇر. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى مەزكۇر سىستېمىنىڭ ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا خىتايغا قايتۇرما ھۇجۇم قوزغاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئالەم بوشلۇقى گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇرۇش پىلانىدا، كۈچلۈك لازېر ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق مەزكۇر سۈنئىي ھەمراھلاردىن ئۈچىنىڭ ئوپتىك لىنزىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىش تەشەببۇس قىلىنغانىدى.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكانىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالەم بوشلۇقى ئۈلترا قىزىل نۇر سىستېمىسىنىڭ 22300 مىل ئېگىزلىكتىكى ماس قەدەملىك ئوربىتادا ھەرىكەت قىلىدىغان ئون دانە سۈنئىي ھەمراھىنىڭ بەزىلىرىنى نىشانغا ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمدە، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق شتابى ۋە كونترول سىستېمىسىنى، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ ئاۋستىرالىيە ۋە ياپونىيەگە ئوخشاش ھالقىلىق ئىتتىپاقداشلىرىنى ھەل قىلغۇچ ئالاقە ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان «كەڭ چاستوتىلىق سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە تورى»غا زەربە بېرىلەتتى.

خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ جەڭ پىلانچىلىرى تۈزۈپ چىققان مەزكۇر ھۇجۇم پىلانىغا كۆرە، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكانىڭ باشقا بىر قانچە ئېلېكترونلۇق ئىستىخبارات توپلاش سۈنئىي ھەمراھلىرىغا چېقىلماي، ئۇلاردىن ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنى تىڭ – تىڭلاشتا پايدىلىناتتى. ئامېرىكانىڭ مەزكۇر سۈنئىي ھەمراھلىرى يىللاردىن بۇيان خىتاي تەرىپىدىن DIA (ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات ئىدارىسى)، CIA ۋە NSA (ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى)لارنى خاتا ئىستىخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەرىكەت ئۈچۈن قوللىنىلىۋاتاتتى. بۇ خىل خاتا ئىستىخبارات تەمىنلەش ھەرىكىتىدە (ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن) خىتاي ئازادلىق ئار-مىيەسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسىغا ئالاقىدار يالغان ئۇچۇرلار بىلەن بەزى ھەقىقىي مەخپىي ئۇچۇرلار ئارىلاشتۇرۇلۇۋېتەتتى. (يالغان ئىستىخبارات تارقىتىش ھەققىدىكى) مەزكۇر پىلان ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئىستىخبارات ئىدارىسىدىكى تەھلىلچىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى «خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ تېخنىكىسى كەمچىل ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قورال سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار ياساپ چىققان قوراللار تېخى كارغا كەلمەيدۇ. ئۇلار كەلگۈسى سەككىز يىلدىن ئون يىلغىچە سۈنئىي ھەمراھلارنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدىغان قوراللارغا ئىگە بولالمايدۇ» دېگەن يەكۈنگە ئەكېلىش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن. مەزكۇر تاكتىكا سۇنزىنىڭ تەدبىرنامىسىدىكى «كۈچەيگىنىڭدە ئاجىزدەك كۆرۈنگىنىڭ، دۈشمىنىڭ مەغرۇرلانسۇن» دېگەن ئۆگۈتىنىڭ داۋاملىشىشىدۇر.

سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىشكە تولىمۇ قولايسىز بولغان (ئوچۇق، توسۇقسىز) ئالەم بوشلۇقى قۇرۇلمىسى بەك كونا بولغاچقا، ئۇنى ھۇجۇمغا قارشى كۈچەيتىش بەسىي مۈشكۈل. ئامېرىكانىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئالەم بوشلۇقىدىكى جاسۇسلۇققا قارشى سەزگۈچلەر ۋە سۈنئىي ھەمراھلارنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىستىخبارات ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشتۇر. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئالەم بوشلۇقىدىكى ھۇجۇمنى بايقاش ۋە ئۇنى قوغلاش – يەر ماگنىتى ھەرىكەتلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتۇر.

گېنېرال خاۋ ۋېيجوڭغا كۆرە، توقۇنۇشنىڭ باشلىنىشىدىلا پالەچلەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم سۈنئىي ھەمراھ ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى بازا قىلغان، تۆۋەن ئوربىتادا ھەرىكەت قىلىدىغان ئالەم بوشلۇقىنى كۆزىتىش سۈنئىي ھەمراھلىرىدۇر. بۇ ئىلغار سۈنئىي ھەمراھلار ئامېرىكا ئارمىيەسىنى ئالەم بوشلۇقى ھۇجۇملىرى ھەققىدە ئىستراتېگىيەلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدىلا پالەچلەندۈرۈلۈشى

كېرەك ئىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى بۇ سۈنئىي ھەمراھلارنى پاچاقلىۋېتىش ئۈچۈن «شى يەن 7» تىپلىق مىكرو سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئىلغار نۇسخىلىرى بولغان، يۇقىرى بېسىملىق لازېر تارقاتقۇچ سەپلەنگەن «شى يەن 8» ۋە ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى تارقاتقۇچ سەپلەنگەن «شى يەن 9» مىكرو سۈنئىي ھەمراھلىرىنى ياساپ چىقتى.

خىتايلار خەلقئارانىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان قۇياش بورىنىغا قىلغان تەييارلىقلىرىنى يېقىندىن كۆزەتتى ۋە تەيۋەنگە يېقىن جايدىكى «شەرق تىياتىرى» قوماندانلىق شتابىغا قاراشلىق قىسىملارغا، ئۇرۇش پاراخوتلىرى، سۇ ئاستى پاراخوتلىرى، بومباردىمانچى ئايروپىلانلار ۋە تەيۋەنگە يېتىپ بارالايدىغان 1200 دىن ئارتۇق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جىددىي، كەڭ كۆلەملىك مانېۋىر ئۆتكۈزۈش بۇيرۇقى چۈشۈردى. مەزكۇر مانېۋىر تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا دالدا قىلىناتتى.

قۇياش يۈزىدىن زور مىقداردا ماددىلار ئېتىلىپ چىقىپ 18 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر پالەچلىنىشكە باشلىدى. ئېلېكتروماگنېتلىق زەربىگە، يەنى ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشىدىن شەكىللەنگەن، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى كاردىن چىقىرىدىغان ئىمپۇلس دولقۇنىغا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە يەر ماگنىتى دولقۇنىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلى، ئالاقە زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىدى. تېلېگراممىا خەۋەرلىرىدە قۇياش بورىنىنىڭ كاشىلىسىدىن شىكايەت قىلىندى.

قۇياش بورىنىنىڭ تەسىرى ھېس قىلىنىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن، گېنېرال جاڭ شېڭمىن سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھۇجۇمنى باشلاشقا بۇيرۇق بەردى. دەسلەپكى باسقۇچتا، ئوربىتىغا چىقىرىلغىلى ئىككى ئاي بولغان ئىككى دانە «شى يەن 8» مىكرو سۈنئىي ھەمراھى قۇياش بورىنىنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقىنى بازا قىلغان ئىككى دانە ئالەم بوشلۇقىنى كۆزىتىش سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئەتراپىدا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى لازېر نۇر تارقاتتى ۋە بىر قانچە مىنۇت ئىچىدە شەكىللەنگەن ئىسسىقلىق ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئىچىدىكى ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى كاردىن چىقاردى. يەنە بىر «شى يەن 8» سۈنئىي ھەمراھمۇ ئوخشاش شەكىلدە ئامېرىكانىڭ يەنە بىر سۈنئىي ھەمراھىغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ لازېر نۇر تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۈنئىي ھەمراھمۇ كاردىن چىقتى. ئۇرۇش ئەنە شۇ رەۋىشتە باشلاندى.

كولورادودىكى ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى ئالەم بوشلۇقى قوماندانلىق شتابىدىكى مەزكۇر كۆزەتچى سۈنئىي ھەمراھلارنى تىزگىنلەشكە مەسئۇل خادىملار بۇ سۈنئىي ھەمراھلاردىن ھېچقانداق سىگنال كەلمىگەندىن كېيىنمۇ بىنورماللىق ھېس قىلمىدى ۋە ئىككى سۈنئىي ھەمراھنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى قۇياش بورىنىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ دوكلات قىلدى.

كۆزەتچى سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ يوقىلىشى بىلەن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك، شىددەتلىك ئۇرۇشنى باشلىدى.

خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئوربىتادىكى سۈنئىي ھەمراھلارغا قارشى، تۇنجى ئەۋلاد بىۋاستە ئۆرلەيدىغان سۈنئىي ھەمراھنى ۋەيران قىلىش قورالى – «دوڭنىڭ 2» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن بەشى تەڭلا قويۇپ بېرىلدى. بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار بېيجىڭ ئاۋىياتسىيە قوماندانلىق - كونترول مەركىزى، شىئەن سۈنئىي ھەمراھنى كۆزىتىش - كونترول مەركىزى ۋە جيۇچۈەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىگە يېقىن جايدىكى يۆتكىلىشچان قويۇپ بېرىش سۇپىلىرىدىن قويۇپ بېرىلگەنىدى.

بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە، بەش دانە GPS سۈنئىي ھەمراھى كۇكۇم – تالقان قىلىنىپ، لەيلەپ يۈرگەن پارچىلارغا ئايلىنىپ قالدى. ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئاسىيادىكى يول باشلاش ۋە توغرا نىشانلاش سىستېمىسىنىڭ يۈرىكى ئەنە شۇ رەۋىشتە سوقۇشتىن توختىدى. تىنچ ئوكياندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئاۋىياماتكىلار بىلەن ياپونىيەنى بازا قىلغان، ئېجىس (Aegis) ئۇرۇش

سىستېمىسى سەپلەنگەن ئۇرۇش پاراخوتلىرى دەرھال GPS سىگنالىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى «دوڭنىڭ 3» تىپلىق سۇئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن بەشنى قويۇپ بەردى. «دوڭنىڭ 3» خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ماس قەدەملىك سۇئىي ھەمراھلارنى ۋەيران قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، ئەڭ ئىلغار سۇئىي ھەمراھقا قارشى قورالىدۇر. بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار «كەڭ چاستوتىلىق سۇئىي ھەمراھ ئالاقە تورى»نىڭ سۇئىي ھەمراھلىرىدىن ئۇچىگە ۋە ئالەم بوشلۇقى ئۇلتىرا قىزىل نۇر سىستېمىسىنىڭ سۇئىي ھەم-راھلىرىدىن ئىككىگە دەل تەگدى. بۇ سۇئىي ھەمراھلارنىڭ يوقىتىلىشى پۈتۈن تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىدىكى ھەربىي ئالاقىنى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاگاھلاندۇرۇشىنى كاشىلىغا ئۇچراتتى.

بۇ سۇئىي ھەمراھلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، گېنېرال جاڭ شېڭمىن تەيۋەننى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىنى باشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئامېرىكا ئارمىيەسى بۇ تاجاۋۇزنى توسۇشقا ئامالسىز ئىدى.

يۇقىرىقى سىنارىيە توقۇلما بولسىمۇ، ئەمما ئۇ - نىڭدا تەسۋىرلەنگىنى خىتاينىڭ سۇئىي ھەمراھقا قارشى قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەخپىي پىلانىدىن شەكىللەنگەن ئىنتايىن رېئال تەھدىتتۇر.

### بەشىنچى باب

# ئالەم بوشلۇقىدىكى قاتىل خەنجىرى

**«خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئامېرىكانى ئۇرۇشتا يېڭەلىشى ئۈچۈن، ئالەم بوشلۇقىدا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە <قاتىل خەنجىرى> قورالىرىغا ئىگە بولۇشى لازىم».**

**-قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولكوۋنىكى لى داگۇاڭ، «ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى»، 2001**

خىتاي ئامېرىكانىڭ ۋە خەلقئارانىڭ بىخەتەرلىكىگە شەكىللەندۇرۇۋاتقان تەھدىت رېئال، شۇنداقلا بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. ئۇ بىزنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تورلاشقان جەمئىيىتىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن تەقدىردە نەچچە ئون مىليونلىغان ئامېرىكالىقنى مۇشكۈلاتقا دۇچار قىلالايدىغان، سۇئىي ھەمراھنى ۋەيران قىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار، لازېر ئاپپاراتلىرى ۋە تور ھۇجۇمى ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكا ھازىر ، ئالاقە، ترانسپورت، مالىيە ۋە خىتاي بىلەن بولغۇسى توقۇنۇشتا ئىستراتېگىيەلىك رول ئوينايدىغان باشقا جەھەتلەردە سۇئىي ھەمراھقا بەكلا تايىنىپ قالماقتا.

ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى باش مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمى ئىستىخبارات كومىتېتى 2018 – يىلى 1 - ئايدا «مۇتلەق مەخپىي» دەپ بېكىتكەن دوكلاتتىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار ھەرگىزمۇ توقۇلما ئەمەس. بۇ دوكلاتتا خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ سۇئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە باشقا ئالاقىدار قوراللارنى ياساپ چىققانلىقى، شۇنداقلا پات يېقىندا ئامېرىكانىڭ تۆۋەن ئوربىتادىكى ھەرقانداق سۇئىي ھەمراھنى ۋەيران قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلايدىغانلىقى ئاشكارىلانغان. دوكلاتتا تۈزۈت قىلىپ ئۇلتۇرماستىن، 2020 – يىلىغا بارغاندا «خىتاي بىلەن رۇسىيە ئامېرىكانىڭ تۆۋەن ئوربىتادىكى ھەرقانداق سۇئىي ھەمراھلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە پالەچلەندۈرۈش ياكى ۋەيران قىلىشقا قادىر بولالايدۇ» دېيىلگەنىدى. مەزكۇر J-2 دوكلاتى دۆلەتلىك ئىستىخبارات مۇدىرى دانىيېل كوۋتىس (Daniel Coats)نىڭ 2018 – يىلى بەشىنچى ئايدىكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما بۇ قەدەر كونكرېت بولمىغان ئاگاھلاندۇرۇشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇ دۆلەت مەجلىسىگە «مۆلچەرىمىزچە، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئۆزلىرىنى ئامېرىكانىڭ ھەربىي، پۇقراۋى ياكى تىجارەت خاراكتېرلىك ئالەم بوشلۇقى سىستېمىلىرىدىن مەنبەلەنگەن ھەربىي ئۈستۈنلۈكىگە تاقابىل تۇرۇشقا

موھتاج دەپ ئويلىماقتا ۋە ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۇرۇش نەزەرىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، سۇنئىي ھەمراھ سىستېمىسىغا ھۇجۇم قىلىشنى بارغانسېرى كۆپ ئويلاشماقتا. بۇ ئىككىلا دۆلەت ئامېرىكانىڭ ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن سۇنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللارنى كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى توختاتمايدۇ» دېگەنىدى.

ئاردىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كوۋتىس خىتاينىڭ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى، بىر تەرەپتىن مۇناپىقلارچە قورال تىزگىنلەش كېلىشىمى ئىمزالاشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالەم بوشلۇقى ھەربىي قىسىملىرىنى مەشقلەندۈرگەچ، ئامېرىكانىڭ ۋە ئىتتىپاقداش ئالەم بوشلۇقى سىستېمىلىرىغا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن سۇنئىي ھەمراھقا قارشى يېڭى قوراللارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ 2018 – يىلىدىكى سۆزى ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ خىتاي بىلەن رۇسىيەدىن كېلىدىغان، سۇنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللارنىڭ تەھدىتىنى تۇنجى قېتىم جامائەتچىلىككە ئاشكارىلىشى ئىدى. ھالبۇكى، خىتاينىڭ بۇ خىل قوراللىرى «دوڭنىڭ 3»كە ئوخشاش بىۋاسىتە ئۆرلەيدىغان سۇنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا، شۇنداقلا سۇنئىي ھەمراھنىڭ ھەرىكىتىگە كاشىلا تۇغدۇرىدىغان لازېر ئاپپاراتلىرى ۋە ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى تارقاتقۇچ ھەم كىچىك ھەرىكەتچان سۇنئىي ھەمراھلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خىتاي ئارمىيەسى يەنە ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق تور ھۇجۇمى ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكانىڭ سۇنئىي ھەمراھ ھەرىكەتلىرىگە كاشىلا تۇغدۇرۇش ياكى پالەچلەندۈرۈشنىمۇ پىلانلىماقتا.

كوۋتىس يەنە «خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئوربىتادىكى سۇنئىي ھەمراھىدىن بىرنى پاچاقلىۋەتكىنىگە ئون يىل بولغاندا، ئۇنىڭ يەردىن قويۇپ بېرىلىدىغان سۇنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىمۇ خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇشقا ئىشلەتكىلى بولىدىغان سەۋىيەگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەنىدى. ئۇ يەنە خىتاينىڭ «شى يەن 7»گە ئوخ-شاش، ئوربىتادىكى سۇنئىي ھەمراھلارنى چېقىۋېتىش ياكى ۋەيران قىلىۋېتىش ئۈچۈن مېخانىك قول سەپلەنگەن كىچىك سۇنئىي ھەمراھلىرىنىڭ بېيجىڭنىڭ سۇنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى، ئەمما ئۇلارنىڭ قالدۇق تازىلاش سۇنئىي ھەمراھىنى (مەخپىي) ياساپ چىققىنىدەك، سۇنئىي ھەمراھ قوراللىرىنى مەخپىي تەرەققىي قىلدۇرۇلۇۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانىدى.

خىتاينىڭ ئۆتكەن بىر قانچە يىلدىكى ھەربىي تەڭشەشلىرى «خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقى سىستېمىسى ۋە مۇلازىمەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن باشقا ساھەلەردىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملارغا بارغانسېرى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي سۇنئىي ھەمراھنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش، ئۇنىڭغا يېقىلغۇ تولۇقلاش دېگەندەك ئۇرۇشقا ئىشلىتىلمەيدىغان تېخنىكىلارنىمۇ دۈشمەننىڭ ئالەم ئۈچقۇلىرىغا قارشى ئىشلىتەلەيدۇ» دەيدۇ كوۋتىس (1).

خىتاي ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى ياسىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئالەم بوشلۇقىنىڭ قوراللىسىزلاندۇرۇلۇشىنى ۋە «ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى باشتا ئىشلەتمەسلىك»نى تەلەپ قىلىدىغان خەلقئارالىق كېلىشىمنى ئىمزالاتقۇزۇش مەقسىتىدە، رۇسىيە بىلەن بىرلىشىپ خەلقئارالىق ئۈچۈر ھەرىكىتى قوزغىدى. مەزكۇر ئۇرۇنۇش ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقى مۇداپىئەسى تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىش ۋە چەكلەشنى مەقسەت قىلغان خاتا ئۈچۈر تارقىتىش ھەرىكىتىدۇر. كوۋتىس بۇ ئۇرۇنۇشنىڭ پەقەت بىر كاززابلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، «بۇ خىل كېلىشىم نۇرغۇن قوراللارنى چەكلىيەلمىگەچكە، (خىتاي بىلەن رۇسىيە) ئاشكارا سورۇنلاردا <ئالەم بوشلۇقى تىنچ ساھە بولۇشى كېرەك> دەپ جار سېلىپ قويۇپ، ئاستىرتتىن ئالەم بوشلۇقىدا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىۋېرىدۇ» دەيدۇ (2).

تۆۋەن ئوربىتا سۇنئىي ھەمراھلىرى يەرشارىدىن 100 مىلدىن 1242 مىلغىچە بولغان ئېگىزلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە رازۋېتكا قىلىشقا، قۇرۇقلۇق ۋە

ئوكيانلارنى كۆزىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. مەزكۇر تۆۋەن ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھلىرى توقۇنۇش ياكى كىرىزىس يۈز بەرگەندە، دۇنيا مىقياسىدا قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن جەڭگاھ ھازىرلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھالقىلىق ھەربىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىرىدىي (Iridium)، يەرشارى يۇلتۇزى (Globalstar) ۋە ئوربكوم (Orbcomm) قاتارلىق ھاۋارايى كۆزىتىش ۋە ئالاقە سۈنئىي ھەمراھلىرى تۆۋەن ئوربىتادا ھەرىكەت قىلىدۇ.

بىر يۈرۈش ھالقىلىق ئىستىخبارات ۋە ھەربىي ئالاقە سۈنئىي ھەمراھلىرى يۇقىرى ئېللىپسسىمان ئوربىتادا ھەرىكەت قىلىدىغان بولۇپ، مەزكۇر ئوربىتادىكى سۈنئىي ھەمراھلار ئېللىپسىنىڭ يەرشارىغا يېقىن نۇقتىسىغا كەلگەندە، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئاسانلىشىپ كېتىدۇ. بۇ تۆۋەن ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللىرىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا.

J-2 دوكلاتىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بىر ئايدىن كېيىن، خىتاي ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن سۈنئىي ھەمراھقا قارشى «قاتىل خەنجىرى» بارلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرۈپ قويدى. ئۇلار 2018 – يىلى 2 – ئاينىڭ بېشىدا، ئەڭ ئىلغار توسقۇ بولغان «دوڭنىڭ 3» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى سىناق قىلدى. مەن ئىستىخبارات مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ، بۇ خەۋەرنى ئەڭ دەسلەپتە خەۋەر قىلدىم. شۇ قېتىملىق سىناقنىڭ رەسىملىرى خىتايدا تورلارغا چىقىرىلغان بولۇپ، رەسىمدە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئارقىسىدىكى ھاۋادا قالغان ئاق قۇيرۇق سىزىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خىتاي 2007 – يىلىدىكى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى سىناقتا خەلقئارانىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچراپ كەتكەچكە، بۇ قېتىم تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، شۇ قېتىمقى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىنى نىسبەتەن تەھدىتسىز بولغان مۇداپىئەلىنىش تىپىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولدى. بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللىق خۇسۇسىيىتىنى ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرىگە بىلىندۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئېگىز ئاتموسفېرادا يەنە بىر نىشانلانغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا سوقۇلدى. ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكى ئەمەلدارلىرى «دوڭنىڭ 3» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ مۇداپىئە خۇسۇسىيىتىنىڭ پەقەتلا بىر نەيرەڭ ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

2018 – يىلى 2 – ئايدىكى سىناق ئامېرىكا ھەربىي ۋە دۆلەت مۇداپىئە ساھەسىنىڭ رەھبەرلىرى ئۈچۈن ئويغىتىش خاراكتېرلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. چۈنكى، شۇ قېتىملىق سىناق خىتاينىڭ ھەربىي ئىقتىدار جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن بەسلىشىشنىڭ ئورنىغا، ئامېرىكاغا قارشى غەيرىي سىممېترىك ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. «بۇ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى خىتاينىڭ بىزگە (ھەربىي جەھەتتە) يېتىشىۋېلىشقا ئەمەس، بىزدىن ھالقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر» دېگەندى بىر دۆلەت مۇداپىئە ئەمەلدارى.

ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى، يەنى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ئىستراتېگىيەلىك مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل شەخس، ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى جون ھايتېن (John Hyten) ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھلىرى ھۇجۇم ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز، شۇنداقلا ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. «بىزنىڭ ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىمىز ئىنتايىن ئۈنۈمدار، ئەمما بەكلا كونا. شۇنداقلا (بىزنىڭ ئالەم بوشلۇقى سىستېمىمىز) رىقابەتلىك مۇھىتقا كۆرە بەرپا قىلىنمىغان (يەنى بىز بۇ سىستېمىنى قۇرغاندا، ئالەم بوشلۇقى تەھدىتى دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ت). شۇڭا ئامېرىكا ئارمىيەسى بۇ ئىشقا (كۈچىيىۋاتقان ئالەم بوشلۇقى تەھدىتىگە) جىددىي ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك» دەيدۇ ئۇ (3).

بۇ ھەقتىكى ئەڭ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش شۇنىڭدىن نەچچە يىل بۇرۇن ھاۋا ئارمىيە گېنېرالى، ھاۋا ئارمىيەسى ئالەم بوشلۇقى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى جون رايموند (John raymond) تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئۇ ئامېرىكانىڭ ھۇجۇم ئالدىدا ئاجىز قالىدىغان سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ تۆۋەن ئوربىتىدىلا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، 2015 –

يىلى ئۈچىنچى ئايدا دۆلەت مەجلىسىگە «بىز ھەرقانداق ئوربىتادىكى ھەرقانداق سۈنئىي ھەمراھ تەھدىتكە ئۇچرايدىغان ۋەزىيەتكە تېز سۈرئەتتە يېقىنلىشىۋاتىمىز» دېگەنىدى. 2019 – يىلى ئۈچىنچى ئايدا، ترامپ رايموندنى ئامېرىكا ئالەم بوشلۇقى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى، بۇ ئامېرىكا ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى ئۈچۈن تەسىس قىلغان تۇنجى قوماندانلىق شتابى ئىدى.

بەشبۇرجەكلىك بىنانىڭ دۆلەت مۇداپىئە پەنلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن ئاشكارىلانغان تېخىمۇ كۆپ تەپسىلاتلار ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنىڭ ھەقىقىي بىر كرىزىس ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. مەزكۇر كومىتېت خەلقئارالىق ھەرىكەتلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھەربىي ئالاقە سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ «(سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللارنىڭ) يېنىكى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان، ئېغىرى ۋەيران قىلغۇچ خاراكتېرلىك، ھەددى - ھېسابسىز خىرسىغا دۇچ كېلىدىغان»لىقىنى يەكۈنلەپ چىقتى.

مەزكۇر كومىتېت يەنە «سۈنئىي ھەمراھ ئالاقىسىگە قارشى مۆلچەرلەنگەن ۋە پىلانلانغان ئېلېكترونلۇق تەھدىت يېقىنقى بىر قانچە يىلدا شىددەت بىلەن كۈچەيدى، شۇنداقلا يېقىن كەلگۈسىگىچە داۋاملىق كۈچىيىدۇ» دېدى.

«زامانىۋى ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش، ھەرىكەتچان-لىق، ئالەم بوشلۇقى ۋە تور ئىقتىدارى جەھەتلەردىكى تېز ئېشىش ۋە ئىلگىرىلەشلەر بىزنىڭ ئۈچۈر ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش ئىقتىدارىمىزغا خىرس قىلىۋاتىدۇ. ئېغىر بېسىم ئاستىدا قالغان ئەھۋالدا، ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى پۈتۈن سودا سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ۋە كۆپىنچە دۆلەت مۇداپىئەسى سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ئالاقىسىنى كاردىن چىقىرالايدۇ».

مەزكۇر كومىتېت يەنە «بۇ چوقۇم جىددىي ھەل قىلىنىشى كېرەك بولغان كرىزىس دەپ قارىلىشى كېرەك» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

پرېزىدېنت دونالد ترامپ ھۆكۈمىتى سۈنئىي ھەمراھلارنى ھۇجۇمدىن قوغداشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك زۆرۈرىيىتىنى تەكىتلەشكە تىرىشتى. مەزكۇر ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان 2017 – يىللىق دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىستراتېگىيەسىدە سۈنئىي ھەمراھلارنى قوغداش ئامېرىكانىڭ ھالقىلىق مەنپەئەتى قىلىپ بېكىتىلىپ، (ئامېرىكانىڭ رەقىبلىرىگە ۋە ئىلگىرىكى بوشاڭ ئىستراتېگىيەلەرگە، ت) خىرس ئېلان قىلىندى. بۇ باياناتە ئامېرىكانىڭ مەزكۇر سىستېمىلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مەزكۇر ئىستراتېگىيەدە «بىزنىڭ ئالەم بوشلۇقى قۇرۇلمىمىزدىكى ھالقىلىق تەركىبلەرگە قىلىنغان، شۇنداقلا ئامېرىكانىڭ ئۇشبۇ ھالقىلىق مەنپەئەتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق زىيانلىق توسقۇنلۇق ياكى ھۇجۇمغا ئۆزىمىز خالىغان ۋاقىت، خالىغان جاي، خالىغان شەكىل، خالىغان ساھەدە قايتۇرما زەربە بېرىمىز» دېيىلدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياسىلىدىغان قوراللارنىڭ تىپلىرىنى جامائەتچىلىككە ئاشكارىلاپ باقمىدى. ئەمما، 2008 – يىلى خىتاي ۋەيران قىلغۇچ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىنى قىلىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى تەييارلىقسىزلا دۇنياغا سۈنئىي ھەمراھقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى نامايەن قىلدى. ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى بىر قانچە ئاي ئىچىدە SM-3 تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى توسىدىغان سىنارەدنى ئۆزگەرتىپ، دۆلەتلىك رازۋېتكا ئىدارىسىنىڭ چۈشۈۋاتقان سۈنئىي ھەمراھىنى تۆۋەن ئوربىتادا ۋەيران قىلىشقا ئىشلەتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەخپىي بەلگىسى «كۆيگەن قىرووۋ» بولغان شۇ قېتىملىق ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى بارلىقىنى ئېنىق بىلدۈرگەنىدى.

خىتاينىڭ 2018 – يىلىدىكى «دوڭنىڭ 3» باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ئۆلارنىڭ ئەڭ كەمىدە تۆتىنچى قېتىملىق سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقى ئىدى ۋە مەزكۇر قورال پروگراممىسىنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇشتا

ئىشلەتكىلى بولىدىغان سەۋىيەگە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى «دوڭنىڭ 3» باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناقلىرى 2015 – يىلى 10 – ئايدا، 2016 – يىلى 12 – ئايدا ۋە 2017 – يىلى 8 – ئايدا قىلىنغانىدى. مەزكۇر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ كۈچى تېخى ئېنىق بىلىنگىنى يوق. لېكىن، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئۇچۇشىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى مەنبە قىلغان ئىستىخبارات مۆلچەرلىرىگە كۆرە، «دوڭنىڭ 3» تىپلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا 1200 مىل ئەتراپىدىكى تۆۋەن ئوربىتادىن تارتىپ 22300 مىل ئېگىزلىكتىكى يۇقىرى ئوربىتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق سۈنئىي ھەمراھلارنى نىشانغا ئالالايدىكەن.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا يەنە بىر ئېغىر تەھدىت 2013 – يىلى 8 – ئايدا ئوتتۇرىغا چىقتى. ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى تۇنجى قېتىم خىتاينىڭ كەلگۈسى ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپتىكى ھەربىي تاكتىكا سۈنئىي ھەمراھلىرىنى مەشىقلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىغاندا، مەن «خىتاي سۈنئىي ھەمراھقا قارشى سۈنئىي ھەمراھتىن ئۈچنى قويۇپ بەردى» دېگەن خەۋەرنى ئېلان قىلغانىدىم. بۇ ئۈچ كىچىك سۈنئىي ھەمراھ 2013 – يىلى 7 – ئاينىڭ 20 – كۈنى شەنشى ئۆلكىسىدىكى تەييۇەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدىن، Long March-4C تىپلىق ياردەمچى راكېتانىڭ ياردىمىدە قويۇپ بېرىلگەن. كېيىنچە بۇ سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا خىتاينىڭ ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھلىرىغا قارشى ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىنورمال ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتقانلىقى بايقالدى. «شى يەن 7»، «چۇاڭشىن 3» ۋە «شىجيەن 3» تىپلىق بۇ سۈنئىي ھەمراھلارنىڭ ئېغىرلىقى 22 قاداق (تەخمىنەن ئون كىلوگرام) ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېنىكرەك ئىدى.

خىتاينىڭ شۇ يىلى بىر قانچىلىغان سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىشى كىلىنتون ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خىتايغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ نەقەدەر خاتا بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم گەۋدىلەندۈردى. كىلىنتون ھۆكۈمىتى 1990 – يىللاردا خىتايغا ئالەم بوشلۇقى ۋە سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىلىرىنى ئېكسپورت قىلىش چەكلىمىلىرىنى بوشاشتۇرغانىدى. خىتاي بىر قانچە يىل ئىچىدىلا، ئامېرىكا سۈنئىي ھەمراھ ياسىغۇچىلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىك باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدلىرىنىڭ تايىنىشچانلىقىنى كۈچەيتتى ۋە بىر سىنارەد ئارقىلىق بىر قانچىلىغان ئوقبېشى قويۇپ بېرەلەيدىغان سەۋىيەگە كېلىۋالدى. موتورولا (Motorola) شىركىتى خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىرىدىي (Iridium) ناملىق ئالاقە سۈنئىي ھەمراھىنى خىتاينىڭ «ئۇزۇن سەپەر» ناملىق ياردەمچى راكېتاسى ئارقىلىق قويۇپ بەرگەنىدى. خىتاي موتورولا شىركىتىدىن ئالەم بوشلۇقىدا ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە بىر قانچىلىغان سۈنئىي ھەمراھنى تېگىشلىك ئوربىتىغا جايلاشتۇرۇپ قويىدىغان، يەرلىك ئەقلىي سۈنئىي ھەمراھ تەقسىملىگۈچىسى ياساشقا كېرەكلىك مۇئەييەن تېخنىكىلارغا ئېرىشتى.

دۆلەتلىك ئاۋىياتسىيە ئىستىخبارات مەركىزىنىڭ بىر مەخپىي دوكلاتىدا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي 1996 – يىلىلا سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردىمى تېگىدىغان ئەقلىي تەقسىملىگۈچلەرنى ياساشقا باشلىغان.

موتورولا شىركىتىنىڭ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ياساپ چىقىلغان ئەقلىي تەقسىملىگۈچنىڭ بىر قانچە ئالاقە سۈنئىي ھەمراھىنى ئوربىتىغا چىقىرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، قاتتىقلاشتۇرۇلغان يېقىلغۇ ئىشلىتىلىدىغان رېئاكتىپ مانېۋىر ئايروپىلانلىرىغا، (يول باشلاش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) ئاۋىياتسىيە ئۈسكۈنىلىرىگە ۋە يىراقتىن ئۆلچەش سىستېمىسىغا ئىشلىتىلگەنلىك مۇمكىنچىلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر تېخنىكا خىتاينى ئوربىتادا ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلدى، ھالبۇكى خىتاي ئىلگىرىكى ئالەم بوشلۇقى قويۇپ بەرگۈچلىرى ئارقىلىق بۇ ئىشنى قىلالمايتتى. خىتاي بۇ ئەقلىي تەقسىملىگۈچكە ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپلا، ئۇنى يادرو باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى قويۇپ بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان، كۆپ ئوقبېشلىق ئارقىدىن ئېتىرىش قورالىغا ئايلاندۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا، مەزكۇر ئىستىخبارات دوكلاتى (6)، خىتاينىڭ مەزكۇر ئەقلىي تەقسىملى-

گۇچكە تايىنىپ، ئالەم بوشلۇقىدا ئادەملىك ئالەم ئۈچقۇلىرى بىلەن «ئۇخشاش ئوربىتىلىق، سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قورال»نى ئۇچراشتۇرۇش ئىمكانىغىمۇ ئىگە بولالايدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان.

**2013** – يىلى ئۈچ كىچىك سۈنئىي ھەمراھنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەن، نەق ئاشۇنداق ئىش يۈز بەردى. گەرچە **17** يىلغا سوزۇلغان بولسىمۇ، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى موتورولا شىركىتى لايىھەلىگەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بەرگۈچنى ياساپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىرى يەنىلا ھەرىكەتچان مىكرو سۈنئىي ھەمراھلارنى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قورال سۈپىتىدە ئالەم بوشلۇقىغا ئۇڭۇشلۇق چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئەمدىلىكتە ئامېرىكانىڭ مۇداپىئە سۈنئىي ھەمراھلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسىدىن پۇل ئېلىشتىن تارتىپ، كىنو كۆرۈشكىچە بولغان پۈتۈن ئىشلاردا سۈنئىي ھەمراھقا ئېغىر دەرىجىدە بېقىنىدىغان ئامېرىكا جەمئىيىتىگىمۇ تەھدىت شەكىللەندۈرگەن ئىستراتېگىيەلىك خاتالىق بولغانىدى.

بۇ ئۈچ سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك دىققەتنى تارتقىنى «شىجيەن **15**» ئىدى. ئۈچىلا سۈنئىي ھەمراھقا (ئالەم بوشلۇقىدا) بىمالال ھەرىكەت قىلالىشى ئۈچۈن كىچىك رېئاكتىپ ئايروپىلان سەپلەنگەندىن سىرت، پەقەت «شىجيەن **15**»كىلا ئۇچىدا قىسقۇچى بار مېخانىك قول سەپلەنگەنىدى. بۇ مېخانىك قول باشقا سۈنئىي ھەمراھلارغا ھۇجۇم قىلىش، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىش ياكى ھالقىلىق زاپچاسلىرىنى چېقىۋېتىش ئۈچۈن سەپلەنگەن دەپ قارالماقتا.

ئامېرىكالىق مەلۇم بىر ئىستىخبارات ئەمەلدارى ماڭا «بۇ ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن ھەقىقىي خەۋپتۇر. بۇ ئۈچ سۈنئىي ھەمراھ ھەمكارلىشىپ خىزمەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قولى بار بىرى («شىجيەن **15**») ھەممىدىن خەتەرلىك. بۇ خىتاينىڭ <پىلانېتلار ئۇرۇشى> پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى» دېدى.

بۇ ئۈچ سۈنئىي ھەمراھ يەرشارىدىن تەخمىنەن **200** مىل ئېگىزلىكتىكى ئوربىتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇڭۇشلۇق ھالدا ئالەم بوشلۇقىغا جايلاشتۇرۇلدى. **8** – ئاينىڭ **16** – كۈنى، بۇ سۈنئىي ھەمراھلاردىن بىرى ئوربىتىسىنى تەخمىنەن **93** مىللىق ئېگىزلىككە تۆۋەنلەتتى ۋە لىنىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، باشقا بىر سۈنئىي ھەمراھ بىلەن ئۇچراشتى. ئارقىدىن بۇ ئىككى سۈنئىي ھەمراھ ئۆزئارا **60** فۇت (تەخمىنەن **18** مېتىر) ئارىلىق قالغۇدەك يېقىنلاشقاندىن كېيىن، يەنە يولغا راۋان بولۇشتى.

خىتاي **2013** – يىلى مىكرو سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بەرگەنگە قەدەر، ئامېرىكانىڭ دۆلەت مۇداپىئە ۋە ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى ئاساسلىقى خىتاينىڭ **2007** – يىلىدىكى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىنى ۋە شۇنىڭدىن بىر يىل كېيىن مۇداپىئە باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى قىياپىتىدە قويۇپ بېرىلگەن يەنە بىر (باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى) باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتچان سۈنئىي ھەمراھقا ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما، «شى يەن **7**» ناملىق سۈنئىي ھەمراھ يېڭى، تېخىمۇ مەخپىي ۋە شۇ ۋەجىدىن ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش تېخىمۇ قىيىن بولغان ھۇجۇم قابىلىيىتىنى نامايەن قىلدى. «(سۈنئىي ھەمراھتىكى) يىغىلىپ سوزۇلالايدىغان قولنى (باشقا سۈنئىي ھەمراھلارنى) تېشىۋېتىش، ئوربىتىسىدىن چىقىرىۋېتىش ياكى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۈنئىي ھەمراھنى تۇتۇۋېلىش دېگەندەك بىر قانچە خىل ئىشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ» دېگەندى ئۇ ئەمەلدار. ئەمما، خىتاي بۇ جەھەتتە قاتتىق تىزگىنلىنىدىغان دۆلەت تاراتقۇلىرى ئارقىلىق «بۇ ئۈچ سۈنئىي ھەمراھ پەقەت سۈنئىي ھەمراھلارنى ئاسراش ۋە قالدۇق توپلاش جەھەتتىكى سىناقلاردىن ئىبارەت» دېگەن خاتا ئۇچۇرنى تارقاتتى.

(ماڭا ئۇچۇر بەرگەن) ئامېرىكالىق ئەمەلدار خىتاينىڭ بۇ ئىزاھاتىنى مەسخىرە قىلىپ: «بۇ (ھەقىقىي) سۈنئىي ھەمراھقا قارشى قورال سىنىقىدۇر» دېدى. خىتاي ئۆزىنىڭ نىشانلانغان سۈنئىي ھەمراھنى توسۇۋېلىپ، ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان، ئوربىتىدا ھەرىكەت قىلىدىغان ۋەيران قىلغۇچ سۈنئىي ھەمراھلىرى ئارقىلىق مانېۋىر ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئەمەلدار يەنە «ئۇلار ئۇخشاش ئوربىتىلىق، سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھەرىكەتلەردە زۆرۈر بولغان تاكتىكا، تېخنىكا ۋە قەدەم باسقۇچلارنى

ئۆگىنىۋاتىدۇ» دېدى.

لىبېرال، مۇداپىئەلىنىشكە قارشى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر بەشبۇرجەكلىك بىنا (دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى)نىڭ خىتاينىڭ سىنىقىنى ئاشكارا ئەيىبلىشىنى قاتتىق چەكلىدى. بۇنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ ئەمەلدارلار ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا سەۋەب تېپىپ بېرىشنى خالىمايتتى. (ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى) بىر باياناتچى خىتاينىڭ بۇ ئۈچ سۈنئىي ھەمراھىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك قوماندانلىق شتابىنىڭ تارمىقىدىكى ئالەم بوشلۇقى ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرىكمە فۇنكسىيەلىك ئۇرۇش قىلىش شتابى تەرىپىدىن كۆزىتىلىۋاتقانلىقىنى، «بۇنىڭ مەزكۇر تارماقنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى نىشانلارنىڭ ئىزىنى قوغلاش ئۈچۈن قىلىدىغان كۈندىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن بىردەك» ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن كۇپايىلەندى. 7 – ئاينىڭ 20 – كۈنى بۇ سۈنئىي ھەمراھلار قويۇپ بېرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەزكۇر شتاب ئۇلارنىڭ ئىزىنى قوغلاشقا باشلىغان ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسىنىڭ ئېيتقىنىدەك، «بۇ ئۈچ سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئۆزئارا ۋە ئالەم بوشلۇقىدىكى باشقا نىشانلارغا كۆرە نىسپىي ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان».

بۇ ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىسى ئىشلەنگەن ۋاقىتتا، ئوباما ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئامېرىكا بىخەتەرلىكىگە قارىتا شەكىللەنگەن بۇ خىل چەتئەل تەھدىتلىرىنى ئاشكارا مۇنازىرە قىلماسلىق «ئەنئەنە»سىگە رىئايە قىلىپ، سىناق قىلىنغان نەرسىنىڭ (ھۇجۇم تىپىدىكى) قورال ئىكەنلىكىنى جامائەتچىلىكتىن قەستەن يوشۇرغان.

«سۈنئىي ھەمراھلىرىمىز ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. ئەمما، بۇ ئەھۋال ئاشكارىلانغان تەقدىردە، بولغۇسى ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىغا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن، دۆلەت مۇداپىئە خامچوتىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا»، ئوباما ھۆكۈمىتى ئامېرىكا خەلقىنىڭ بۇنى بىلىشىنى خالىمىغان، دېگەندى ھېلىقى ئەمەلدار ماڭا.

خىتاينىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مىكرو سۈنئىي ھەمراھ سىنىقىمۇ، ئۇنىڭ ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھلىرىغا يېقىندىن ھۇجۇم قىلىشقا ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكى سەۋەبلىك خەلقئارانى تەشۋىشلەندۈرگەنىدى. 2008 – يىلى، خىتاي ئۆزىنىڭ «شېن جوۋ 7» ناملىق ئادەملىك ئالەم ئۈچقۇسىدىن BX-1 تىپلىق مىكرو سۈنئىي ھەمراھدىن بىرنى قويۇپ بەرگەنىدى. مەزكۇر BX-1 سائىتىگە 17000 مىللىق نىسپىي سۈرئەتتە سەپەر قىلىپ، خەلقئارالىق ئالەم بوشلۇقى پونكىتىغا 15 مىل يېقىنلىقتا ھەرىكەت قىلغانىدى. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك قىلمىش بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا بۇ ئىككىسى ئۆزئارا سوقۇشۇپ كەتسە، ئاقىۋىتى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولغان بولاتتى. ئامېرىكا ئىستىخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى BX-1 مىكرو سۈنئىي ھەمراھ سىنىقىنى كەلگۈسىدىكى ئورتاق ئوربىتىلىق سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھۇجۇمنىڭ تەييارلىقى دەپ قارىغانىدى.

خىتاينىڭ ئىچىدە بولسا، سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ئۇرۇش پىلانى 2012 – يىلى ئېلان قىلىنغان سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھەرىكەت ئېنېرگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئالاقىدار بىر ھەربىي دوكلاتتا ئاشكارىلانغان. بۇ دوكلاتتا خىتاي ئامېرىكانىڭ ياردىمىدە ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ئۇرۇش پروگراممىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ، دېيىلگەنىدى. دوكلاتتا يەنە ئامېرىكانىڭ «يۇرۇشلۇك سۈنئىي ھەمراھ جابدۇقلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان يۇمشاق دېتال پروگراممىسىنىڭ خىتاي ئارمىيەسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى پروگراممىسىغا ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى ئاشكارىلانغان.

مەزكۇر دوكلاتنىڭ تەرجىمە نۇسخىسىدا «سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھەرىكەت ئېنېرگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك يېڭى ئۇقۇم، شۇنداقلا چۆچۈتكۈچى ئۇرۇش مېتودلىرىدىن بىرىدۇر، بۇنىڭدىن سىرت، تەقلىدىي ئالەم بوشلۇقى <سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھەرىكەت ئېنېرگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا> تەتقىقاتىغا ياردەم بېرىدۇ» دېيىلگەنىدى. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ يەنە

بىر تەھلىلچىسى ئالەم بوشلۇقى زامانىۋى ئۇچۇر جەڭگاھىنىڭ «قوماندانلىق نۇقتىسى»دۇر، دېگەنىدى.

خىتاينىڭ ھەربىي ئەسەرلىرىدە «دۈشمەنىنىڭ رازۋېتكا ۋە ئالاقە سۈنئىي ھەمراھلىرىنى ۋەيران قىلىش، بۇزۇۋېتىش ۋە ئۇنىڭغا كاشىلا تۇغدۇرۇش»نىڭ تەخىرسىزلىكى تەكىتلىنىدۇ. خىتاينىڭ يەنە بىر پارچە ھەربىي ئەسىرىدە، دۈشمەننى «كۆرۈش» ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىش، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ سۈنئىي ھەمراھلىرىغا ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىر دوكلاتىدا «سۈنئىي ھەمراھ ۋە باشقا سەزگۈچلەرنى ۋەيران قىلىش ياكى قولغا چۈشۈرۈش دۈشمەننى جەڭگاھتىكى تەشەببۇسكارلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ (باشقۇرۇلىدىغان بومبىغا ئوخشاش) يۇكسەك توغرىلىقتا يول باشلاشقا موھتاج قوراللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشنى مۇشكۇللەشتۈرىدۇ» دېيىلگەنىدى (7).

ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئېلېكترونلۇق كاشىلا دولقۇنى تارقاتقۇچ، تور ھۇجۇملىرى، لازېر ئاپپاراتى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنىڭ GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىغا ئاسانلا ھۇجۇم قىلالايدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋا ئارمىيە سېكرېتارى ھېسېر ۋىلسون (Heather Wilson) 2018 – يىلى ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى ھۇجۇمدىن ساقلىنىش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ يېڭى ۋە ئىلغار GPS سىستېمىسى[1] بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىرىدا، ئامېرىكا ئارمىيەسى يېڭى «كەڭ چاستوتىلىق سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە تورى»نى ئۆزىنىڭ كونا GPS سىستېمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى پىلانلىماقتا. «ئەگەر سىز تېلېفونىڭىزدىكى خەرىتىنى ئېچىپ، ئورنىڭىزنى بەلگىلەيدىغان ئاشۇ كۆك نۇقتىغا قارىسىڭىز، ياكى ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى (ATM)دىن پۇل ئالسىڭىز، (شۇنىڭ بىلىڭكى) بۇلارنىڭ ھەممىسى كولورادو سپرىڭس (Colorado Springs) شەھىرىدىكى (بۇ يەردە شرىۋېر (Schriever) ھاۋا ئارمىيە بازىسىدىكى GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىنى كونترول قىلىش مەركىزى كۆزدە تۇتۇلغان) ئادىمى قىرىققىمۇ يەتمەيدىغان، ھاۋا ئارمىيە ئوتتۇرا ئەترىتى تەمىنلەۋاتقان مۇلازىمەتتۇر. بىز ھەركۈنى پۈتۈن دۇنيادىكى بىر مىلياردتىن كۆپرەك ئادەمنى GPS مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەۋاتىمىز. بۇ تولىمۇ كۈچلۈك ئىقتىداردۇر، شۇنداقلا بىز بۇ سىستېمىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمىز».

خىتاي GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ ئۇرۇشتىكى قىممىتىنى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدىن بىلدى. خىتاينىڭ 2013 – يىلىدىكى «GPS نى كاردىن چىقىرىش ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق تېخنىكىلىق دوكلاتىدا، GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ 1991 – يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئېتىلغان بومبىلارنىڭ سەكسەن پىرسەنتىگە يول باشلاشتا ئىشلىتىلگەن ھالقىلىق ئامىل ئىكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەن. مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتىدا «خىتاي ئامېرىكانىڭ سەككىز سۈنئىي ھەمراھىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، مۇئەييەن رايونلاردا ئامېرىكانىڭ يۇكسەك توغرىلىقتا يول باشلىنىدىغان بومبىلىرىنىڭ نىشانغا دەل تېگىشىگە زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلالايدۇ. ئىككى گۇرۇپپا GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىنى كۆزدىن يوقاتقاندا، GPS سۈنئىي ھەمراھلىرىنىڭ كېچە – كۈندۈز يول باشلاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشىنى توسقىلى بولىدۇ» دېيىلگەن.

2018 – يىلى، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ شتاب باشلىقى، گېنېرال دېيۋىد گولدفېين (David Goldfein) «ئامېرىكا خىتاي ۋە باشقا ئالەم بوشلۇقى تەھدىتلىرىگە قارشى ئىستراتېگىيەلىك ئەۋزەللىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى بولۇشىغا موھتاج. ئامېرىكا ئارمىيەسى <ھۇجۇمغا ئۇچرىماسلىق ۋە ھۇجۇم قىلالاش ئەركىنلىكى>نىڭ كاپالىتى بولغان <ئالەم بوشلۇقى ھۆكۈمرانلىقى>نى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىششى كېرەك» دېدى.

ئۇ يەنە «بىز ئېنېرگىيەلىك، ئاۋازدىن تېز سۈرئەتلىك، كۋانتلىق ھېسابلاش تېخنىكىسىغا

ئىگە قورال‌لارغا ئوخشاش ئالەم بوشلۇقى ساھەلىرىگە قانچىلىك مەبلەغ سالغانلىقىمىزغا قاراپ چىقىۋاتىمىز. شۇنداقلا بىزنى ئەڭ كۆپ كۈچىمىزنى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئاجرىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق بار ئىمكانىمىز بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىپ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئەڭ ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان چارىنى ئىزدەۋاتىمىز» دېدى (8).

2000 – يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسى ئامېرىكانىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم بولغان ئالتە سۇنئىي ھەمراھ توپى ۋە 12 سۇنئىي ھەمراھ سىستېمىسىنى ئىشقا كىرىشتۈرگەنىدى. بۇ سۇنئىي ھەمراھلار ئالاقە، قوماندانلىق ۋە كونترول، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئاگاھلاندۇرۇشى، يادرو قورالى پارتلىتىش ئەھۋاللىرى بايقاش، ھاۋارايى، شۇنداقلا دۇنيا مىقياسىدا GPS يول باشلاش مۇلازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان گېنېرالى، ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك قوماندانلىق شتابىنىڭ سابىق قوماندانى روبېرت كېھلېر (Robert Kehler) سۇ ئاستى پاراخوتى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە بومباردىمانچى ئايروپىلان قاتارلىق يادرو قورالLىرى قىسىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان يادرو قورال‌لىرىغا قوماندانلىق قىلىش ۋە كونترول قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئالاقە سۇنئىي ھەمراھلىرىغا قىلىنغان ئالەم بوشلۇقى ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرۈپ، «قوشۇنلىرىمىز ئالەم بوشلۇقىغا تايانماي تۇرۇپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالسا بولمايدۇ. بىز بۈگۈن دۈشمەننىڭ كۈچلۈك ئالەم بوشلۇقى ھۇجۇمىدا بېشىمىزغا كېلىشى مۇمكىن بولغان زىيانلارنى تېز سۈرئەت ۋە زور مىقداردا تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس» دېدى (9).

دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئالەم بوشلۇقى ئىشلىرىغا مەسئۇل سابىق مۇئاۋىن مىنىستىرى داگ لوۋېررو (Doug Loverro) مەجلىسكە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىغا ياخشى تەييارلىق قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، «ئەگەر بىز بۈگۈن تىنچ ئوكياندا ئۇرۇش قىلىپ قالساق، تىنچ ئوكيان قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى ئالاقە ئىشلىرىدا زور بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. بىزنىڭ 2027 – يىلىدىن بۇرۇن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش پىلانىمىز يوق. ئەمما، ئۇ ۋاقىتقا بارغاندا، دۈشمەن ئۆزىنىڭ ئالاقىدار تېخنىكىلىرىنى ئىككى – ئۈچ ئەۋلاد يېڭىلاپ بولىدۇ» دېگەنىدى (10).

خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقى تەھدىتى ئامېرىكانىڭ 100 مىللىق تۆۋەن ئوربىتىدىن باشلاپ 22500 مىللىق ماس قەدەملىك ئوربىتىغىچە بولغان تۆت خىل ئېگىزلىكتىكى سۇنئىي ھەمراھلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى نىشان قىلغان. «خىتاي ئاشۇ سۇنئىي ھەمراھلارنىڭ ھەرقاندىقىنى نىشانغا ئېلىشقا تەييار. شۇنداقلا، ئۇلار ئۇ سۇنئىي ھەمراھلارغا شۇنداق بىر شەكىلدە زەربە بېرىدۇكى، (ۋاقتى كەلگەندە) بىز ئۆز سۇنئىي ھەمراھلىرىمىزنى قوغداشتىن ئاجىز كېلىمىز» دېگەنىدى ئۇ.

سۇنئىي ھەمراھقا كاشىلا تۇغدۇرۇش ياكى ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىشتىن سىرت، خىتاي ۋە باشقا دۈشمەنلىرىمىز مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان، تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەن يەنە بىر تېخنىكا – سۇنئىي ھەمراھلارغا قىلىنىدىغان تور ھۇجۇمىدۇر. دۈشمەن ئېلېكترونلۇق يوللار ئارقىلىق سۇنئىي ھەمراھنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالسا، خاتا ياكى ئېزىقتۇرغۇچى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، ھەربىي قوماندانلارنىڭ (ئۇقۇشماسلىقتىن) ئۆزى بىلەن ئىتتىپاقداش كۈچلەرنىڭ بازىلىرىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشىگە ۋە ئۆز مەغلۇبىيىتىگە سەۋەب بولىدىغان باشقا ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئىستراتېگىيە ۋە خەلقئارالىق تەتقىقات مەركىزى ئاۋىياتسىيە ئالەم بوشلۇقى بىخەتەرلىكى پروجېكتىنىڭ مۇدىرى تود خاررىسون (Todd Harrison) خىتاي، رۇسىيە ياكى باشقا دۆلەتلىك خاككېرلارنىڭ (سۇنئىي ھەمراھلاردىكى) ئۇچۇر لىنىيەسىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، بۇ ئۇچۇرلارنى ئىستراتېگىيەلىك مەقسەتتە ئىشلىتىشكە كۈچى يېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. «تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان

ئەڭ خەتەرلىك ھۇجۇم شۇكى، ئەگەر بىرەيلەن سىزنىڭ قوماندانلىق – كونترول مەركىزىڭىزدىن سۇنئىي ھەمراھقا ئۇچۇر يوللاش لىنىيەسىگە سوقۇنۇپ كىرىپ، سۇنئىي ھەمراھىڭىزنى كونترول قىلىۋالسا، ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدۇ ياكى ھېچبولمىغاندا سىز ئىشلىتەلمەيدىغان قىلىپ قويالايدۇ» دېدى ئۇ (11).

2049 پروجېكتى ئىنستىتۇتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ئىئان ئېستون (Ian Easton)مۇ ئالەم بوشلۇقىنىڭ كەلگۈسى ئۇرۇشتىكى ئاساسلىق جەڭگاھ بولىدىغانلىقىدىن شەك قىلمايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: (12)

ئەگەر بۇ ئەسىردە بۈيۈك كۈچلەر ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرسە، بۇ ئۇرۇش يەر يۈزىدىكى ياكى ھاۋا بوشلۇقىدىكى پارتلاش سادالىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈكۈناتقا تولغان تاشقى ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ پارتلىشى ۋە لازېر نۇرلارنىڭ يالت – يۇلتلىرى بىلەن باشلىنىدۇ. خىتاي ئامېرىكانىڭ تىنچ ئوكياندىكى كەلگۈسى ھەربىي ئىستراتېگىيەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان سۇنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللار بىلەن ھەپىلىشىۋاتىدۇ. خىتاينىڭ سۇنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللارنى ياسىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىق بىلەن بۇ جەھەتتىكى قوراللارنى توختىماي سىناق قىلىشى، بۇ جەھەتتىكى كۈتۈلمىگەن دەرىجىدىكى تېز تەرەققىياتى ۋە بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ كۆلىمىنىڭ زورلۇقى ئامېرىكانىڭ ئۆز ئىستراتېگىيەسىنى قايتىدىن تەڭشىشى ۋە قورال – ياراغ ياساش پىلانلىرى جەھەتتە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولدى. ئامېرىكا ئۇرۇش پىلانچىلىرى ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن يۈز بەرگۈسى ھەرقانداق توقۇنۇشتا، «ئالەم بوشلۇقىدىكى مەرۋايىت پورتى (پېئارىل خاربور)» ۋەقەسى كۆرۈلگەندە نېمە قىلارنى بىلمەي، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ سەركىسىلىك ئورنىدىن ئايرىلىپ، سانائەت دەۋرى سەۋىيەسىدىكى بىر دۆلەتكە ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە ئىنتايىن جىددىي مۇئامىلە قىلماقتا. نەتىجىدە، خىتاينىڭ ئاللىقاچان ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك سەۋىيەگە يەتكەن سۇنئىي ھەمراھقا قارشى پروگراممىسى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىش ۋە كېڭىيىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكامۇ بۇ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سۇنئىي ھەمراھقا قارشى قوراللارغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋە كېيىنكى ئەۋلاد ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسىنى تەدرىجىي كۈچەيتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بۇ تاشقى ئالەم بوشلۇقىدىكى «ئېسىل مۇسابىقە» تىپىدىكى رىقابەتكە سەۋەب بولماقتا.

ئامېرىكا ئىستىخبارات دائىرىلىرى 2006 – يىلى بىر لازېر ئاپپاراتىنىڭ ئامېرىكا رازۋېتكا سۇنئىي ھەمراھىنىڭ «كۆزىنى چاقنىتىۋەتكەن»لىكىنى بايقىغاندىن بۇيان، خىتاي ئارمىيەسىنىڭ سۇنئىي ھەمراھقا قارشى لازېر ئاپپاراتلىرىنى ئىشلىتىشى بىلىنگەن تەھدىت بولۇپ قالدى. 2013 – يىلىغا كەلگەندە، «ئالەم بوشلۇقىنى بازا قىلغان لازېر قوراللىرى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش» ناملىق ھەربىي دوكلاتتا خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كەلگۈسىدە لازېر ئاپپاراتلىرىنى ئىشلىتىش پىلانى ئاشكارىلانغان. مەزكۇر دوكلاتتا نۆۋەتتە ئالەم بوشلۇقىنى بازا قىلغان يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك لازېر قوراللىرى ئۈچۈن مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان تېخنىكىلار ئاشكارىلانغان.

ئالەم بوشلۇقىدىكى كەلگۈسى ئۇرۇش ھالاك قىلغۇچ بولۇشى، بولۇپمۇ ھەربىي ھەرىكەتلەر ۋە ھالقىلىق يۇقىراۋى ئېھتىياجلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇنئىي ھەمراھ ئالاقە ئەسلىھەلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ئوربىتا سۇنئىي ھەمراھلىرىغا ئېلېكتروماگنېت ئىمپۇلسى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئالەم بوشلۇقى ھۇجۇمىدا قوللىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئېلېكتروماگنېت ئىمپۇلسى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئالەم بوشلۇقىدا يادرو بومبىسىنى پارتلىتىش پىلانى بار. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىدارىسىنىڭ سابىق ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى مۇتەخەسسىسى ستىۋ لامباكىس (Steve Lambakis)نىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ بارلىق ئوربى-

تىلاردىكى سۈنئىي ھەمراھلىرىنى تەھدىتكە ئالەم بوشلۇقىدىكى كەلگۈسى ئۇرۇش ھالاك قىلغۇچ بولۇشى، بولۇپمۇ ھەربىي ھەرىكەتلەر ۋە ھالقىلىق پۇقراۋى ئېھتىياجلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈنئىي ھەمراھ ئالاقە ئەسلىھەلىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ئوربىتا سۈنئىي ھەمراھلىرىغا ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىش خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى ئالەم بوشلۇقى ھۇجۇمىدا قوللىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئېلېكتروماگنىت ئىمپۇلسى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئالەم بوشلۇقىدا يادرو بومبىسىنى پارتلىتىش پىلانى بار. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش ئىدارىسىنىڭ سابىق ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى مۇتەخەسسىسى ستىۋ لامباكىس (Steve Lambakis)نىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «خىتاينىڭ ئامېرىكانىڭ بارلىق ئوربىتىلاردىكى سۈنئىي ھەمراھلىرىنى تەھدىتكە ئۇچرىتىش ئىقتىدارى بارغانسېرى كۈچىيىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىرىش رەت قىلىنىدىغان رايون ئىستراتېگىيەسىنى قوللايدىغان كۆپ ئۆلچەملىك سۈنئىي ھەمراھقا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىنقى سۈنئىي ھەمراھقا قارشى پائالىيەتلىرى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتچان ئالەم بوشلۇقى قوراللىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە مەركەزلەش- كەندەك قىلىدۇ» (13).

بېيجىڭ GPS قا ئوخشاش ئامېرىكا تايىنىۋاتقان سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىلىرىنى چەتئەل كۈچلىرىنىڭ چاڭگىلىدا قالغان، چوقۇم تاقابىل تۇرۇش كېرەك بولغان قورال دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بېيجىڭ ئۆزىنىڭ بېيدوۋ سىستېمىسىغا تەۋە 19 دانە ئوربىتىدا يول باشلاش سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بېرىش (بۇ سۈنئىي ھەمراھلاردىن يەنە 16 نى قويۇپ بېرىش پىلانلانماقتا)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەم بوشلۇقى پروگراممىلىرىغا مىلياردلاپ مەبلەغ سالدى. بۇ سۈنئىي ھەمراھلار خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى ۋە ئۇزاق مۇساپىلىك ھۇجۇمچى قوراللىرىنى كۈچەيتىشكە تۆھپە قوشىدىغان مۇھىم ئامىل بولدى.

بولىدۇ. خىتاي ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى ئامېرىكانىڭ ھىندى – تىنچ ئوكيان رايونىغا كىرىشىنى توسۇشتۇر.

خىتاي يەنە ئۆزى «ئالەم بوشلۇقىدىكى تور ئۇرۇشى» دەپ ئاتىغان پىلانلارنىمۇ ئاشكارىلىغان. 2012 – يىلى 12 - ئايدا رەقەملىك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى قوزغاش ھەققىدە توختالغان شۇ ماۋزۇلۇق تەتقىقات دوكلاتى ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ دوكلاتتا «ئالەم بوشلۇقى تور ھۇجۇمى ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسىنى، شۇنداقلا قاتتىق زەخمىلەش (باشقۇرۇلىدىغان بومبا دېگەندەك ھۇجۇمچى قوراللار بىلەن قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى كۆرسىتىدۇ، ت) ۋە يۇمشاق زەخمىلەش (يۇمشاق زەخمىلەش دېگىنىمىز قارشى تەرەپنى ئۆزى تەرەپنىڭ سىگنالىغا نورمال ئېرىشەلمەيدىغان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە ئۆزى تەرەپنىڭ سىگنالىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ياكى ساختا سىگنال تارقىتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى بار، ت) مېتودلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ھۇجۇم ئۆز تەرەپنىڭ ئىشلىرىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تور بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەننىڭ تور ھەرىكەتلىرىنى ياكى تور ئەسلىھەلىرىنى پالەچلەندۈرۈش، ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۇلارغا كاشىلا تۇغدۇرۇش ياكى ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ» دېيىلگەن (14).

باشقا ھۇجۇم مېتودلىرىدىن تور سىستېمىسىغا ئېلېكتروماگېنتلىق كاشىلا تۇغدۇرۇش، تور سىستېمىسىغا ئۇلىنىش، خاككېرلىق ھۇجۇمى، ئۈچۈر ئالدامچىلىقى ۋە كاشىلا تۇغدۇرۇش تېخنىكىسى، ۋىرۇس تارقىتىش، سىڭىش ھۇجۇمى ۋە تور مۇلازىمىتىگە ئېرىشىشكە توسقۇنلۇق قىلىش ھۇجۇمى تېخنىكىلىرى قاتارلىقلار بار.

2011 – يىلىدىكى خىتاينىڭ بىر پارچە ھەربىي ئەسىرىدە، يۇقىرى بېسىملىق مىكرودولقۇنلۇق قوراللارنى خىتاينىڭ سۈنئىي ھەمراھقا قارشى، ئۈچ خىل ئېنېرگىيەلىك قورال ھۇجۇمىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قوللىنىش پىلانى ئاشكارىلانغان. بىر خەۋەردە، مىكرودولقۇننىڭ پارتلىشى «مەخپىيلىك، يۇقىرى ئۈنۈم، كەڭ ھۇجۇم دائىرىسى ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە بولغان قارشىلىق كۈچى»

بىلەن تەمىنلەيدۇ، دېيىلگەنىدى.

تېخىمۇ ھوشيار بولۇشقا تېگىشلىك ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى تېخنىكىلىرىدىن يەنە بىرى خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باش قورال – ياراغ بۆلۈمى 2014 – يىلى 2- ئايدا ئېلان قىلغان، ئىستراتېگىيەلىك ئالەم بوشلۇقى كۈچى ھازىرلاش ھەققىدىكى ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «تاشقى ئالەم بوشلۇقى چوڭ كۈچلەر ئارىسىدىكى ئاساسلىق رىقابەت سەھنىسىگە ۋە خەلقئارالىق ئىستراتېگىيەلىك رىقابەتتىكى يېڭى ھالقىلىق نۇقتىغا ئايلاندى، شۇنداقلا ئالەم بوشلۇقى كۈچى يېڭى ئەسىردە كىرىزىسنى تىزگىنلەش، ئۇرۇشتا يېڭىش، دۆلەتنىڭ ھەققى - ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتلەردىكى ھەل قىلغۇچ كۈچكە ئايلاندى. ئالەم بوشلۇقى كۈچى ھازىرلاش قەدىمىنى تېزلىتىش ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە» دېيىلگەن.

خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى جەھەتتىكى تەھدىتىگە ئالاقىدار شۇنچە كۆپ دەلىل – ئىسپاتلار بارلىقىغا قارىماستىن، خىتاي ئارمىيەسى ئاشكارا سورۇنلاردا داۋاملىق «گەرچە خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشىغا تەييارلىقى بولسىمۇ، لېكىن خىتاي ھېلىھەم ئالەم بوشلۇقىدا ئۇرۇش پارتلىشىنى خالىمايدىغان تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتتۇر» دېگەن سەپسەتىسىنى تارقاتماقتا. خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ داشياۋى رېن گوچياڭ (Ren Guoqiang)ئامېرىكانىڭ ئالەم بوشلۇقى قوراللىرى پىلانلىرى ھەققىدە، «خىتاي ئىزچىل تاشقى ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچ پايدىلىنىشنى ھىمايە قىلىپ، تاشقى ئالەم بوشلۇقىغا قورال ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھەربىي ھازىرلىق رىقابىتىگە يول ئېچىشقا قارشى تۇرۇپ كەلدى. شۇنداقلا، خىتاي تاشقى ئالەم بوشلۇقىدا قورال كۈچى ئىشلىتىش ياكى قورال كۈچى ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە تەھدىت شەكىللەندۇرۇشكە ئىزچىل قارشى» دېدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە باياناتلىرى جەھەتتىكى ئالدامچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىقلىرىنى چۈشىنىشىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن، «بېيجىڭ ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچ پايدىلىنىش ئۇقۇمىنى ئىزچىل ئىلگىرى سۈرۈپكەلدى» دېگەن كاززابلىق چوقۇم ئوچۇق پاش قىلىنىشى كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى، خىتاينىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم تەدبىر قوللىنىش لازىم.

ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ تۆت يۇلتۇزلۇق گېنېرالى، شتاب باشلىقى گولدفېين شۇنداق دېگەن: «بىز بىر قوشۇن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۈگۈن ھاۋا ئارمىيەسى ئۈستۈنلۈكىگە قاراتقان جۈشقۇنلۇق ۋە خوجىدارلىق تۇيغۇمىزنى چوقۇم ئالەم بوشلۇقىدىكى ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشكىمۇ قارىتىشىمىز لازىم». ئامېرىكا كەلگۈسى ئالەم بوشلۇقى توقۇنۇشىدا «ھەرزامان ئۈۋچى بولۇشى كېرەككى، ئوۋ بولۇپ قالماسلىقى كېرەك» دېدى.

(داۋامى كېلەرساندا ئۇلاپ بېرىلىدۇ)

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**ھېكمەتيار ئىبراھىم , ئەنۋەر قاراقۇرۇم**

**Chapter 3: China Wars**

1 Hillary Clinton, *Hard Choices* (New York: Simon & Schuster, 2014).

2 Jamil Anderlini, "Bo Xilai: Power, Death and Politics," *Financial Times*, July 20, 2012, https://www.ft.com/content/d67b90f0-d140-11e1-8957-00144feabdc0.

3 Chinese internet; Pin Ho and Wenguang Huang, *A Death in the Lucky Holiday Hotel: Murder, Money, and an Epic Power Struggle in China* (New York: PublicAffairs, 2013).

4 Paul Heer, "A House United," *Foreign Affairs*, July/August 2000, https://www.foreignaffairs.com/articles/asia/2000-07-01/house-united.

**Chapter 5: Assassin's Mace in Space**


1 Statement for the Record Worldwide Threat Assessment of the US Intelligence Community, Senate Armed Services Committee. Daniel R. Coats, Director of National Intelligence, May 23, 2017, https://www.dni.gov/files/documents/Newsroom/Testimonies/SASC%202017%20ATA%20SFR%20-%20FINAL.PDF.

2 Ibid.

3 Bill Gertz, "China Carries Out Flight Test of Anti-Satellite Missile," *Washington Free Beacon*, August 2, 2017, https://freebeacon.com/national-security/china-carries-flight-test-anti-satellite-missile/.

4 Bill Gertz, "China Tests Anti-Satellite Missile," *Washington Free Beacon*, November 9, 2015, https://freebeacon.com/national-security/china-tests-anti-satellite-missile/.

5 Bill Gertz, "Pentagon: China, Russia Soon Capable of Destroying US Satellites," *Washington Free Beacon*, January 30, 2018, https://freebeacon.com/national-security/pentagon-china-russia-soon-capable-destroying-u-s-satellites/.

6 The Air Force NIAC report was published in my book *Betrayal* in 1999.

7 Yu Ming, Bi Yiming, and Deng Penghua, "Information Flow Building of Kinetic Energy Antisatellite Maneuver Based on STK," PLA Second Artillery Engineering University (Xian, China), US government translation, December 7, 2012.

8 Bill Gertz, "Air Force: GPS Satellites Vulnerable to Attack," *Washington Free Beacon*, March 16, 2018, https://freebeacon.com/national-security/air-force-gps-satellites-vulnerable-attack/.

9 Ibid.

10 Ibid.

11 Ibid.

12 Ian Easton, *The Great Game in Space: China's Evolving ASAT Weapons Programs and Their Implications for Future U.S. Strategy*, Project 2049 Institute, June 24, 2009, https://project2049.net/wp-content/uploads/2018/05/china_asat_weapons_the_great_game_in_space.pdf.

13 Steven Lambakis, "Foreign Space Capabilities: Implications for US National Security," *Comparative Strategy* 37, no. 2 (2018): 87–154, DOI: 10.1080/01495933.2018.1459144.

14 Huang Hanwen, Lu Tongshan, Zhao Yanbin, and Liu Zhengquan, "Study on Space Cyber Warfare," *Aerospace Electronic Warfare*, no. 6 (December 1, 2012).



# خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى ئانا يۇرتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان NASA ئىنژېنېرى بىلەن سۆھبەت

**ئارۇن شىرەڭك**



دۇنيا مىقياسىدا تاجىسمان ۋىرۇس يامرىغاندا، ئەركىن سىدىق بۇ دۇنياۋى ۋابانىڭ خەلقئارالىق تەكشۈرگۈچىلەرنى ئۇنىڭ خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى بېسىۋېلىنغان ۋەتىنى (شەرقىي تۈركىستان)نى زىيارەت قىلىشقا، شۇنداقلا بۇ يەردىكى مەخپىي جازا لاگېرلىرىنىڭ ئىچىۋزىنى ئېچىشقا قايىل قىلالىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدى.

«مەن بىز بەزى كىشىلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتەلىشىمىز، شۇنداقلا ئۆتكەن ئۈچ يىلدا ئۇ يەردىكى نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلىشىمىز ۋە بۇلارغا قارىتا بەزى ئىشلارنى قىلالىشىمىز مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم» دەيدۇ ئەركىن سىدىق.

چەتئەلدىكى بۇ ئۇيغۇر ئالىم يىللاردىن بېرى خەلقئارانى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالغا ئارىلىشىشقا ئۈندەپ كەلگەنىدى. **2018** – يىلى **8** – ئايدا، ئەركىن سىدىق مەسلىھەتچىسى بولغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر كومىتېتىغا ئۆزىنىڭ مۆلچەرىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك مۇسۇلمان مىللەت كىشىلىرىنى زامانىۋى جازا لاگېرلىرىغا سولىۋالغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ مۆلچەر كېيىن ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى، شۇنداقلا بىر قاتار مۇستەقىل تەكشۈرگۈچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن دەلىللەندى.

بۇنىڭدىن باشقا نەچچە مىليونلىغان ئۇيغۇر ئۆتكەن نەچچە يىلدا ئۆز ۋەتىنىدە باستۇرۇلۇشقا ئۇچراپ كەلدى، ئۇلارنىڭ گەپ – سۆز، مېڭىش – تۇرۇش ۋە باردى – كەلدىلىرى خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن نازارەت قىلىندى ۋە چەكلەندى. مەزكۇر جازا لاگېرلىرىدىن قۇتۇلغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قىيىن – قىستاققا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى يادلاشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى ئېيتتى.

«بۇ ئىنسانىيەتكە قىلىنغان جىنايەتتۇر، مەن بۇنى توختىتىش ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى قىلماقچى. مەن ناھايىتى ئاز ئۇخلايمەن، بېسىپ ئىشلەيمەن. مېنىڭ ھەپتە ئاخىرى دەم ئېلىشلىرىم يوق. مەن ئاشۇ كىشىلەرنى (ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى) قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، قولۇمدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىۋاتىمەن. مەن قانچىلىك ئادەمنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئەمما، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ» دېدى ئەركىن سىدىق سانتا كلارىتا (**Santa Clarita**)دىكى ئۆيىدە.

ئەركىن سىدىق **NASA** نىڭ پۇركىمە ئىتتىرىش تەجرىبىخانىسى (**Jet Propulsion Lab**)نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى. ئۇ بىز تۇرۇۋاتقان قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى پىلانېتلارنى بايقاشقا ئىشلىتىلىدىغان ئالەم تېلېسكوپلىرىنى ياساش بىلەن ئالدىراش بولمىغان چاغلىرىدا، ۋاقتىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەردىنى ئاڭلىتىشقا سەرپ قىلىدۇ.

ئەركىن سىدىق نۆۋەتتىكى تاجىسمان ۋىرۇسى سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋالدىن تېخىمۇ بەك ئەندىشە قىلماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىنقى ئايدا (**2020** – يىلى **4** – ئايدا) **20** مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار (بۇ خىتاي تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇمات بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىلا **30** مىليونغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە، ت) بۇ رايوندىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ يۈزگە يەتمەيدىغانلىقىنى ۋە بىر نەچچىلا ئادەمنىڭ بۇ كېسەل سەۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئېلان قىلغانىدى.

ئەركىن سىدىق بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ قامال ئاستىدا ياشاۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ، بولۇپمۇ لاگېرغا، تۈرمىلەرگە سولانغانلارنىڭ ۋە ئارىلىق ساقلاپ ئىشلەش مۇمكىن بولمايدىغان زاۋۇتلارغا مەجبۇرىي ئاپىرىلغانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرىمەكتە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى پاخال ئورنىدا كۆرىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ۋابا يامرىغان تەقدىردىمۇ، بۇنى كۆرمەسكە سېلىشىدىن قورقىدۇ.

**يۇرۇۋگۇم يىغلايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوق بولدى**




دوكتۇر ئەركىن سىدىق خەرىتىدىن ۋەتىنىنى كۆرسەتمەكتە. (CHAVA SANCHEZ/LAist)

**جەنۇبىي كالىفورنىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدىغان يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر بار، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەركىن سىدىققا ئوخشاش، لوس ئانجېلىس رايونىغا ئوقۇشقا كەلگەنلەر.**

**يېقىنقى يىللاردا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى سەۋەبلىك، نۇرغۇن يەرلىك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار (شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت ھەققىدە) سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇرۇق – تۇغقانلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئىسمىنى يوشۇرۇپ سۆزلىدى.**

**ئەركىن سىدىق مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە كۇلتۇرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قانچە تەشكىلاتقا يېتەكچىلىك قىلماقتا. بۇلتۇر ئۇ تۈركىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇئەييەن مىقداردا ئۇيغۇرلار بار بىرقانچە دۆلەتنى زىيارەت قىلدى. ئۇ 2018 – يىلىدىن باشلاپ، جەنۇبىي كالىفورنىيەدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى سىنىپلار، چېركاۋلار ۋە ئىسلامىي مەركەزلەردە ئون نەچچە قېتىم لېكسىيە سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ NASA نىڭ ئىنژېنېرلىقى سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشتى.**

**ئەركىن سىدىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن لىق تولغان زالدا 45 مىنۇت لېكسىيە سۆزلەپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 15 مىنۇتتا ئالەم تېلېسكوپى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە 20 مىنۇت توختالدى ۋە ئاخىرقى ئون مىنۇتتا ئۇلارغا دۇتار چېلىپ بەردى.**



دوكتۇر ئەركىن سىدىقنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە بەش قېرىندىشى 1980-يىللارنىڭ ئاخىرى (رەسىمدە ئەركىن سىدىق يوق)

**ئۇ دائىم يۇۋتۇېتىن دۇتار مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، لېكىن ئەمدى ئاڭلىماس بولدى.**

**«مەن هازىر بۇ فىلىملەرنى كۆرەلمەيمەن، كۆرسەم يىغلاپ سالىمەن، چۈنكى ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلاندى. تونۇلغان ناخشىكەشلەر، سەنئەتچىلەرنىڭ ھەممىسى جازا لاگېرلىرىدا. بۇ ئىش يۈرەكنى ئېزىدۇ» دەيدۇ ئۇ.**

**شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ داڭلىق دۇتتارچى، خەلق مۇزىكانتى ۋە شائىر ئابدۇرېھىم ھېيت 2017 – يىلى قولغا ئېلىنغان. بۇ داڭلىق دۇتتارچى ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇرېھىم ئابدۇللاھنىڭ «ئاتىلار» دېگەن شېئىرىدىكى «بىز ئاتالدۇق بەزمىدە يىگىت، ئېھ ئاتىلار جەڭلەردە شېھىت» دېگەن مىسرالىرىنى ناخشا قىلىپ ئوقۇغانلىقى سەۋەبلىك خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغانىدى.**

## باشقىلار قىلغاننى بىزمۇ قىلالايمىز

**ئەركىن سىدىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان. 1949 – يىلىغىچە بىر قانچە يىل داۋاملاشقان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بۇ يەردە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى، ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن، مەزكۇر دۆلەت خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى ۋە كېيىنچە تىبەتكە ئوخشاش ئاتالمىش ئاپتونوم رايون قىلىندى.**

**شەرقىي تۈركىستان (خىتاينىڭ ستاتىستىكىسىغا كۆرە) ئون مىليوندىن كۆپرەك ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىدۇر. ئۇيغۇرلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان، مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمان خەلق، شۇنداقلا ئۇلار كۇلتۇر جەھەتتە بېيجىڭغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. ئۇيغۇرلار نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى قەشقەرگە ئوخشاش يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىدىكى شەھەرلەردە ياشاپ كەلگەن. خىتاي 70**

يىل بۇرۇن بۇ يەرنى بېسىۋالغاندا، شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن سەكسەن پىرسەنتى ئۇيغۇر ئىدى. ھازىر خىتاينىڭ توختىماي نوپۇس يۆتكىشى نەتىجىسىدە، بۇ نىسبەتەن (خىتاينىڭ ستاتىستىكىسىغا كۆرە) 45 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى.

ئەركىن سىدىقنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسى شەرقىي تۈركىستاندا ئوقۇغۇچىلىق مەزگىللىرىدىلا باشلانغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەينى چاغلاردا خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرىغانىكەن.

«خىتايلار ئۇيغۇرلارنى قالاق دەپ ئويلايتتى، مەن <ئۇنداق ئەمەس، خەق قىلغاننى بىزمۇ قىلالايمىز، مەن سىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرەي> دەيتتىم. مېنىڭ زېھنىيىتىم ئاشۇنداق، بۇ ھەم مېنىڭ مۇشۇنچە تىرىشىشىمدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى» دەيدۇ ئۇ.

ئەركىن سىدىقنىڭ دېيىشىچە، ئۇ خىتاينىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى «بىلىمنىڭ پايدىسى يوق» دېگەن شوئارى ھەققىدە ئويلانغان ۋە دەل شۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇر ئالغان.

**1978** – يىلى، ئەركىن سىدىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»غا ئوقۇشقا كىرىپ، فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىسىغا ئايلانغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلار رەھبىرى، شۇنداقلا مەكتەپتە ئۆزلۈكىدىن ئىنگلىزچە ئۆگەنگەن تۇنجى ئوقۇغۇچى ئىدى.

«(ئىنگلىزتىلى ئۆگىنىشنى) دەسلەپ باشلىغان ۋاقتىمدا، ھېچكىم ماڭا ئىشەنمىدى، مېنى زاڭلىق قىلىشتى. لېكىن، بىر قانچە ئايدىن كېيىن، مەكتەپتىكىلەر قىلىۋاتقان ئىشىمنى تونۇپ يېتىپ، مەكتەپنىڭ گېزىت – رادىيولىرىدا مەن توغرىسىدا گەپ بولۇنۇشقا باشلىدى» دەيدۇ ئۇ.



ئاقسۇ 4-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئەركىن سىدىق 1967-1968-يىللىرى (ئالدىنقى رەت سولدىن 4-بالا ئەركىن سىدىق)

ئەركىن سىدىقنىڭ دېيىشىچە، ئۇ 1983 – يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەلۇم دەرىجىلىك خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سېكرېتارى ئۇنىڭغا ئالدىدا «ئىلىم – پەن تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى ئۆزىگە ئوخشاش پارتىيە ئەمەلدارى بولۇشتىن ئىبارەت» ئىككىلا يول بارلىقىنى، ئەمەلدارلىق يولىنى تاللىسا مەخسۇس شوپۇرى ۋە ئاشپىزى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. لېكىن، ئەركىن سىدىق ئىلىم يولىنى تاللىغان.

ئۇ 1988 – يىلى كالىفورنىيە شىتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نورسىرىج شۆبىسىگە ئوقۇشقا كىرگەندە، ئاللىقاچان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئاۋانگارتىغا ئايلانغانىدى. ئۇ پىدائىي مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى تەسىس قىلىپ، باشقا ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكاغا كېلىپ ئوقۇش ھەققىدە مەسلىھەت بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ توردا پەرزەنت تەربىيەسى ۋە ھايات نىشانى بەلگىلەش قاتارلىق تېمىلاردا ئۇيغۇرچە ماقالىلەرنى يېزىپ، شەرقىي تۈركىستاندا نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەرگە ئىگە بولغان.

«مەن ئاشۇ شەكىلدە كىشىلەرگە تەسىر قىلغانىدىم، بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەندىن قورقۇشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى. يەنى مەن ئۇلار (ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىم) ئۈچۈن ئېنېرگىيەگە ئايلانغانىدىم» دەيدۇ ئۇ.

1990 – يىللىرى، ئەركىن سىدىق لوس ئانجېلىستىكى چاغلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل مۇسۇلمان دۆلەتلىرى پەيدا بولغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىلچى تەشكىلاتلارغا بولغان ئاشكارا ياردەم كۈچەيگەنىدى.

«كىشىلەر شۇنىڭدىن (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىدىن) ئۈمىدلەنگەنىدى، باشقىلار مۇستەقىل بولغان يەردە، بىز نېمىشقا مۇستەقىل بولمىغۇدەكمىز؟ بىز خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشيالمايمىز، دېيىشتى. ئەگەر خىتاي 1949 – يىلىدىكى ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ھەقىقىي ئاپتونومىيە بەرگەن بولسا، بۇ ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولاتتى» دەيدۇ ئەركىن سىدىق.



1998 – يىلى، ئەركىن سىدىق باشقىلار بىلەن بىللە «ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى»نى قۇرغان، بۇ ۋاشىڭتونغا جايلاشقان، ئۇيغۇر دەۋاسىنى قوللايدىغان تەشكىلات ئىدى. ئەركىن سىدىقنىڭ دېيىشىچە، خىتايلار شۇ سەۋەبلىك ئۇنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا ئۇنىڭغا ۋىزا بەرمىگەن.

**خىتاينىڭ ياۋايىلىقى**

ئەركىن سىدىق ئاخىرقى قېتىم 2009 – يىلى شەرقىي تۈركىستانغا بارغان ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى»دا سوئال – جاۋاب مەجلىسىگە قاتنىشىپ، يۈزلىگەن ئوقۇغۇچى بىلەن كۆرۈشكەن.

شۇنىڭدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈزاقتىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆچمەن خىتايلارغا ئەلا مۇئامىلە قىلىنىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كەمسىتىلىشىگە بولغان نارازىلىق سەۋەبلىك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە توقۇنۇش يۈز بەرگەن. خىتاينىڭ خەۋىرىگە كۆرە، شۇ قېتىملىق توقۇنۇشتا 200 دىن كۆپرەك ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، ئۆلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا، شەرقىي تۈركىستان جىددىيلىك ۋە مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى ئەدىدى ۋە خىتاينىڭ زۇلمىمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى.

«2009 – يىلدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى ياكى ئالاقىلىشىشنى جىنايەت دەپ بېكىتتى. ئەينى چاغدا مەن بىلەن كۆرۈشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنى ساقچىلار تەرىپىدىن سوراق قىلىندى، ئوقۇشتىن ھەيدەلدى ياكى يوقىتىۋېتىلدى» دەيدۇ ئۇ.




دوكتۇر ئەركىن سىدىق NASA تەجرىبىخانىسىدا 2006 -يىلى

ئەركىن سىدىق شەرقىي تۈركىستاندا نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، شۇنداقلا يازغۇچى ۋە ئالىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئادەمنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىدۇ. ھەتتا، ئەركىن سىدىق بىلەن ئېلىخەت ئارقىلىق ئالاقىلاشقان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرىمۇ شۇنىڭ دەردىگە ئۇچرىغان. ئەركىن سىدىقنىڭ دېيىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەركىن سىدىق ئىسىملىك بىر ئادەم ئىسمىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىكلا قولغا ئېلىنغان، قىيىن – قىستاقتا ئېلىنغان ۋە ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

«ئەنە شۇ ئىشلار سەۋەبلىك، كېچىلىرىمۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ ۋە قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىشقا تىرىشىمەن» دەيدۇ ئۇ.

2014 – يىلى، خىتاي «تېرورىزمغا قارشى تۇرۇش» باھانىسىدە، ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى نىشان قىلغان «قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى باشلىدى. خىتاي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە كۆرسىتىلگىنىدەك، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ (شەرقىي تۈركىستاندا) ئامېرىكانىڭ «11 – سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى «تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش» ئەندىزىسىنى قوللىنىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن.

(خىتاي بىلەن تولىمۇ قويۇق مۇناسىۋىتى بار) سۈرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، بىر قانچە مىڭ ئۇيغۇر جىھاد قىلىش ئۈچۈن سۈرىيەگە بارغان. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي يەنە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاندا «بۆلگۈنچىلىك» ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئەيىبلەپ كەلگەن. لېكىن، خىتاي تىغ ئۇچىنى ئاتالمىش «تېرورلۇق»قا قارىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، مۆتىدىل دىنىي پىكىرلەرنى ۋە مۇستەقىللىق ھەققىدىكى تىنچ مۇھاكىمىلەرنىمۇ باستۇرغان.

شەرقىي تۈركىستان پۈتۈنلەي قامال قىلىنغان ساقچى دۆلىتىگە ئايلانغان، مىليونلىغان ئۇيغۇر كېچە – كۈندۈز نازارەت قىلىنغان ۋە ۋۇجۇدىدىكى ئۇيغۇر كۈلتۈرىنىڭ ئىپادىلىرى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن.



دوكتۇر ئەركىن سىدىق 2009-يىلى ئۆزى بىلەن سۈرەتكە چۈشكەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەسىمنى كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

**ۋەتەندىن كەلگەن ئۈچۈرلار**

**ئەركىن سىدىق ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشخانىسىدا، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «ۋەتىنىمىزدىن كەلگەن يېڭى ئۈچۈرلار» دېگەن تېمىدا ۋىدىيولارنى ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئەركىن سىدىق 2017 – يىلىدىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەققىدە ئۈچۈر ئالالمايۋاتىدۇ. چۈنكى، ئەركىن سىدىق بىلەن سۆزلىشىش ئۇلارنىڭ لاگېرغا سولىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.**

**لېكىن، چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە سابىق لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى، خىتاينىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارىلانغان ھۆججەتلىرى، سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتلەر ۋە ئەنئەنىۋى تاراتقۇلاردىكى تولىمۇ ئاز خەۋەرلەرنىڭ نەتىجىسىدە، جاھان ئەھلى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى.**

**شەرقىي تۈركىستان چەت، شۇنداقلا ئېچكى قۇرۇقلۇقتا بولغاچقا، خىتاي بۇ خىل ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەردىكى ئۈچۈرلارنى قاتتىق تىزگىنلەپ كەلدى. شۇ ۋەجىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرىغا ئالاقىدار ئەڭ دەسلەپكى ئۈچۈرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەركىن سىدىققا ئوخشاش چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن.**

**«بۇ ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى – سىرتىدا سەپەر قىلىپ ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. بىز ئەڭ دەسلەپتە (شەرقىي تۈركىستاندىكى) كىشىلەرنىڭ قولغا ئېلىنىۋاتقانلىق، يوقاپ كېتىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئەنە شۇلاردىن ئاڭلىدۇق» دەيدۇ گېرمانىيەلىك مۇستەقىل تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز.**



خىتاي ھۆكۈمىتى «تەربىيلەش مەركىزى»دەپ ئاتىۋالغان قازا لاگېرلىرىدىن بىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى
ئارتۇش، شەرقىي تۈركىستان

ئادرىيان زېنز «كوممۇنىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنى خاتىرىلەش فوندى»نىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئىشلىرى تەتقىقاتچىسىدۇر. ئۇ 2016 – يىلىدىن باشلاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ دوكلاتلىرى ۋە سانلىق مەلۇمات تەھلىللىرى تۇنجى قېتىم خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا نەچچە ئون مىڭلىغان بىخەتەرلىك ساقلاش خىزمەتچىلىرىنى ئەكەلگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ۋە شۇ ئارقىلىق بىر مىليون ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇيغۇرنىڭ لاگېرلارغا قامالغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە تۈرتكە بولغانىدى.

ئادرىيان زېنزنىڭ ئاساسلىق ئۇچۇر مەنبەسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشلارغا خېرىدار چاقىرىش ئېلانلىرىغا ئوخشاش، جازا لاگېرلىرىنىڭ كۆلىمى ۋە دائىرىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت – ماتېرىياللىرىدۇر.

«خىتايلار باشقىلارنىڭ بۇ خىتايچە ھۆججەتلەرنى ۋە بۇ خىل ماتېرىياللارنىڭ زادى نېمىگە ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ يۇرۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى» دەيدۇ ئادرىيان زېنز.

بۇلتۇر «خىتاي ھۆججەتلىرى» دېگەن نامدا ئاشكارىلانغان خىتاينىڭ ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ياۋايى قىلمىشلىرىنىڭ تېخىمۇ روشەن پاكىتلىرىدۇر.

### خەلقئارانىڭ ئىنكاسى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر كومىتېتى 2018 – يىلى يەتتىنچى ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، خىتاي ئاخىرى لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلدى، لېكىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بۇ لاگېرلارنى «ئىسلامىي ئاشقۇنلۇق»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەرنى «تەربىيەلەش ۋە ئۆزگەرتىش»نى نىشان قىلغان «كەسپىي تەربىيەلەش مەركەزلىرى» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، خىتاي گېپىدىن يېنىپ، لاگېرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ئارقىلىق ئۇنى «قانۇنىي»لاشتۇردى، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرىمۇ لاگېردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىجابىي» كەچمىشلىرىگە ئالاقىدار خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى.

2019 – يىلى ئۈچىنچى ئايدا، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى جەنۋەدە ئۆتكۈزۈلگەن كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىدا گۇرۇپپا مۇھاكىمىسى ئېلىپ باردى، ئادرىيان زېنز ۋە باشقا مۇتەخەسسىسلەر بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. بۇلتۇر يەتتىنچى ئايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى 22 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى «بىرلەشمە بايانات» ئېلان قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى زورلاۋانلىق بىلەن باستۇرۇشىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن نەچچە كۈن كېيىن، باشقا ئەللىك نەچچە دۆلەتنىڭ ئەلچىلىرى بۇنىڭغا قارىتا، بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىپادىسىنى ماختايدىغان «بىرلەشمە خۇشامەتنامە» ئېلان قىلدى.

ئامېرىكا بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچبىرىگە ئىمزا قويمىدى، لېكىن ئۇلار خىتاينىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنى ئاشكارا ئەيىبلىدى، دۆلەت سېكرېتارى پومپېيو بۇنى «بۇ ئەسىرنىڭ دېغى» دېدى. ترامپ ھۆكۈمىتى يەنە بىر ئۇيغۇر تەتقىقاتچىنى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ خىتاي ئىشلىرى دىرېكتورى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئىش ئەركىن سىدىققا ئوخشاش ئامېرىكادا ياشايدىغان نۇرغۇن ئۇيغۇرنى خۇرسەن قىلدى.

«ئامېرىكا ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان دۆلەتتۇر. لېكىن، پۈتۈن دۇنيا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قەدىمى بەكلا ئاستا. ئۇيغۇرلار كۆندە مىڭلاپ قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ئاللىقاچان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئايلىنىپ بولدى» دەيدۇ ئەركىن سىدىق.

### كىشىلەر ئۇيغۇرلار توغرىسىدا گەپ قىلماس بولدى

تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى يامىرىغاندىن بۇيان، ترامپ ھۆكۈمىتى بۇ ۋىرۇسنى خىتاي تارقاتتى، دەپ ئەيىبلەشكە باشلىدى. پرېزىدېنت ترامپمۇ بەزىدە بۇنى ئاشكارا ھالدا «خىتاي ۋىرۇسى» ياكى «ۋۇخەن ۋىرۇسى» دەپ ئاتىدى.

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى قولغا چۈشۈرگەن بىر ئىستىخبارات دوكلاتىغا كۆرە، ئامېرىكا دۆلەت زېمىنى بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىقىمۇ خىتاي كومپارتىيەسى زۆرۈر مېدىتسىنا بۇيۇملىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن، تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسىنىڭ يامراش ئەھۋالىنى يوشۇرغان دەپ قارايدۇ. بۇ ھەپتە (2020 – يىلى 5 – ئاينىڭ 1 – ھەپتىسى) دۆلەت سېكرېتارى پومپېيو خىتاي كومپارتىيەسىنى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى دۇنيادىن يوشۇرۇپ، «غايەت زور تەھدىت پەيدا قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن قەتئىي ھېساب ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«دۇنيا مىقياسىدا نەچچە يۈز مىڭلىغان، ئامېرىكادا نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى. پرېزىدېنت ترامپنىڭ بۇ ھەقتىكى مەيدانى تولىمۇ ئېنىق: بىز جاۋابكارلاردىن ھېساب ئالىمىز ۋە بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كۆرە ئورۇنلاشتۇرىمىز» دېدى پومپېيو ئامېرىكا رادىيو شىركىتىگە.

دەسلەپتە، ئەركىن سىدىق ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنى تاجسىمان ۋىرۇس سەۋەبلىك تەنقىدلەشلىرى تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمىتىگە قارىتالىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدى.

«مەن تاجسىمان ۋىرۇس سەۋەبلىك، جاھان ئەھلى خىتاي رېجىمىنىڭ قانچىلىك رەزىل ۋە سەممىيەتسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشى؛ شۇنداقلا بىزنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان ۋەھشىيلىكلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىمىزگە ئىشىنىشكە باشلايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم» دەيدۇ ئەركىن سىدىق.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تۈتقۇندىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن تاجسىمان ۋىرۇس خەۋپى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ دۆلەت تاراتقۇلىرىدا تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يامراش ئەھۋالى ھەققىدىكى ئەندىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋىرۇسقا قارشى خىزمەتلىرىنى ھەدەپ كۆپتۈرۈپ داۋراڭ قىلدى.

لېكىن، سابىق تۈتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈزلىگەن جازا لاگېرلىرى تۈتقۇنلار بىلەن تىقما – تىقما بولۇپ كەتكەن، مەينەتچىلىك ۋە تىل – ھاقارەت، خورلۇقلارغا تولغانىكەن. خىتايدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى تاجسىمان ۋىرۇس سەۋەبلىك تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، ئەركىن سىدىق ۋە چەتئەلدىكى باشقا ئۇيغۇرلار ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇملىنىش خەۋپىگە قارىماستىن، ئاشۇ ئەمگەك بوشلۇقىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشىدىن ئەندىشەلەنمەكتە.

بۇلارنىڭ ئەندىشىسى توغرا چىققاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى، يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن ئاشكارىلانغان ھۆكۈمەت ھۆججىتىگە كۆرە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر تۈتقۇنلارنىڭ جازا لاگېرلىرىدىن «قويۇپ بېرىلىپ»، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەن. بۇ يىل ئىككىنچى ئايدا، خىتايدا تاجسىمان ۋىرۇس ۋاباسى ئەڭ يۇقىرى چەككە چىققاندا، خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى يۈزلىگەن (ئۇيغۇر) ئىشچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.

ئالدىنقى ئايدا (2020 – يىلى تۆتىنچى ئاي)، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى دېيىلىدىغان بىر ئاقىللار ئامبىرى ئېلان قىلغان دوكلات (مەزكۇر دوكلات ژۇرنىلىرىمىزغا ئالدىنقى ساندىن باشلاپ بېسىلماقتا)قا كۆرە، 2017 – يىلدىن باشلاپ، «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» دەيدىغان سىياسەت ئاستىدا، 80 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى كەمىدە 27 زاۋۇتقا مەجبۇرىي ئەمگەك قىلىشقا يۆتكەلگەن. مەزكۇر دوكلاتقا كۆرە، بۇ زاۋۇتلار ئالما، نايك، BMW، سامسۇڭ، سونى ۋە ۋولكسۋاگېن قاتارلىق داڭلىق ماركىلار ئۈچۈن مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

تەتقىقاتچى ئادرىيان زېنز «بىز ھازىر، بولۇپمۇ تاجسىمان ۋىرۇس پەيدا بولغاندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىز» دېدى.

«شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاتتىق كونترول قىلىنىدىغان، بېكىك مۇھىتى، ساقچى تىزگىنى ۋە كۆچلۈك نازارەت ئاپپاراتى سەۋەبلىك، بۇ يەردە ئىجتىمائىي مۇساپىنى ساقلاش نىسبەتەن ئاسان. ئەمما، شۇنىسى روشەنكى، جازا لاگېرلىرىنىڭ ياكى تىقما - تىقما زاۋۇتلارنىڭ ئىچىدە، ئىجتىمائىي مۇساپە دەيدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا، (ۋابا ھەققىدىكى) ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن» دەيدۇ ئادرىيان زېنز.

ھالبۇكى، تاجىسمان ۋىرۇس يامراپ بىر قانچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەركىن سىدىق بۇ ۋابانىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى.

«كىشىلەر ئۇيغۇرلار توغرىسىدا گەپ قىلماس بولدى. تاراتقۇلاردىكى پۈتۈن خەۋەرلەر تاجىسمان ۋىرۇس توغرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئىش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلىدۇ. ھازىر ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاچقا، خىتاي قىلغۇلۇقنى ئاشكارا قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى ئىنسانىيلىققا زىت. بىز ئۇلارغا ئوخشىمىغان بىر ئىرقتىن بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، ئۇلار پۈتۈن بىر مىللەتنى يوقىتىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دەيدۇ ئەركىن سىدىق.

ھازىر خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار ئىككى خىل تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ: بىرى، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى باستۇرۇش؛ يەنە بىرى، ئەجەللىك تاجىسمان ۋىرۇس ۋاباسى. ھازىر ئەركىن سىدىق ھېچكىمنىڭ ئۇيغۇرلارنى بۇ ئىككى تەھدىتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتمەيدۇ.

«ھازىر، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت داۋاملىشىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، لېكىن مەن كۈرەشنى توختاتمايمەن» دەيدۇ ئەركىن سىدىق.

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قارا قۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**ئەسلى مەنبە:**

https://laist.com/2020/05/08/meet_the_nasa_engineer_fighting_for_his_uighur_homeland_in_china.php



# 1944 ~ 1949 – يىللىرىدىكى سوۋېت ئارخىپلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان

جەمىل ھەسەنلى

يېڭىدىن ئاشكارىلانغان سوۋېت ئارخىپلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي ۋە ئىچكى ئاسىيا تارىخىدىكى ھالقىلىق مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، رۇسىيە، خىتاي ۋە غەربتىكى تەتقىقاتچىلار سوۋېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا يۈز بەرگەن ۋە 1944 ~ 1949 - يىللىرىدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان ئىنقىلابقا قايسى دەرىجىدە قول تىققانلىقى توغرىسىدا تالاش – تارتىش قىلىپ كەلدى. يېڭىدىن ئاشكارىلانغان سوۋېت ئارخىپلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ مەنبەلەر مېنىڭ 2015 – يىلى نەشر قىلىنغان، «Синьцзян в орбите советской политики : Сталин и мусульманское движение в Восточном Туркестане : 1931-1949 : монография» دېگەن رۇسچە كىتابىمدا تەھلىل قىلىنغان. بۇنىڭدىن سىرت، مەن ئۇزۇن ھۆججەتلەرنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى «ۋىلسون مەركىزىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئارخىپخانىسى»غا ئىئانە قىلغانىدىم، كېيىنچە بۇ ھۆججەتلەر ئېنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، توردا تارقىتىلدى.

موسكۋا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن قارارنى 1943 – يىلى ئەتىيازدا، يەنى سوۋېت بىلەن گېرمانىيە ئارىسىدىكى قاتتىق ئۇرۇش ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتقان مەزگىلدە چىقارغانىدى. 1943 – يىلى 5 – ئاينىڭ 4 – كۈنى، سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى «شىنجاڭ ھەققىدە» ناملىق بىر يوشۇرۇن قارار ماقۇللىغان. مەزكۇر قاراردا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ (ئاتالمىش) <شىنجاڭ ھۆكۈمدارى> شېڭ شىسەيگە <چىدىغۇچىلىكى> قالمىغانلىقى، شۇ ۋەجىدىن يەرلىك قوزغىلاڭچى ئامىنىڭ <شېڭ شىسەينىڭ مۇستەبىت ئىشغالچى سىياسىتىگە قارشى> كۈرىشىنى قوللىشى كېرەكلىكى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1945 – يىلى 6 – ئاينىڭ 22 – كۈنى، سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قوللاش توغرىسىدا يەنە بىر قارار ماقۇللىغان. سوۋېت سىياسىي بيۇروسى بۇ قارار ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئارىلاشقان، ئەمما بۇ قېتىم ئۇلار ئىنقىلابچىلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدا «ياراشتۇرغۇچىلىق» قىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياراشتۇرغۇچىلىق قىلىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى 1946 – يىلى 6 – ئاينىڭ 6 – كۈنى كېلىشىم ئىمزالىغان. ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كېلىشىمگە ئەمەل قىلمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ۋە 1947 – يىلى 2 – ئايدا ۋە 9 – ئايدا ئىككى قېتىم، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى قايتىدىن تىزگىنلەشكە ئۇرۇنغان.

سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا ۋە سوۋېت ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ ۋە جازالاش ئورگانلىرىنىڭ شۇ مەزگىلدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىزمەتلىرىگە ئالاقىدار ئاتمىشتىن كۆپرەك مەخپىي قارار ماقۇللىغان. بۇ پارتىيە ھۆججەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغىنى سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى چەتئەل سىياسىتى بۆلۈمىنىڭ ھۆججەتلىرىدۇر. مەزكۇر ئورگان ئىدىئولوگىيەلىك خاراكتېردىكى كۆرسەتمىلەر ۋە تەشكىللىك مېتود ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىنى قوللايدىغان دۆلەتلىك ۋە يەرلىك تارماقلارنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە نازارەت قىلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1944 – يىلدىن 1949 – يىلغىچە بولغان شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىگە ئالاقىدار ھۆججەتلىك مەنبەلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدا، جوسېف ستالىن (Josef Stalin)نىڭ، ۋياچېسلاۋ مولوتوف (Viacheslav Molotov)نىڭ ۋە لاۋرېنتى بېرىيا (Lavrentii Beria)نىڭ مەخسۇس ھۆججەت خالتىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ھۆججەتلەر ئاساسلىقى ئەسلەتمە (Memorandum)، تەھلىل ھۆججەتلىرى، ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارلىقى ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى خەلق كومىسسارلىقىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ دوكلاتلىرىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ خىل مەنبەلەر بىزنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ھادىسىلەرنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار سىياسەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى توغرا تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ موسكۋادىكى دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدا «شىنجاڭ، ئىران ئەزەربەيجانلىرى، تۈركىيە، 1941 ~ 1943» ناملىق يەنە بىر توپلام بار. بۇ توپلامدىكى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى نېفت ئېچىش، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قىلغان ئىلمىي زىيارەتلىرى، داۋالاش مەركەزلىرى ھەرىكەتلىرى، شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان سودا ۋە خەت – ئالاقە، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىن سوۋېت تەۋەسىگە ئۆتكەنلەرگە پۇقرالىق سالاھىيىتى بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىگە ئالاقىدار ھۆججەتلەردۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ئالاقىدار مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ كۆپىنچىسمۇ يەنىلا رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ دۆلەتلىك ئارخىپخانىسى (GARF)دا ساقلانغان. 1944 – يىلى 12 – ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئىشلار كومىسسارى لاۋرېنتى بېرىيا بىر ئالاھىدە ۋەزىپە ئورگىنى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مەزكۇر ئورگاننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمان-

لىرىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنى بارلىق زۆرۈر ياردەملەر بىلەن تەمىنلەش ئىدى. ستالىننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مايور گېنېرال يېگناروف ۋە بىر گۇرۇپپا سوۋېت ئوفىتسېرلىرى ئىنقىلابچىلارنىڭ خىتاي ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇشلىرىنى تەشكىللەش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن. رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ دۆلەتلىك ئارخىپخانىسىدا يەنە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى ئەلىخان تۆرە شاكىرجاننىڭ ستالىنغا يازغان بىر قانچە پارچە خېتىمۇ ساقلانغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1940 – يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار باشقا مۇھىم ئۈچۈرلار رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ چەتئەل سىياستى ئارخىپخانىسىدا ساقلانغان. بۇ يەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ قىزىقىشىنى ھەممىدىن بەك قوزغايدىغىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەل ئىشلىرى كومىسسارى ۋياشېسلاۋ مولوتوف، مۇئاۋىن چەتئەل ئىشلىرى مىنىستىرى سېرگېي لوزوۋىسكى (Sergei Lozovskii)، تاشقى تىجارەت مىنىستىرى ئاناستاس مىكويان (Anastas Mikoian) ۋە باشقىلارنىڭ توپلاملىرىدىكى ماتېرىياللاردۇر.

رۇسىيە فېدېراتسىيەسىنىڭ پرېزدېنتىنىڭ ئارخىپخانىسىدىكى ماتېرىياللار ئاناستاس مىكوياننىڭ خىتايدىكى ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدىكى مەخپىي ۋەزىپىسى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ماۋ زېدوڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا رەھبەرلىرى بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنى چۈشىنىش جەھەتتە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. مىكوياننىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى خىتاي زىيارىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا ۋە شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان سىياستىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، (بۇ جەھەتتىكى) نۇرغۇن ماتېرىياللار ھېلىھەم مەخپىي ساقلانغان بولغاچقا، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇلارغا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى يوق. بولۇپمۇ سىياسىي بيۇرو ئارخىپلىرىنىڭ ئىچىدىكى ستالىن، مولوتوۋ، بېرىيا، مالېنكوۋ (Malenkov)، مىكويان ۋە باشقىلارنىڭ ئالاھىدە ھۆججەت خالتىلىرى تېخىمۇ شۇنداق. فېدېرال بىخەتەرلىك ئورگىنىنىڭ ئارخىپخانىسى (سابىق NKGB ۋە KGB ئارخىپخانىلىرى)مۇ ئېچىۋېتىلمىگەچكە، سوۋېت جاسۇسلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار نۇرغۇن سوئاللار ھېلىھەم جاۋابسىز قالماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

مەنبە:
https://www.wilsoncenter.org/blog-post/soviet-archives-and-xinjiang-1944-1949

# Uyghurs for sale

## ‘Re-education’, forced labour and surveillance beyond Xinjiang

Vicky Xiuzhong Xu

# ئۇيغۇرلار سېتىلماقتا

with Danielle Cave, Dr James Leibold, Kelsey Munro, Nathan Ruser


ۋىكىي شۇ شيۇجوڭ، دانىيېل كېيۋ، دوكتور جېيمىس لېيبولد ، كېلسېي مۇنرو ، ناسان رۇسېر



## شەرقىي تۈركىستاندىن ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسى

**خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرىدىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ئۇقتۇرۇشلىرىدىن توپلانغان ئۇچۇرلار 2017 – يىلىدىن 2019 – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سەكسەن مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇرنىڭ ئەمگەكچى كۈچ سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. مەركىزىمىز مەزكۇر يۆتكەش ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى ئالتىنچى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك خەرىتىلەشتۈردى. رەسىمدىكى ئىستىرېلكا قانچە توم بولسا، شۇ ئىستىرېلكا باشلانغان نۇقتىدىكى ناھىيەدىن ئىستىرېلكا ئاياغلاشقان نۇقتىدىكى زاۋۇتقا يۆتكەلگەن كىشىنىڭ شۇنچە كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر رەسىم بۇ پروگراممىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ سالمىقى ۋە دائىرىسىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ (88).**

**ئالتىنچى رەسىم: 2017 – يىلدىن 2020 – يىلغىچە خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى**



مەنبە: ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يەرلىك تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتارلىق سانلىق مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ تەييارلىغان.


**خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك كۈچى يۆتكەشكە ئالاقىدار رەسمىي ئۇچۇرلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا يۆتكەش، شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك زاۋۇتلارغا يۆتكەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئوخشىمىغان**

ناھىيەلەردىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسبىتى شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەلگەن ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ ئون پىرسەنت (89)تىن ئەللىك پىرسەنت (90)كىچە بولغان قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

يېقىنقى يىللاردا، شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە (ئەمگەك كۈچى) يۆتكەش سالمىقى ئىزچىل ئېشىپ كەلدى. دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، 2017 – يىلى 20859 نەپەر «يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى» شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەلگەن (91). مەركىزىمىزنىڭ ئېلان قىلىنغان ئۇچۇرلارنى تەھلىل قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2018 – يىلى تەخمىنەن 28 مىڭ ئادەم (خىتاي ئۆلكىلىرىگە) يۆتكەلگەن (92). 2019 – يىلى بۇ سان تەخمىنەن 32 مىڭغا چىققان (93).

شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچى يۆتكەش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلىقىنى تەكرار خەۋەر قىلىپ كەلدى (94). 2017 – يىلىدىكى نىشان 20 مىڭ دەپ بېكىتىلگەن ۋە تۆت پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان (95). 2019 – يىلى نىشان 25 مىڭ بولۇپ، 25 پىرسەنت ئاشۇرۇپ ئورۇندالغانلىقى خەۋەر قىلىنغان (96).

**يەتتىنچى رەسىم: 2005 – يىلدىن 2019 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «شەرقىي تۈركىستاندىن ئەمگەك كۈچى يۆتكەش»كە ئالاقىدار ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنىڭ بەيدۇ ئىزدەش موتورىدىكى كۆرسىتىلگەن مىقدارى.**





مەنبە: ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياستى مەركىزى.

مەركىزىمىز خىتاينىڭ ئىزدەش موتورى بەيدۇ (baidu)دىن ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پىلانىغا ئالاقىدار ھالقىلىق سۆزلەرنى ئىزدىدى ۋە كۆرسىتىلگەن نەتىجىلەرنى تەھلىل قىلدى (97). يەتتىنچى رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك، 2014 – يىلى (شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «زوراۋان ئەسەبىيلىككە قاتتىق زەربە بېرىش» ھەرىكىتى مۇشۇ يىلى باشلانغان)دىن باشلاپ، بۇ سان ئىزچىل ئېشىپ كەلگەن ۋە 2017 – يىلى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش» باشلانغاندىن كېيىن، بۇ سان تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئاشقان. بۇ ئەمگەك كۈچى يۆتكەش پروگراممىسىنىڭ يېقىنقى يىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي كۈنتەرتىپىدىكى ئورنىنىڭ بارغانسېرى مۇھىملىشىۋاتقانلىقىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىسىدۇر.

سىياسىي جەھەتتىكى غىدىقلاشتىن سىرت، ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى «سېتىۋېلىش» ۋە «سېتىش»مۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە دەلاللارنى راۋۇرۇس پۇل تېپىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ 2018 – يىلىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا، يېزىلاردىكى ھەربىر «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچى» (98) شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەنە بىر رايونىغا يۆتكىلىپ، شۇ يەردە تۇرغان ۋاقتى توققۇز ئايدىن ئاشسا، تەشكىللىگۈچىگە يىگىرمە يۈەن (تەخمىنەن ئۈچ دوللار) مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان؛ ھالبۇكى، بۇ (ئاتالمىش ئېشىنچا) ئەمگەك كۈچلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىغا (خىتاي ئۆلكىلىرىگە) يۆتكەلسە، مەزكۇر مىقدار بىراقلا 15 ھەسسە كۆپەيتىلىپ، 300 يۈەن (تەخمىنەن 43.25 دوللار)گە چىقىدۇ (99). خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى (مەزكۇر ئاتالمىش «ئېشىنچا» ئەمگەك كۈچلىرىنى) تاپشۇرۇۋالغۇچى زاۋۇتلارمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر زاۋۇتلار ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن بىر يىللىق توختام تۈزۈشسە 1000 يۈەن، ئۈچ يىللىق توختام تۈزۈشسە 5000 يۈەن مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ (100). ھالبۇكى، 2018 – يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى قانۇندا بېكىتىلگەن ئەڭ تۆۋەن مائاش 1620 يۈەن (تەخمىنەن 232 دوللار) ئىدى (101).

**سەككىزىنچى رەسىم: چىڭداۋ دېسەي بېزەكچىلىك شىركىتىنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىنى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئېلانى.**




ئەسكەرتىش: مەزكۇر ئېلانغا ئەنئەنىۋى كىيىم كىيىپ، ئۇسۇل ئويناۋاتقان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ كارتون ئوبرازى قىستۇرۇلغان.

مەنبە: چىڭداۋ دېسەي ئادەم كۈچى بايلىقى توربېتى ئېلان، خىتايچىدىن ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلدى.

يېقىنقى يىللاردا، «ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرى»نىڭ ئېلانلىرىمۇ تورلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى. **2019** – يىلى ئىككىنچى ئايدا، چېڭداۋدىكى بىر شىركەت قولىدا، خىتاينىڭ ئون ئۆلكىسىگە يۆتكىلىدىغان «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ئىقتىدارلىق، بىخەتەر ۋە ئىشەنچىلىك» نورغۇن ئۇيغۇر ئىشچى بارلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقارغان **(102)**.

**توققۇزىنچى رەسىم: «يېرىم ھەربىيچە تۈزۈمدە باشقۇرۇلىدىغان» ياش ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن تەمىنلەش ئېلانى.**




مەنبە: بەيدۇ ئادەم كۈچى بايلىقى مۇنبىرىنىڭ 2019 – يىلى 11 – ئاينىڭ 27 – كۈنىدىكى «1000 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت، توردا زاكاس قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا» ماۋزۇلۇق ئېلانى، خىتايچىدىن ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى تەرجىمە قىلدى.

يەنە بىر يېڭى ئېلاندا 16 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان 1000 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى بىلەن تەمىنلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئېلاندا «شىنجاڭلىق ئىشچىلارنىڭ ئەۋزەللىكلىرى تۆۋەندىكىچە: ئۇلار يېرىم ھەربىيچە تۈزۈمدە باشقۇرۇلىدۇ، جاپاغا چىدايدۇ، ئۆز ئالدىغا كېتىپ قالمايدۇ، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا يۈز ئىشچى زاكاس قىلالايسىز!» دېيىلگەن. مەزكۇر ئېلاندا يەنە «زاۋۇتلار <شىنجاڭ> نوپۇسلۇق ساقچىلاردىن (بۇ ئىشچىلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن) زاۋۇتتا يېتىپ – قوپۇپ ئىشلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ئىشچىلار بىر يىللىق توختام ئىمزالىنىپ 15 كۈن ئىچىدە زاۋۇتقا تاپشۇرۇلىدۇ» دېيىلگەن (توققۇزىنچى رەسىم).

## ئىككىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتى: «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سىلىنىشقىچە

پاكىتلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»نى «پۈتكۈزگەن» تۇتقۇنلارنىڭ بىۋاسىتە خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئەمگەك تەقسىماتىنى ئۆزى خالاپ تاللىغان بولۇشى ئېھتىمالدىن تولىمۇ يىراق.

خاۋيۇەنپېڭ كىيىمچىلىك چەكلىك شىركىتى ھەم شەرقىي تۈركىستاندىكى (2018 – يىلى قۇرۇلغان) ھەمراھ زاۋۇتى (103)، ھەم ئۇيغۇر ئىشچىلارنى مەزكۇر شىركەتنىڭ باش شتابى جايلاشقان ئەنخۈي ئۆلكىسىگە ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پروگراممىسىغا ئىشتىراك قىلغان. خاۋيۇەنپېڭ شىركىتىنىڭ تور بېتىدە ئۇلارنىڭ ئىتالىيە ۋە كورىيەدىكى فىلا (Fila) شىركىتى ۋە گېرمانىيەدىكى تەنتەربىيە كىيىملىرى شىركەتلىرىدىن ئادىداس (Adidas)، پۇما (Puma)، شۇنداقلا نايك شىركىتى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان (104).

**ئونىنچى رەسىم: پەيزىۋات كەسىپي مەكتىپىنىڭ 2018 – يىلى بىرىنچى ئايدىكى سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرىتى. رەسىمدىكى ئاپلېسىنرەڭدە سىزىپ قويۇلغان نۇقتىلار 2017 – يىلدىن باشلاپ يېڭىدىن سېلىنغان بىخەتەرلىك مۇئەسسەسەلىرىدۇر.**




ئەسكەرتىش: بىر قانچە ياتاق ۋە «ئوقۇتۇش» بىنالىرى باشقا سىياسىي تەربىيەلەش (مېڭە يۇيۇش) مەركەزلىرىدىكىگە ئوخشاش تامامەن قورشالغان ۋە باشقا بىنالاردىن ئايرىۋېتىلگەن. بۇنىڭدىن سىرت، قورشالغان رايوننىڭ ئىچىگە يېڭىدىن بەش كىچىك ئىسكىلات سېلىنغان.

مەنبە: ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياستى مەركىزى.

خاۋيوەنيېك شىركىتى 2018 – يىلى 2 – ئايدا ئۆزىنىڭ ئەنخۇيدىكى زاۋۇتىغا شەرقىي تۈركىستاندىن 63 ئىشچى ئەكەلگەن ۋە ئاخىرىدا جەمئىي 500 ئىشچى ئېلىشنى پىلانلىغان (105). ھۆكۈمەتنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئەكېلىنگەن ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى بىردەك پەيزىۋات ناھىيەسىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپنى «پۈتكۈزگەن»لەردۇر (106).

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەتلەر ۋە ئورگان ھۆججەتلىرىنى تەھلىل قىلىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ «مەكتەپ» 2017 – يىلىدىن بۇيان «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» قىلىپ ئىشلىتىلگەن. مەكتەپنىڭ كۆلىمى چوڭايتىلىپ، يېڭى ياتاق بىناسى ۋە ئىسكىلاتلار سېلىنغان. شۇنداقلا، بىخەتەر «ھەربىيچە باشقۇرۇش» ئۇسۇلى ئارقىلىق زور بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قوللىنىلغان (ئونىنچى رەسىمگە قارالسۇن) (107).

ئادىداس شىركىتىنىڭ بىر باياناتچىسى ئۆزلىرىنىڭ خاۋيوەنيېك شىركىتى بىلەن ئاكتىپ مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى، مەزكۇر شىركەتنىڭ تور بېتىدىكى ئېلاندا ئادىداس ماركىسىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەنخۇي ئۆلكىسىگە يۆتكىلىشى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى تەرىپىدىن تەشكىللەن- گەن «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پروجېكتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ خاۋيوەنيېك شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدە كۈچلۈك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى قوللىنىلغان بىر زاۋۇت قۇرۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (108) (11 – رەسىمگە قارالسۇن).

**11 – رەسىم: خاۋيوەنيېك شىركتىنىڭ شەرقىي تۈركستاننىڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىدىكى زاۋۇتىنىڭ سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغا كۆرۈنۈشى.**





ئەسكەرتىش: بۇ زاۋۇت توسۇقلار بىلەن پۈتۈنلەي قورشىۋېتىلگەن ۋە ئىچىدە يەنە ئايرىم قورشىۋېتىلگەن ياتاق بىنالىرى بار. مەزكۇر زاۋۇتتا يەنە بىر قانچىلىغان قاراۋۇلخانىلارمۇ بار.

مەنبە: ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياستى مەركىزى.

خاۋيۇەنپېڭ شىركىتىنىڭ دىرېكتورى زېڭ يىفا (曾亿法) يېقىندا خىتاي دۆلەت تاراتقۇسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، خىتاي ئۆلكىلىرىدىن، ھەتتا چەتئەللەردىن ياش ئىشچى تېپىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا زاۋۇت قۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، «گەرچە چاۋشىيەنلىك ئىشچىلار ساپالىق بولسىمۇ، مېنىڭ چەتئەللىك ئىشچىلارغا پۇل خەجلىگۈم كەلمىدى، شۇڭا ئاخىرىدا <شىنجاڭ>نى تاللىدىم» دېگەن (109).

خاۋيۇەنپېڭ شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زاۋۇتىنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئادىداسنىڭ يوغان ئېلان تاختىسى بار (13 – رەسىمگە قارالسۇن) بولۇپ، مەزكۇر زاۋۇت ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى توسۇقلار بىلەن قورشالغان. زاۋۇتنىڭ ئىككى كىرىش ئېغىزىدا قاراۋۇلخانا بار، بۇنىڭدىن سىرت يەنە كەمىدە بەش قاراۋۇلخانا زاۋۇتنىڭ قالغان قىسمىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىدۇ. خاۋيۇەنپېڭ شىركىتىنىڭ ئەنخۇيدىكى زاۋۇتىدىمۇ ئاشۇنداق بىخەتەرلىك مۇئەسسەسەلىرى بار – يوقلۇقى مەلۇم ئەمەس.

**12 – رەسىم: خاۋيۇەنپېڭ شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى**




مەنبە: ئاۋستralيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى. تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۈچۈرلىرى ئۈچۈن قوشۇمچىگە قاراڭ.

**13 – رەسىم: خاۋيۇەنپېك شىركىتىنىڭ قەشقەردىكى زاۋۇتى.**




مەنبە: خاۋيۇەنپېك شىركىتىنىڭ تور بېتى.

## ئۈچىنچى مەخسۇس تېما تەتقىقاتى: «ئالما» مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە «قايتا تەربىيەلىنىۋاتقان» ئۇيغۇرلار

**2017 – يىلى 12 – ئايدا، ئالما شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى تىم كۇك (Tim Cook) ئۆزىنىڭ ھۆددىگەرلىرىدىن بىرى بولغان ئوۋفېيگۇاڭ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتى (110) (欧菲光科技股份有限公司) نى زىيارەت قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىنىڭ گۇاڭجوۋدىكى زاۋۇتىدا چۈشكەن سۈرىتىنى خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى ۋېيبو (Weibo)دا ئېلان قىلدى (111).**

**ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتى ئايفون 8 ۋە ئايفون X تېلېفونلىرىنىڭ ئالدى كامېراسىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ (112). مەزكۇر شىركەت ئۆزىنىڭ تور بېتىدە يەنە خۇاۋېي، لېنىۋو ۋە سامسۇڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا داڭلىق ماركىلىق تېلېفونلار ئۈچۈنمۇ كامېرا بۆلىكى ۋە سېزىمچان ئېكران زاپچاسلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان (113).**

**تىم كۇكنىڭ زىيارىتىدىن ئىلگىرى، يەنى 2017 – يىلى 4 – ئاينىڭ 28 – كۈنىدىن 5 – ئاينىڭ 1 – كۈنىگىچە، 700 نەپەر ئۇيغۇر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدىن ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىنىڭ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ شەھىرىدىكى باشقا بىر زاۋۇتىدا ئىشلەشكە يۆتكەلگەن (114).**

**مەزكۇر دوكلاتتا بايان قىلىنغۇسى باشقا ئەمگەك كۈچى يۆتكەش ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاشلا، ئۇيغۇرلارنى جياڭشى ئۆلكىسىگە يۆتكەش ئىشىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە سىياسىيلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا چىقىدىغان بىر گېزىتتە، (ئۇيغۇر) ئىشچىلارنىڭ «ئىدىيەسىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىشى» ۋە «پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىنى چۈشىنىدىغان، پارتىيەگە تەشەككۈر ئېيتىدىغان، مۇقىملىقتا ھەسسە قوشىدىغان، زامانىۋى لاياقەتلىك ياشلار»غا ئايلىنىشى ئۈمىد قىلىنىدىغانلىقى يېزىلغان (115). ئۇلار جياڭشىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، لوپ ناھىيەسىدىن ئەۋەتىلگەن، «سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك»، ھەم خىتايچە، ھەم ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان نازارەتچىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان (116).**

**14 – رەسىم: تىم كۇكنىڭ 2017 – يىلى 12 - ئايدا ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىنىڭ گۇاڭجوۋدىكى زاۋۇتىدا چۈشكەن سۈرىتىنى يوللىغان مىكرو بىلوگ يازمىسى.**





تىم كۇكنىڭ خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇسىدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر يازمىسىدا شۇنداق دېيىلگەن «ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتى ئايفون 8 ۋە ئايفون X تېلېفونلىرىنىڭ ئالدى كامېراسىنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇدەك زىل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپتۇ، يېقىندىن ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم، بىرلىكتە <茄子> (پېدىگەن) دەيلى! (خىتايلاردا رەسىمگە چۈشكەندە چىشنى چىقىرىپ كۈلگەندەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن، «茄子» دەپ توۋلاش بىر مەزگىل مودا بولغان، ت)».

مەنبە: ئىنتېرنېت

**ھازىر ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بىر خەۋەرگە كۆرە (117)، تىم كۇك ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىگە قىلغان زىيارىتى جەريانىدا شىركەتنىڭ «ئىشچى – خىزمەتچىلىرىگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلغانلىقى»نى ماختىغان ۋە ئىشچىلارنىڭ شىركەتتە ئىلگىرىلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى، خۇشال ياشاۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن (118).**

**شۇنىڭدىن بەش ئاي كېيىن، يەنى 2017 – يىلى 10 – ئايدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا يەنە 1300 ئىشچى ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان (119). 2017 – يىلى 12 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، ئۆزىنىڭ ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بىر ئۇيغۇر، مەزكۇر شىركەتنىڭ جياڭشىدىكى زاۋۇتىدا مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتقان (120).**

**15 – رەسىم: ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى**




مەنبە: ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى. تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى ئۈچۈن قوشۇمچىگە قاراڭ.

**شۇنىڭدىن بەش ئاي كېيىن، يەنى 2017 – يىلى 10 – ئايدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا يەنە 1300 ئىشچى ئەۋەتىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان (119). 2017 – يىلى 12 – ئاينىڭ 12 – كۈنى، ئۆزىنىڭ ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بىر ئۇيغۇر، مەزكۇر شىركەتنىڭ جياڭشىدىكى زاۋۇتىدا مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتقان (120).**

**ئالما شىركىتى ۋە ئۇنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرى ئۈچۈن زاپچاس ئىشلەپچىقىرىۋاتقان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىۋاتقىنى يالغۇز ئوۋفېيگۇاڭ شىركىتىلا ئەمەس.**

**دوكلاتىمىزدا ئالما شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى (ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان) زاۋۇتتىن يەنە ئۈچى جەزملەشتۈرۈلدى.**

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2019 – يىلى توققۇزىنچى ئايدىكى بىر ھۆججىتىدە، شەرقىي تۈركىستانلىق 560 ئىشچىنىڭ خېنەن ئۆلكىسىدىكى زاۋۇتلاردا ئىشلىتىلىش ئۈچۈن يۆتكەلگەنلىكى، بۇ زاۋۇتلارنىڭ ئارىسىدا فۇشىكاڭ (富士康) زاۋۇتىنىڭ جېڭجوۋ شۆبىسىمۇ بارلىقى ئېيتىلغان (121). فۇشىكاڭ تەيۋەننىڭ شىركىتى بولۇپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توختاملىق ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقارغۇچىدۇر. مەزكۇر شىركەت ئالما، دېل ۋە سونى قاتارلىق داڭلىق شىركەتلەر ئۈچۈن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ (122). ئېيتىلىشىچە، شىركەتنىڭ جېڭجوۋدىكى زاۋۇتى دۇنيادىكى ئايفونلارنىڭ يېرىمىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن جېڭجوۋ شەھىرىمۇ «ئايفون شەھىرى» دەپ ئاتىلىدۇ (123).

فۇشىكاڭنىڭ جېڭجوۋدىكى زاۋۇتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقى نامەلۇم. ئەمما، نيۇيوركتىكى خىتايدىكى ئەمگەك ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئورگىنىنىڭ 2019 – يىلى 9 – ئايدىكى دوكلاتىغا كۆرە، فۇشىكاڭنىڭ جېڭجوۋدىكى زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار – ئۇيغۇر ئىشچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە – ھەرئايدا ئاز دېگەندە 100 سائەت ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەيدىكەن (124). ئۆتكەن ئون يىلدا، فۇشىكاڭنىڭ ئوبرازى ئىشچىلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى ھەققىدىكى شىكايەت ۋە ئىشچىلارنىڭ ئۆلۈۋېلىش ۋەقەلىرى – يېقىندا ئۇلارنىڭ جېڭجوۋدىكى زاۋۇتىدا يەنە ئۆلۈۋېلىش ۋەقەسى كۆرۈلگەن – سەۋەبلىك ئېزچىل خۇنۇكلىشىپ كەلدى (125). مەزكۇر شىركەت يەنە «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پىلانىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىندۇر (126).

**16 – رەسىم: ئۇيغۇر ئىشچىلار خۇبېي يىخوڭ سىپتا ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتىگە يېتىپ بېرىش ئالدىدا.**




خۇبېي يىخوڭ سىپتا ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىشچىلىرى شەرقىي تۈركىستان بىلەن خۇبېينىڭ شيەننىڭ شەھىرى ئارىسىدا ئالماشماقتا. بۇ رەسىم 2018 – يىلى 5 – ئايدا خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى ۋۇخەن شەھىرىدىكى ۋۇچاڭ ۋوگزالىنىڭ سىرتىدا تارتىلغان.

مەنبە: تور.

**2018 – يىلى 5 – ئاينىڭ 17 – كۈنى، 105 ئۇيغۇر ئىشچى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېرىيە ناھىيەسىدىن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شيەننىڭ شەھىرىدىكى خۇبېي يىخوڭ سىپتا ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتىگە يۆتكەلدى (127). ئۇيغۇر ئىشچىلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى بۇ شىركەتنىڭ زاۋۇتىنى زىيارەت قىلدى. ۋە نۇتقىدا مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئىشچىلار كومپارتىيەگە تەشەككۈر ئېيتىشى ۋە تېزدىن (يېڭى مۇھىتقا) سىڭىپ كىرىشى، باشقۇرغۇچىلار نازارەتنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشى كېرەك (128).**

**خۇبېي يىخوڭ شىركىتى ئارقا چىراغ ۋە باتارىيە قېپى ياسايدۇ (129). ئۇ دوڭگۇەن شەھىرىدىكى يىدوڭ ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىنىڭ تارماق شىركىتى بولۇپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ تور بېكىتىدە، ئاخىرقى خېرىدارىنىڭ ئالما ۋە خۇاۋېي شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئېيتىلغان (130). خۇبېي يىخوڭ ياكى ئۇنىڭ ھەمراھ شىركىتى ئالما شىركىتىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەر تىزىملىكىدە بولمىسىمۇ، خۇبېي يىخوڭ شىركىتىنىڭ تور بېتىدىكى خېرىدارلار تىزىملىكىگە ئالما شىركىتى ئۈچۈن بىۋاسىتە AirPods ئىشلەپچىقىرىدىغان گېئىر شىركىتى (GoerTek)مۇ يېزىلغان (131).**

**17 – رەسىم: خۇبېي يىخوڭ شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى.**




مەنبە: ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ خەلقئارالىق تور سىياسىتى مەركىزى. تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى ئۈچۈن قوشۇمچىگە قاراڭ.

**2017 – يىلى، ئالما شىركىتىنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرى ئۈچۈن زاپچاس ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان يەنە بىر ئېلېكترون شىركىتى – خېفېي خەنبو يۇقىرى تېخنىكىلىق يېڭى ماتېرىياللار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ شىركەت خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن كەلگۈسى ئۈچ يىلدا ھەر يىلى 1000 ئۇيغۇر ئىشچىنى ئىشقا قوبۇل قىلىش ھەققىدە توختاملاشقان (132). شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيەسىدىن 500 دىن ئارتۇق ئادەم خەنبو يۇقىرى تېخنىكىلىق يېڭى ماتېرىياللار شىركىتىنىڭ خېفېي شەھىرىدىكى زاۋۇتىغا ئاپىرىلغان (133).**

**2018 – يىلى، گۇما ناھىيەسىدىن 544 ئۇيغۇر خەنبو يۇقىرى تېخنىكىلىق يېڭى ماتېرىياللار شىركىتىنىڭ ئوخشاشلا خېفېي شەھىرىگە جايلاشقان تارماق شىركىتى – فۇيىڭ فوتوئېلېكترىك چەكلىك شىركىتىگە ئەكېلىنگەن. خىتاي دۆلەت تاراتقۇسىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئاينۇر مەمەتيۈسۈپ ئىسىملىك بىر قىز بۇ زاۋۇتتا ئۆزىنىڭ خىتايچىسىنى ۋە خىزمەت ئىنتىزامىنى ياخشىلىغان، شۇنداقلا ھەركۈنى مۇنچىغا چۈشۈشنى ئۆگىنىپ، بۇنىڭ «سەمەرىسى» سۈپىتىدە، «چاچلىرى ئىلگىرىكىدىن بەك يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان» بولۇپ كەتكەن. خەۋەرگە كۆرە، ئۇ «خۇددى شى جۇشىنىڭ ئېيتقىنىدەك، بەخت ھەرزامان تىرىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ» دېگەن (135).**

**18 – رەسىم: ئاينۇر مەمەتيۈسۈپنىڭ ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېي شەھىرىدىكى خەنبو يۇقىرى تېخنىكىلىق يېڭى ماتېرىياللار شىركىتىدە ئىشتىن سىرتقى خىتاي تىلى دەرسىگە قاتنىشىۋاتقان كۆرۈنۈشى.**




مەنبە: خىتاي خەلق گېزىتى تورىنىڭ 2019 – يىلى 8 – ئاينىڭ 6 – كۈنىدىكى «ئۇيغۇر قىزى ئاپىسىنىڭ كاتتا ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر.

خەنبو يۇقىرى تېخنىكىلىق يېڭى ماتېرىياللار شىركىتىنىڭ 2018 – يىلىدىكى يىللىق دوكلاتىغا كۆرە، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى تەكشى ئېكران، يەنى نۇرغۇن ئەقلىيفون، پەد (Tablet) ۋە كومپيۇتېرلاردا ئىشلىتىلىدىغان LCD ۋە OLED ئېكرانى ئىكەن. مەزكۇر شىركەت ئۆز كىرىمىنىڭ 79.19 پىرسەنتىنىڭ باش شتابى بېيجىڭغا جايلاشقان دۆلەت ھالقىغان شىركەت – جىڭدوڭفاڭ ( 京东方 ) پەن – تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە مەھسۇلات سېتىشتىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولۇپ، جىڭدوڭفاڭ دۇنيادىكى ئېلېكترونلۇق ئېكران ئىشلەپچىقارغۇچى ئەڭ چوڭ شىركەتلەردىن بىرىدۇر. نۆۋەتتە جىڭدوڭفاڭ خۇاۋېي (137) نىڭ ئاساسلىق ئېكران تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ، 2021 – يىلىغا بارغاندا ئالمىنىڭ ئىككىنچى چوڭ OLED ئېكرانى تەمىنلىگۈچىسىگە ئايلىنىدىكەن (138). ھازىر ئالما شىركىتىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەر تىزىملىكىدە جىڭدوڭفاڭ شىركىتى بار (139).

خەنبو شىركىتىنىڭ تور بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ياپونىيە كۆرسەتكۈچ ئېكران شىركىتى (Japan Display Inc) ۋە LG شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (140). خەنبو شىركىتىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئېلانى (141) ۋە خىتاي LCD ساھەسىنىڭ ئادرېس توپلانمىسى (142)دىمۇ خەنبو شىركىتىنىڭ ئاخىرقى ئىستېمالچىسىنىڭ دېل، لېنوۋو، سامسۇڭ ۋە سونىغا ئوخشاش داڭدار شىركەتلەرنى، شۇنداقلا BMW، Jaguar، Land Rover، Mercedes-Benz ۋە Volkswagenقاتارلىق ئاپتوموبىل شىركەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن (19 – رەسىمگە قارالسۇن).

19 – رەسىم: خەنبو شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى




( ئىزاھاتلار ئۇچۇن ئەسلى دوكلاتنىڭ 45 -48 - بەتلىرىگە قارالسۇن ) ( داۋامى كېلەر ساندا)

https://www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى




# خەنا زۇبەيرى خانم

خەنا زۇبەرى خانىم نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئامېرىكالىق مۇسۇلمان-لارنىڭ بىرى، مۇخبىر ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسىدۇر. ئۇ «**Muslimmatters.org**» تورىنىڭ باش مۇھەررىرى، «ھەممە ئۈچۈن ئادالەت» ( **Justice for All**) نامىدىكى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتىنىڭ ۋاشىڭتون مەسئۇلى. خېنا زۇبەرى خانىم بىرما ئالاھىدە ئارمىيىسىنىڭ روھىنگا مۇسۇلمانلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن ئاتلانغان. شۇنداقلا، كەشمىر مۇسۇلمانلىرىنى قوللاش ھەرىكىتىگىمۇ ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان. خەنا ۋاشىڭتوندىكى «**muslimlink**» گېزىتىنىڭ كەسپىي مۇخبىرى بولۇپ ئىشلىگەن. «**CNBC**» ئاسىيا ۋە دۇنيا تېلۋىزىيە خەۋەرلىرىدە مۇخبىر ۋە فىلىم ئىشلىگۈچى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

خەنا زۇبەرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ۋە زۇلۇمغا قارشى ئاكتىپلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوتيۈرەك ئىنقىلابچى، دېسەك خاتالاشمايمىز. خەنا زۇبەرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان جازا لاگېرى مەسىلىسى خەلقئاراغا ئاشكارا بولغاندىن بېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ تۇرلۇك پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلدى، بۇ ھەقتە ماقالىلەرنى يازدى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق نۇتۇق-لېكسىيەلەرنى سۆزلەپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسىنى ئۇيغۇرلارنى قوللاشقا، خىتايغا قارشى غەزەب-نەپرىتىنى ئىپادىلەشكە، خىتاينىڭ مېلىنى سېتىۋالماسلىققا چاقىردى. قابىلىيەتلىك مۇخبىر ۋە ئوتيۈرەك ئاكتىۋىست خەنا زۇبەرىنىڭ روھىنگا، كەشمىر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىر قاتاردا، ئۇيغۇر پاجىئەسىگىمۇ كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشى بولۇپمۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى.

خەنا زۇبەرى خانىم **2019**-يىلى رامزان ئېيىدا فېيسبۇكتا ئۇيغۇر پاجىئەسى توغرىسىدا دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا خىتاپ قىلىپ سۆزلىگەن نەق مەيدان تارقىتىش لېكسىيىسىدەئۇيغۇرلار ئۈچۈن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى تىلغا ئالغان: «خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئۈچ مىليون مۇسۇلمان قېرىندىشىمىز يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاندى. بۇنداق بىر ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز تولىمۇ قىيىن. بىز بۇ مەسىلە ھەققىدە نېمىلەرنى قىلالايمىز؟ مەن بۇ ھەقتە بىز قىلالايدىغان بىر نەچچە ئىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. بۇنىڭ بىرىنچىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى، بىز خىتاي ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشنى توختىتىشىمىز لازىم. مەيلى كارخانىچى بولايلى، مەيلى دۆلەت بولايلى، مەيلى يەككە شەخس بولايلى، بىز چوقۇم خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى توختىتايلى. تاكى خىتاي بىزنىڭ ئاشۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى تۇتۇپ-سولاشنى توختاتقانغا قەدەر شۇنداق قىلايلى.

بىز رامزاندا ئوقۇۋاتقان ھەدىسلەرنى مىسالغا ئالايلى. بىز ئىمام بۇخارىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيمىز. ئىمام بۇخارى ئاشۇ دىياردىن چىققان شەخس. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بۇ  ئاشۇ زېمىنلارغا ئىسلامنىڭ شۇنچە بالدۇر يېتىپ بارغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خىتاي قۇرغان جازا لاگېرلىرىغا سولانغان كىشىلەرنىڭ سىلەرنىڭ ئاتا-ئانىڭلار، ئاكاڭلار، ئىنىڭلار، ئاچاڭلار، سىڭلىڭلار، هاماڭلار ياكى يېقىن دوستۇڭلار بولغاندىكى ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار! سولانغانلار بىزنىڭ مۇشۇ خىلدىكى يېقىنلىرىمىز بولغان بولسا، بىز قانداق بولۇپ كېتەتتۇق؟ ئۇيغۇرلاردىن مەن پاراڭلاشقان بىرلا ئادەم ئەمەس، مەن پاراڭلاشقان ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆز ئائىلىسىدىن، مەھەللىسىدىن، تۇغقانلىرىدىن جازا لاگېرلىرىغا سولانغانلارنىڭ بارلىقىنى، ئۆزى تونۇيدىغانلار ئارىسىدىن جازا لاگېرىغا سولانغانلارنىڭ ئونلاپ، ھەتتا يۈزلەپ كىشى بارلىقىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى تولىمۇ ئېچىنىشلىق رېئاللىق. خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا زىيانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئايال سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق... مېنىڭ يولدىشىم جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەن، مېنىڭ ئۆيۈمگە خۇداغا ئىشەنمەيدىغان، بىر دىنسىز خىتاينى مېنىڭ ... يولدىشىم سۈپىتىدە ئۆيۈمگە ئەكىرىپ قويۇلۇشىنى .... ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەن قىزىمنىڭ مەجبۇرىي ھالدا دىنسىز خىتايغا خوتۇن قىلىنىپ بېرىۋېتىلىشىنى، بولمىسا

**مېنىڭ جازالا لاگېرىغا سولىنىۋېتىلىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالايلى. بۇ بىر رېئاللىق، بۇ ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىش. شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، سىزنىڭ ھەممە ئىبادەتلىرىڭىز چەكلەنگەن. ھەتتا، ئۆز ئۆيىڭىزدە جىم ھالەتتە سۈكۈتتە تۇرۇشىڭىزمۇ ئۆيىڭىزگە قويۇلغان نازارەتچىلەر تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. جىم تۇرۇپ قالسىڭىز سەن ئاللاھنى ئەسلەۋاتامسەن، ناماز ئوقۇۋاتامسەن دېگەندەك سوئاللارغا دۇچ كېلىسىز. سىزنىڭ ھەر بىرى ھەرىكىتىڭىز نازارەت ئاستىدا.**

**خىتاي ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۈچلەردىن بىرى. ئۇنىڭغا قانداقمۇ قارشى چىقالايمىز دەيدىغانلار بار. بىز خىتايغا ئىمانىمىز ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن قارشى چىقىمىز. بىز مۇسۇلمان دۇنياسى خىتاي ئىشلەپچىقارغان تەسۋى، جەينامازلارنى سېتىۋالىمىز. خىتاي بولسا بىزنىڭ ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قاتتىق زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ. بىز نېمىشقا ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغۇدەكمىز؟ بىز خىتاينىڭ مېلىنى سېتىۋالماسلىقىز كېرەكلىكىنى ئۆزىمىز بىلەنلا چەكلەپ قويماي، باشقىلارغىمۇ بۇنى بىلدۈرىشىمىز لازىم.**

**ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى رەسىم، ماقالە ئۇلىنىشلىرىنى ھەمبەھىرلەپ قويۇپ، بۇ ھەقتىكى تېمىلارنىڭ ئاستىغا ئىنكاس يېزىپ قويۇپ، مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمنى قىلدىم دەپ قاراپ ئولتۇرسىڭىز بولمايدۇ. قىلىدىغان ئىش كۆپ. ئەگەر سىز مۇسۇلمان ئۆلكىسىدە ياشاۋاتقان بولسىڭىز، ئۆز دۆلىتىڭىزدىكى رەھبەرلەر ئۇيغۇر كىرزىسى توغرۇلۇق سۆز قىلىشنى رەت قىلسا، ئۇلار بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىزگە ۋەكىللىك قىلمىسا، ئۇ ھالدا بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ۋەكىللىك قىلىمىز. ھەر بىرىمىز ئۆز ئالدىمىزغا خىتاينىڭ مېلىنى سېتىۋېلىشتىن يىراق تۇرساق بولىدۇ.**

**مېنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-ئانىسى، تاغىسى ياكى قېرىنداشلىرى جازا لاگېرلىرىغا سولانغان دوستلىرىم بار. ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىز ئاۋازىنى چىقىرالمايدۇ. بىز ئۇنداق ئەمەس. بىز خىتايغا قارشى ئاۋازىمىزنى چىقىرالاش ئەۋزەللىكىگە ئىگە. بىز ئۇلار ئۈچۈن ئاۋازىمىزنى چىقىرىشىمىز كېرەك. نەچچە مىليون مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاللاھنى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىز ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جازا لاگېرلىرىغا سولاپ قويۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆرۈپ، ھېچ ئىش قىلماستىن ئولتۇرالمايمىز...»**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

# تەنقىدى تەپەككۇر



## توغرا تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش

بىز ھېس قىلىش – قىلماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، ھەركۈنى يۈزلەپ قارار چىقىرىمىز، شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ھەممىمىز تەنقىدىي تەپەككۇرچىلارمىز.

بىز ھەر قېتىم تاللاشلىرىمىزنى دەڭسىگىنىمىزدە، قايسى ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىنىمىزدا ياكى قىلمىشلىرىمىزنىڭ كۆرۈلگۈسى تەسىرى ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا، تەنقىدىي تەپەككۇردىن پايدىلىنىمىز. ئەمما، تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، بىز بۇ ئىشنى (تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىشنى) ھەرۋاقىت قاملاشتۇرۇپ كېتەلمەيمىز. ھالبۇكى، بارغانسېرى كۆپلىگەن خوجايىنلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئىزدەش ئېلانلىرىدا «تەنقىدىي تەپەككۇر»نى خىزمەتچىلەر ھازىرلىشى كېرەك بولغان زۆرۈر ئىقتىدارلار قاتارىغا تىزماقتا.

### تەنقىدىي تەپەككۇر دېگەن نېمە؟

تەنقىدىي تەپەككۇر ئۇچۇر، تەجرىبە، كۆزىتىش ۋە ئەقلىي تەپەككۇر قاتارلىقلارنى پۇختا ۋە ئۇستىلىق بىلەن، قارارلىرىڭىز، ھەرىكىتىڭىز ۋە نۇقتىئىينەزىرىڭىزنى يېتەكلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىقتىدارىدۇر. تەنقىدىي تەپەككۇر قىلالاش ئۈچۈن تەپەككۇرىڭىزنىڭ ھەربىر باسقۇچىغا جانلىق ھالدا سوئال قويۇشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

### تەنقىدىي تەپەككۇر ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش

مۇئەييەن تەنقىدىي تەپەككۇر ئىقتىدارىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىلگىرى، مۇۋاپىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇۋەپپەقىيىتىڭىزگە ئاساس سېلىڭ.

بۇ جەھەتتە، ئورۇنباسار لايىھە ۋە تەجرىبە خاراكتېرلىك ئىدىيە ھەققىدە ئىزدىنىشنى خالاش ۋە ئۇنىڭغا قادىر بولۇش تولىمۇ مۇھىم. سىز «ئەگەر مۇنداق بولۇپ قالسىچۇ؟» دېگەن شەكىلدە تەپەككۇر قىلىپ، مۇۋاپىق تاللاشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەزەرىيەڭىزنى تەكشۈرەلەمسىز؟ ئەگەر بۇنداق قىلالمىسىڭىز، سىز ئىدىيە ۋە تاللاشلارنى بەك بالدۇرلا ئوتتۇرىغا قويۇۋېلىپ، ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن ئەھۋال ھەققىدىكى ئەڭ ياخشى چارىنى قولدىن بېرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ «نەزەر دائىرىسى تار» ئادەم بولۇپ قېلىشىغا يول قويسىڭىز، مۇھىم ئۇچۇرلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ سالىسىز. شۇڭا، رېئاللىق ۋە يۈزلىنىشلەرگە قارىتا «زامانىۋى» بولۇشقا تىرىشىڭ.

ھېسسىياتتىن بەكرەك مەنتىقىنى تەكىتلەشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. ھېسسىيات ئادەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دائىم سىزنىڭ يېنىكلىك بىلەن ناباب ئىش قىلىپ قويۇشىڭىزغا سەۋەب بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېسسىياتىڭىزنى تىزگىنلەشكە تىرىشىڭ ۋە ھۆكۈملىرىڭىزدە ئېھتىياتچان بولۇڭ. بىر يەكۈننىڭ «رېئاللىق» ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىڭ. «شۇنداق بولۇشى مۇمكىن» دېگەن تىپتىكى يەكۈنلەر (پاكىتتىن بەكرەك) پەرەزنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، ئىچكىرىلەپ دەلىللىنىشكە موھتاج.

**كۆرسەتمە:**

تەنقىدىي تەپەككۇر يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر ئۇسۇللارنىڭ بىرى «ئەقلىي يەكۈن شوتىسى»دۇر.

بەزى ھالقىلىق تەنقىدىي تەپەككۇر ماھارەتلىرى:

تەنقىدىي تەپەككۇر ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، زېھنىڭىزنى تۆۋەندىكىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈڭ:

**1. ئۇچۇر توپلاش:** قولىڭىزدىكى ۋەزىپىگە ئالاقىدار دەپ قارىغان ئۇچۇرلارنى ئىمكانقەدەر سىستېمىلىق ھالدا توپلاپ چىقىڭ.

**2. كۆزىتىش:** سىز ئۇچۇرلار دۇۋىسىدىن تەپسىلاتلارنى تېپىپ چىقىشقا ھېرىس بولۇشىڭىز كېرەك.

**3. يەكۈن چىقىرىش: سىز چوقۇم ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشقا ماھىر بولۇشىڭىز ۋە مەنتىقىگە تايىنىپ مۇۋاپىق تاللاشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىڭىز كېرەك.**
**4. مۇۋاپىقلاشتۇرۇش: بۇ (يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى، ئومۇمىيلىقتىن جۇزئىي خۇلاسە چىقىرىش ۋە قىياس قاتارلىق) ئەقلىي يەكۈن ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، پەرەزنىڭ توغرا – خاتالىقىغا ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.**
**5. ئەسلەش: پات – پات قارارىڭىز ياكى مەسىلىڭىزنىڭ تەپسىلاتلىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىشنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە نەزەر سېلىڭ. كۆزىتىش ۋە تەجرىبىڭىزدىن نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىڭىز ھەققىدە ئويلىنىڭ.**
**6. ئىجادچانلىق: ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن سوغۇق مەنتىقىنىڭ ئارىسىنى تەڭشەپ تۇرۇڭ.**
**7. تۇرگە ئايرىش ۋە رەتكە تۇرغۇزۇش: ئىش ياكى ئىدىيەلەرنى خاراكتېرىگە كۆرە گۇرۇپپىلاپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، كېرەكلىك ئۇچۇرلارنى سۈزۈۋېلىڭ.**
**8. سېلىشتۇرۇش: ئىشلارنىڭ بىر – بىرىگە قانچىلىك ئوخشايدىغانلىقى ياكى بىر – بىرىدىن قانچىلىك پەرقلىنىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ مۇۋاپىقىنى تاللىۋېلىڭ.**
**9. سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تەھلىل قىلىش: بىر ھەرىكەتكە تۈرتكە بولغان سەۋەبنىڭ شۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىڭ.**
**10. بىرىكتۈرۈش: توپلىغان ئۇچۇرلىرىڭىزنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان يېڭى نەتىجىلەرنى بايقاڭ.**
**11. چىقارماقچى بولغان قارارىڭىزنى باھالاپ كۆرۈڭ.**
**12. دەرىجىگە تۇرغۇزۇش: ئىش ياكى ئەھۋالنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى بەلگىلەپ، ئۇنى تېگىشلىك جايىغا قويۇش ئىنتايىن زۆرۈر.**

ئىنگلىزچىدىن ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەرجىمە قىلدى

**https://www.mindtools.com/pages/article/newTED_95.htm**



# ياۋرو – ئاسىيا يايلاق ئىمپېرىيەسى نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان قۇرغاقچىلىقتا قانداق تاقابىل تۇرغان؟

**موڭغۇللار ياۋرو – ئاسىيا يايلىقىنى قولغا كىرگۈزۈشتىن ئەسىرلەر مۇقەددەم، ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاتلىق كۆچمەنلىرى ناھايىتى زىرەك تىجارەت ئۇسۇلى ۋە ئانچە مۇمكىن بولمايدىغان ئىتتىپاقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئارقىلىق بۇ مىسلىسىز قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرغاندى.**

**دىئانا كروۋ**

مەركىزىي ئاسىيا يايلىقىنىڭ قەھرىتان سوغۇقى ۋە قۇرغاق ھاۋاسى مەزكۇر رايوننى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىق ئامىلدۇر. بۇ خىل ھاۋارايى ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى موڭغۇلىيەنىڭ ئورخۇن ۋادىسىدىكى لاۋا ئېقىمىدا ئۆسكەن دەرەخلەرنى «توڭلىتىپ، قۇرغاقلاشتۇرۇپ» ساقلايدۇ. 2018 – يىلى 3 - ئايدا ئېلان قىلىنغان (دەرەخلەرنىڭ) يىل ھالقىسى خاتىرىسىگە ئالاقىدار تەتقىقات نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ قەدىمىي دەل – دەرەخلەردىن ئۆتمۈشتە يەتمىش يىلغا يېقىن داۋاملاشقان بىر قۇرغاقچىلىقنىڭ يۈز بەرگەنلىكى مەلۇم بولغان. مىلادى 783 – يىلدىن 850 – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ قۇرغاقچىلىق 1700 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ يايلاقتا يۈز بەرگەن ئەڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قۇرغاقچىلىقتۇر.

نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان قۇرغاقچىلىق ئورخۇن ۋادىسىدىكى ئاتلار ئوزۇقلىنىدىغان ئوت – چۆپلەرنىڭ نۇرغۇنىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ساھىبى، «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن تۈركىي قەۋم ئاللىقانداق چارىلەرنى قوللىنىپ، 60 يىلغىچە بۇ قۇرغاقچىلىقتىن ئامان قالغان. بۇ 1930 – يىللاردا ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن قۇم بورىنى داۋاملاشقان ۋاقىتنىڭ يەتتە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغان بىر مەزگىل ئىدى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەتقىقاتنىڭ ساھىبلىرى شۇ قۇرغاقچىلىق يىللاردىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خىتايچە ۋە ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، «ئۇيغۇرلار ئىگىلىكىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ۋە خەلقئارالىق دىپلوماتىيەدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادنى كۈچەيتىش ئارقىلىق (شۇ قېتىمقى ئۇزاققا سوزۇلغان قۇرغاقچىلىقتىن) ئامان قالغان» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان.

ئۇيغۇرلار شۇ قېتىملىق قۇرغاقچىلىقتا باشقا يايلاق ئىمپېرىيەلىرىگە ئوخشاش قوشنا ئەللەرنى تالان – تاراج قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولىدىكى ئەۋزەل ئورنىدىن پايدىلانغان ۋە ئىقتىسادنى ئىسلاھ قىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبەتەن تىنچ سىياستى ئۇلارنىڭ تەلتۆكۈس ھالاكىتىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە ئۇزاق مۇددەت ئارقىغا سۈرگەن. «ئۇلار چېمپىيونلار ئىدى» دەيدۇ غەربىي ۋىرجىنىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەبىئەت جۇغراپىيەشۇناسى ۋە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەتقىقات دوكلاتىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى بولغان ئېيمى ھېسل (**Amy Hessl**).

ھېسل «مەزكۇر تەتقىقات نەتىجىسى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى، ھېچكىم ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قەدەر ئېغىر قۇرغاقچىلىققا ئۇچراپ باققانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ تونۇش تارىخچىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىستراتېگىيەلىرىنى ئىزاھلاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن» دەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى خىتاي خانلىقى بىلەن توقۇنۇشۇشىنىڭ ئورنىغا، ئۇلار بىلەنمۇ يەنى خىتايدىكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇزاققا سوزۇلغان، ئەمما ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان ئىتتىپاق تۈزگەن. بۇ يايلاق ئېمپىرىيەلىرىنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان ئۇتتۇق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق ئاتلىرىنى خىتاينىڭ يىپەكلىرىگە تېگىشكەن. ئاندىن ئۇلار شۇ يىپەكلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غەربىدىكى مۇنبەت تۇپراقلاردىكى تىجارەتچى ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن سودا قىلغان.

«ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋە تەڭدىشى يوق مەھسۇلات (سەرخىل ئاتلار)قا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىق ئۇلارنىڭ قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىمۇ ئىقتىسادىنى چېكىنىشتىن ساقلاپ قېلىشىغا ياردەم قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتىنىڭ يېتەكچى ئاپتورى، يېڭى جېرسىدىكى پىرىنستون يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخچىسى نىكولا دى كوسمو (**Nicola Di Cosmo**).

ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ئۇلارنى باشقا يايلاق ئېمپىرىيەلىرىدىن ئايرىپ تۇرغان بىردىنبىر ئالاھىدىلىك ئەمەس. «ئۇلار يايلاقتا دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ھەققىي ئىجادچىلىرىدۇر. ئۇيغۇرلار تۈنجى بولۇپ (يايلاقتا) ھەقىقىي چوڭ، ئاساسلىق شەھەرلەرنى بەرپا قىلغان ئىنسانلاردۇر» دەيدۇ مەزكۇر تەتقىقاتقا قاتناشمىغان، ئابېردىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەنزىرە ئارخېئولوگى جوشۇئا رۇئايت (**Joshua Wright**).

ئۇيغۇرلار كەم دېگەندە دائىم تۇرىدىغان قەلئە شەھەردىن ئۇچنى بىنا قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆلىمى 20 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان پايتەخت شەھەرمۇ بار ئىدى. بۇ شەھەرلەر يىپەك يولىدىكى مۇھىم سودا تۈگۈنلىرى ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئىسلاھاتلىرى ئۇشبۇ يايلاق ئېمپىرىيەسىنىڭ شۇ يەردە زاۋال تېپىشىنى توسۇپ قالغان ئامىللاردىن بىرى ئىدى. ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ قېتىملىق قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە دېھقانچىلىق قىلىشنى سىناپ باققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسەتمەكتە، بۇ قارىماققا ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىگە زىتتەك كۆرۈنىدۇ.

پېنسىلۋانىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى، مەزكۇر تەتقىقاتقا قاتناشمىغان ئارخېئولوگ ستېفانى كرەبچىرى (**Stefani Crabtree**) ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە سودا ۋە دىپلوماتىيەدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالمىغان. مەزكۇر تەتقىقاتتىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، «ئۆتمۈشتە كىشىلەر بىر – بىرىگە زور دەرىجىدە باغلانغانىدى. ئۇلار ئىنتايىن مول ئىجتىمائىي ھاياتقا ۋە زور كۆلەملىك ئىجتىمائىي تورغا ئىگە ئىدى» دەيدۇ ئۇ.

كرەبچىرى يەنە شۇلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى: ئامېرىكانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەۋملەرمۇ (ئۆتمۈشتە) قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدە مەۋجۇت سودا تورىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا مەزكۇر سودا تورلىرى نەچچە مىڭ مىل ئۇزاقلارغا سوزۇلغانىدى. مەسىلەن، بۈگۈنكى يېڭى مېكسىكادىكى چاكو كانيون (**Chaco Canyon**)دىن ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە، ئىچىدە شاكىلاتنىڭ قالدۇقلىرى بار فارفور بۇيۇملار تېپىلدى. بۇ چاكونىڭ (شاكىلاتنىڭ خام ماتېرىيالى چىقىدىغان) كاكائۇ پۇرچىقى ئۆسىدىغان تروپىك بەلباغقىچە سوزۇلغان سودا تورىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سودا تورلىرى ھۆلچىلىك مەز-

**گىلىرىدىمۇ مەۋجۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ سودا پائالىيەتلىرىنىڭ (ئاساسلىقى قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدىكى) ئاشلىق قىسلىقىنى يېڭىشكە ياردىمى تەگكەن بولۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يايلاقتىكى قۇرغاقچىلىققا قايتۇرغان ئىنكاسى ئايرىم ئەھۋال ئەمەس، بەلكى نورمال ئەھۋال بولۇشى مۇمكىن.**

**قۇرغاقچىلىق بىلەن ئۇزۇنغىچە تىركەشكەن ئۇيغۇر ئېمپېرىيەسى كېيىنچە خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قانلىق ئىچكى توقۇنۇشلىرى ۋە شىمالدىكى قىرغىزلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان. مىلادى 839 ~ 840 – يىلىدىكى پەۋقۇلئاددە سوغۇق قىش، قىرغىزلارنىڭ تاجاۋۇزى، سىياسىي مۇقىمسىزلىق، شۇنداقلا ئۇزاققا سوزۇلغان قۇرغاقچىلىقنىڭ سالغان زىيانلىرى قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر ئېمپېرىيەسى مىلادى 840 – يىلى يىقىلغان.**

**«ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇلار قۇرغاقچىلىق سەۋەبلىك كېڭەيمىچىلىك ياكى تاجاۋۇزچىلىق قىلمىغان. لېكىن، بۇ ئاخىرىدا ئىنتايىن كۆپ كىشىنىڭ سەرگەردان بولۇشىغا سەۋەب بولغان» دەيدۇ ھېسل. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى تارىم ئويمانلىقىغا، يەنى بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ جايلاشقان، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېلىھەم ئاشۇ يەردە ياشىماقتا.**

**گەرچە (تارىخىي تەھلىللەردە) موڭغۇللارنىڭ ئورنى بەكرەك تەكىتلەنسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار يىپەك يولىدىكى ھالقىلىق قەۋم ئىدى. «بىز تارىخچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇ كۆچمەن چارۋىچى، يايلاق قەۋمى (ئۇيغۇرلار)نىڭ ئومۇمىي دۇنيا تارىخىدا تۇتقان ئورنىنىڭ نە قەدەر مۇھىملىقىنى، ئۇلارنىڭ غەربىي ئاسىيا، ھەتتا ياۋروپا، خىتاي ئارىسىدىكى تىجارەت، ئالاقە ۋە كۇلتۇر ئالماشتۇرۇشنى قولايلاشتۇرغان قەۋم ئىكەنلىكىنى ياخشى يورۇتۇپ بېرەلمىدۇق. مەنچە بۇلار (ئۇيغۇرلار)نىڭ دۇنيا تارىخىدا ئوينىغان رولى پەۋقۇلئاددە تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويۇلغان» دەيدۇ دى كوسمو.**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى.

ئەسلى مەنبە:

https://www.sapiens.org/archaeology/uyghur-empire-drought/



# چىڭگىزخان داموللام

چىڭگىز داموللام 1906-يىلى بۇگۇرنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا، موللا ھوشۇر داموللام ھاج ئىسىملىك دىنىي زاتنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇلئەزىز بولسىمۇ، خەلق ئارىسىدا «چىڭگىز داموللام» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. چىڭگىزخان داموللام 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك، ۋەتەنسۆيەر، مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇلئەزىز چىڭگىز داموللام دەسلەپكى دىنىي مەلۇماتىنى دادىسىدىن ئالغان. كېيىن بۇگۇر ۋە كۇچالاردا ئوقۇغان. قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە بىر مەزگىل تۇرغان. كېيىن، يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئىستىكىدە دادىسىدىن رۇخسەت سوراپ، 1925-يىلى ھىندىستانغا بېرىپ، دىيوبەند مەدرىسىدە بىر يېرىم يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان.

1926- يىلى ھىندىستاندىن ئايرىلىپ، پاراخوت بىلەن قاھىرەگە قاراپ يولغا چىققان. قاھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، 1927 يىلى ئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئەزھەردە يەتتە يىل ئوقۇپ، 1934–يىلى ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى ۋە ئىسلام تارىخى ساھەسى بويىچە ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملىغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىرىنچى فۇئاد ئۇنىۋېرسىتېتىدا (بۈگۈنكى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى) ئوقۇپ، كېيىن مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى بولغان. «ألته شهر تركي علم نحو وصرف (ئالتە شەھەر تۈركىي ئىلمى نەھۋى ۋەسەرف)» ناملىق كىتاب ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم يازغان ئىلمىي ئەسىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى 1934 – يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا يېزىشنى باشلاپ، 1935 – يىلى قەشقەر شەھىرىدە نەشىر قىلدۇرغان.

ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام مىسىرلىق مەشھۇر شەيخ ئەلى تەنتاۋى بىلەن ئوخشاش يىللاردا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەلى تەنتاۋى دەمەشقتە تۇغۇلۇپ، مىسىردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ شۇ جايغا يەرلىشىپ، ھاياتىنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى سەئۇدىي ئەرەبىستاندا ئۆتكۈزۈپ، 1999-يىلى توقسان ياشتىن ئاشقاندا ۋاپات بولغان. بۇ شەيخ ئۆز تەپسىرىدە، ئەينى يىللاردىكى ئۆزىنىڭ قۇردىشى بولغان ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان ھەققىدە توختىلىپ، ئۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:«ئۇ ئەجەم بولۇشىغا قارىماي، ئۆز تىلىغا يات بولغان بىر تىلدا (يەنى ئەرەب تىلىدا) ناھايىتى راۋان تەلەپپۇزدا سۆزلىيەلىگەننىڭ ئۈستىگە، ئىلمى چوڭقۇر، نەزەر دائىرىسى كەڭ كىشى ئىدى، تىلىدىن ئىلىم تۆكۈلەتتى، ئەتراپىنى گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى ئىش – ئىزلار بىلەن نۇرلاندۇراتتى.» ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر شەيخلەردىن بىرى بولغان ئەلى تەنتاۋىنىڭ، نەچچە ئون يىللار كېيىن ئۆز تەپسىرىدە چىڭگىزخان داموللامنى تەرىپلىشى ھەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

چىڭگىزخان داموللام 1939-يىلى ھەج پەرىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىبلىسى بولغان مەككە مۇكەررەمگە قاراپ يولغا چىققان. چىڭگىزخان داموللام ھەج سەپىرى جەريانىدا «أويغور حرفي (ئۇيغۇر ھەرفىي)» ناملىق ئەسىرىنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەر مەسئۇد سەبرى رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت دەۋرىدە مائارىپ پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلگەن.

چىڭگىزخان داموللام سەئۇدى ئەرەبىستاندا مەھمۇت سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ يېقىن سۆھبەتلەردە بولغان. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياپونىيىگە بارغان. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن، مەھمۇت سىجاڭ ۋە چىڭگىزخان داموللامنى بېيجىڭغا ئورۇنلاشتۇرغان. مەھمۇت سىجاڭ 1944-يىلى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان. كېيىن چىڭگىزخان داموللام نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن.

چىڭگىزخان داموللام 1945–يىلى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئۆز يۇرتى بۈگۈرگە قايتىپ كەلگەن بولۇپ، شۇ يىللىرى قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپۋاشلىرى ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى ئىشلار نازىرى، قوشۇمچە ئۈچ مەسلەك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىلىپ تەيىنلىگەن.

چىڭگىز داموللام ئۈرۈمچىدىكى يىللىرىدا يەنە ئۆلكىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغان. ئەينى زاماندىكى مىللەتچىلەرنىڭ نەشرى ئەپكارى بولغان «ئەرك» گېزىتى قاتارلىق گېزىتلەردە ماقالە يازغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئىسلام تارىخى ۋە دىنىي دەرس بەرگەن.

1949-يىلى خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ يىرگىنچلىك تاپانلىرى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا قەدەم بېسىپ، گۈزەل ئانا ۋەتىنىمىز يەنە بىر قېتىم خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە، تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن،

چىڭگىزخان داموللام چەتئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولغان چوڭ كارۋانغا قېتىلغان. بۇ كارۋان ئارىسىدا ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرمۇ بار ئىدى. كارۋان خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاشنى خالىمىغان، ياكى ئىلگىرى گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىشىدىن خەۋپسىرىگەن كىشىلەردىن، شۇنداقلا بىر بۆلۈك ۋەتەنپەرۋەر، ئوتيۈرەك شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان بۇ كارۋان شەرقىي تۈركىستان بىلەن ھىندىستاننى ئايرىپ تۇرىدىغان ھىمالايا تېغىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى چېگراغىچە يېتىپ بارىدۇ. كارۋاندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىستىكى تېزدىن چېگرادىن ئۆتۈپ، قانخور خىتاينىڭ زىيانكەشلىك قىلىش خەۋپىدىن بىر مىنۇت بولسىمۇ بالدۇر قۇتۇلۇش ئىدى. بۇ تەرىقىدە كارۋاندىكىلەر بىلەن چېگرا قوغدىغۇچىلار ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ ۋە بىر بۆلۈك كىشى تۇتقۇن قىلىنىدۇ. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ سانى **19** نەپەر بولۇپ، ئۇلار ۋەتەنگە قايتۇرۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىلغان ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، يانلىرىدىكى پۇل – مال، ئالتۇن – كۈمۈش ۋە قورال – ياراغلارنى بېرىش بەدىلىگە قويۇپ بېرىش ھەققىدە ئۆزلىرىنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىلەن كېلىشىم تۈزىدۇ. بۇ چاغدا ئېچىنىشلىق تەقدىر ئەللامەنى كۈتۈپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىر بۆلۈك ھەمراھلىرى بۇ كېلىشىمگە قوشۇلماي، قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشنى تاللايدۇ. ئىيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرادىن ئىبارەت ئىككى رەھبەر مۇشۇ كېلىشىم بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ ۋە يانلىرىدىكى بارلىق پۇل – مال، ئالتۇن – كۈمۈش ۋە قورال – ياراغلارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ھىندىستان تەرەپكە قايتىپ كېتىدۇ. ئەللامەنىڭ ھەمراھلىرى ئىچىدە قۇربان قۇداي نامى بىلەن تونۇلغان كاتىپىمۇ بار ئىدى.



چىڭگىزخان داموللام مىسىردا ئوقۇۋاتقان ۋاقتى **1930**-يىللار (ئوتتۇرىدىكى كىشى چىڭگىزخان داموللام)

**بۇلاردىن بىر قىسمى چېگرادىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، چىڭگىزخان داموللام قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر ئۆتەلمەي كۆكئارتتىن كەينىگە قايتىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، چىڭگىز داموللام 1950–يىلى قولغا ئېلىنىدۇ. 1952-يىلى 2–ئاينىڭ 25 –كۈنى «خەلق دۈشمىنى» دېگەن تۆھمەت بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋە مەسئۇد ئەپەندى، قۇربان قوداي قاتارلىق ئىنقىلابچى، ئەدىبلەر بىلەن بىر قاتاردا قەتل قىلىنىدۇ.**


**چىڭگىزخان داموللام قىسقىغىنە ھاياتىدا قان تەر سەرپ قىلىپ «شەرقىي تۈركىستان ئاسىيانىڭ قەلبى»، «تىغ تۈركانى» (پارسچە)، «گۈزەل شەرقىي تۈركىستان»، «ئەركىن شەرقىي تۈركىستان»، «ئۇلۇغ شەرقىي تۈركىستان»، «تۈركچە تەجۋىد»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىسى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس قائىدىسى»، «شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامىيەت»، «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى»، «شەرقىي تۈركىستان ئەل خالىدە» قاتارلىق 13 پارچە كىتاب يازغان بولۇپ، بۇلاردىن: «شەرقىي تۈركىستان ئاسىيانىڭ قەلبى»،«سەۋتۇل ۋىجدان (ۋىجدان ئاۋازى)»، «ئۇيغۇر سىنتاكسىسىسى» ۋە «تىغ تۈركانى» قاتارلىق تۆت پارچە كىتابىلا نەشر قىلىنغان، قالغان كىتابلىرى نەشر قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەستىن يوقاپ كەتكەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

# XINJIANG AND THE MODERN CHINESE STATE

# سۈرگۈندىكى "شىنجاڭ" ھۆكۈمىتى

JUSTIN M. JACOBS



جاستىن جېيكوبز

**1947 – يىلى 7 – ئايدا، ھىمالايادىكى كىچىك ھۇنزا (hunza) بەگلىكىنىڭ بىر مەخپىي ئەلچىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بىلەن كۆرۈشكەن. كۆرۈشۈش جەريانىدا، بۇ مەخپىي ئەلچى «ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى خىتايغا بېقىنغانلىقىغا ئالاقىدار ئىسپاتلارنى كۆرسەتكەن ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ بېقىندىسىلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان». بىر قانچە ئايدىن كېيىن، ھۇنزا ئەمرى مۇھەممەد جامال خان (Mohammad Jamal Khan) قەشقەرگە يەنە بىر ۋەكىل ۋە «كونا دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» خۇسۇسىدا بىر پارچە مەكتۇپ ئەۋەتكەن. ئەلچىنىڭ دەيدىغانلىرى (خەتتىكىدىن) تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ ھۇنزانىڭ «ئەزەلدىنلا خىتاينىڭ تېررىتورىيەسى ئىكەنلىكى»نى ئېيتىپ، «ئۆزلىرىنىڭ خىتاينىڭ قوينىغا قايتقۇسى بارلىقىنى، خىتاي خەلقىگە ئالاھىدە مۇھەببىتى بارلىقىنى» ئىزھار قىلغان (1). بۇ خىل تۇيۇقسىز «كۆڭۈل ئىزھار قىلىش»نىڭ ئارقىسىدا ھىندىستاننىڭ پارچىلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق بار ئىدى. ھۇنزا ئەمرى بىر قاتار مۇشكۈل تاللاشلارغا دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ پاكىستانغا قوشۇلۇشى كېرەكمۇ؟ ياكى ھىندىستانغىمۇ؟ ياكى ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشكە ئۇرۇنۇشى كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا ئۇرۇنۇشى ھۇنزانى ئۆز زېمىنى دەپ جاكارلىشى مۇمكىن بولغان پاكىستان ياكى ھىندىستاننىڭ يوشۇرۇن تەھدىتىگە قارشى تەدبىر ئىدى.**

**دەسلەپتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھۇنزا ئەمرى ئەۋەتكەن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشقىچە غەرىزى بارلىقىنى بايقىمىغان. گومىنداڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ھۇنزانىڭ ئىلگىرى مانجۇ ئېمپېرىيەسىنىڭ – كېيىنچە خىتاينىڭ – قەشقەردىكى ئەمەلدارلىرىغا ئولپان ئەۋەتكەنلىكىنى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىقىنىڭ 1935 – يىلى ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلگەن. مەزكۇر مىنىستىرلىق ھۇنزادا ئەنگلىيەنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، بۇ يەرنى «قولدىن كەتكەن زېمىن»لار تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. بىرىتانىيە ئېمپېرىيەسىنىڭ زېمىنلىرىنىڭ مۇستەملىكە زېمىنلىرىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، خىتاي ئۇچۇن تولىمۇ قىممەتلىك بىر پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى. «گەرچە ئۇلار قالاق، تومپاي كىشىلەر بولسىمۇ، ئەمما مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە پەزىلىتىنى بىلمىگۈدەك يەردە ئەمەسكەن. ئۇلارنىڭ ھەريىلى ئولپان تاپشۇرۇشىدىنمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇلار قەدىمىي دۆلىتىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ» دېگەنىدى گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر ئەمەلدارى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گومىنداڭنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلدارلىرىغا «ئىگىلىك ھوقۇقىمىزغا ھۆرمەت قىلىش ۋە چېگرا زېمىنلىرىمىزنى قوغداش»نىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە «ھۇنزالىقلارغا ئۇلارنىڭ (خىتايغا بولغان) بېقىندىلىق ئورنىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىش» خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن (2).**

**شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان جاڭ جىجوڭ (بۇ بۇيرۇقنى كۆرۈپ) ھەيران قالغان ۋە نەنجىڭغا «ھۇنزانىڭ ئېمپېرىيە دەۋرىدىكى بېقىندىلىق ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئالدىراپ – سالدىراپ بۇيرۇق چۈشۈرۈش زامانىۋى بىر دۆلەتكە يارىشىدىغان ئىشتەك قىلمايدۇ» دەپ يازغان. شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار تولىمۇ ئۆزگىچە. گومىنداڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جاڭ جىجوڭنىڭ خېتىگە قايتۇرغان جاۋابىدا، «ئولپان تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت فېئودال سىستېمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھۇنزادا مەمۇرىي پالاتاغا قاراشلىق ئاپتونوم رايون قۇرۇش»نى قارار قىلغان.**

**قەشقەردىكى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سوۋېتچە ئۆز مەركەزچى ئاھاڭدا ئۆزلىرىنىڭ «دۇنيادىكى ئاجىز ۋە كىچىك خەلقلەرگە ياردەم بېرىدىغان ۋە يۆلەيدىغان ئالىي سىياسىتى»نى ھەدەپ ماختىغان. بۇ يېڭى پىلاننىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئەمىر مۇھەممەد «رەئىس مۇھەممەد»كە ئايلىناتتى ۋە گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ ۋە ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرى «(ھۇنزادا قۇرۇلغۇسى) ھۆكۈمەتتە مەسلىھەتچىلەر سۈپىتىدە خىزمەت قىلىش» ئۈچۈن ئەۋەتىلەتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشتىن قايسى دەرىجىدە ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇشكۈل ئەمەس. «ئەگەر بىز ھۇنزانى ئۆرنەككە ئايلاندۇرالىساق ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پەزىلىتىنى شىمالىي ھىندىستانلارغىچە يەتكۈزەلىسەك، لاداقمۇ (ھۇنزاغا) ئەگىشىشى مۇمكىن. ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئارىسىدىكى نۆۋەتتىكى توقۇنۇشتىن قارىغاندا، كەشمىرمۇ شۇنداق قىلىشى (خىتايغا تەۋەلىك بىلدۈرۈشى) مۇمكىن» دېگەنىدى قەشقەردىكى بىر گومىنداڭ ئەمەلدارى (3).**

1948 – يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، خۇنزا ئەمىرىنىڭ قانداق چوت سوققانلىقى تامامەن ئايدىڭلاشقان. پاكىستان ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپكە ئۆتكەن ئەمىر مۇھەممەد ئۆزىنىڭ خىتاي بىلەن پەقەت «كونا كېلىشىم ۋە ئاساسلار ئاساسىدا» مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىستىكىنى بارلىقىنى، «چۈنكى، كونا كېلىشىمدە ھەرئىككى تەرەپكە ھۆرمەت قىلىنغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن بۇنىڭ ھەرئىككى تەرەپ ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى» تەكىتلىگەن. بۇ كېلىشىم خىتاي ھۆكۈمىتى تاللايدىغان «سوۋغات»لارنى («سىلەرنىڭ ئالاقىدار تىزىملىكىنى تۈزۈپ بولغان بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغاندى ئەمىر خېتىدە)، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يايلاق، دېھقانچىلىق ۋە باج يىغىش ھوقۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئەمىر ئۆزىنىڭ قېلىپ قالغان ئولپانلىرىنى تاپشۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قەشقەرگە «ئىنتايىن ئاز مىقداردىكى ئاياغلارنى سوۋغات قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن». گومىنداڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدىكىلەر بۇ ئىشتىن «ئەجەبا ئاللىكىملەر بىزگە زەھەرخەندە چاقچاق قىلىۋاتامدىغاندۇ» دەپ ھەيران قالغان بولۇشى مۇمكىن. غەربىي ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بۇ دامىڭ ( 卜大明 ) ئەمىرنىڭ تەلىپىنى «بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە زىيانلىق، قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن (4).

ئەگەر گومىنداڭ خىتايدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا يەڭگەن بولسا، ئاھالىسى خىتاي بولمىغان چېگرا رايونلارغا قارىتا قانداق سىياسەت يۈرگۈزگەن بولاتتى؟ خۇنزا مەسىلىسىدىكى قىزىقارلىق ئەگرى – توقايلىقلار گومىنداڭنىڭ ئىدىئولوگىيەسىگە كۆرە پائالىيەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان خىتاي باشقۇرغۇچىلارنىڭ تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئىنكاسى ھەققىدە نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. گومىنداڭنىڭ نىشانى مۇقىم ئىدى، شۇنداقلا ئىزچىل شۇنداق بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇلارنىڭ نىشانى – ئىگىلىك ھوقۇقنى مۇستەھكەملەش ۋە بىر مەھەل چىڭ سۇلالىسىگە باش ئەگكەنلىكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان زېمىنلاردىكى بايلىقلارنى تالان – تاراج قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. گومىنداڭ بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆزلىرىگە پايدىسىز گېئوپولىتىك شارائىت تۈپەيلى، چۈشىنىش قىيىن بولغان، پەرقلىق مىللىي سەرخىللىق ۋە مىللىي پۇقراچىلىق سىياسەتلىرىنى يولغا قويغانىدى. 1947 – يىلىدىكى خۇنزا مەسىلىسىدىمۇ كۆرۈنگىنىدەك، ئۇلار ھېلىھەم بىر قاتار مىللىي سىياسىي تاللاشلارنى سىناۋاتاتتى، بۇلارنىڭ نۇرغۇنىدا (سوۋېت ۋە خىتاي كومپارتىيەسىگە ئوخشاش) مەۋجۇت رەقىبلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بار ئىدى. گومىنداڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى «خۇنزالىقلارغا ئۇلارنىڭ (خىتايغا بولغان) بېقىندىلىق ئورنىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىش» خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە، شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇۋاتقان گېنېرال جاڭ جىجوڭ بىر مەھەل مانجۇ ئېمپىرىيەسى تەرىپىدىن قوللىنىلغان دىپلوماتىك شەكىلنى تىرىلدۈرۈش «زامانىۋى بىر دۆلەتكە يارىشىدىغان ئىشتەك قىلمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئەكسىچە، «دۇنيادىكى ئاجىز ۋە كىچىك خەلقلەرگە ياردەم بېرىدىغان ۋە يۆلەيدىغان ئالىي سىياسىتى»نىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە (خۇنزاغا) «ئالىي ئاپتونومىيە» بېرىش تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ قارالغان. بۇ ئېنىقلا كوممۇنىستلارنىڭ ئاللىقاچان ئىچكى موڭغۇلىيەدە يولغا قويۇلغان «رايون ئاپتونومىيەسى» بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى.

گەرچە گومىنداڭچىلار سوۋېتنىڭ مىللىي سىياسىي ئاتالغۇلىرىنى بۇ قەدەر قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىچكى قىسمىدىكى ئىدىئولوگىيە ئىختىلاپى سەۋەبلىك، گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلدارى ۋۇ جوڭشىنىنىڭ قىلغىنىدەك، مىللىي سەرخىللىق پەرقىگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولغان. شۇ ۋەجىدىن، سوۋېت ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي پۇقراچىلىق سىياسىتىگە بولغان يول قويۇشىنىڭ روشەن مەھسۇلى سۈپىتىدە، بولغۇسى «خۇنزا ئاپتونوم رايونى»غا مۇسۇلمان پادىشاھ – «رەئىس مۇھەممەد» باشلىق بولاتتى. (ئەگەر گومىنداڭ ئىچكى ئۇرۇشتا يەڭگەن تەقدىردە)، 1949 – يىلىدىن كېيىن، شۇ چاغدىكى گېئوپولىتىك شارائىت ئۇلارنى ئەڭ ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئەھۋالدىمۇ، بۇ خىل ئېلاستىكىلىقلىق (ماسلىشىشچانلىق) ئۇلارغا ئەسقاتاتتى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار داۋاملىق زامانىۋى خىتاي دۆلىتىنى بەرپا قىلىش ئۇرۇنۇشىنى داۋاملاشتۇراتتى. خەلقى خىتاي بولمىغان چېگرا رايونلاردىن قارىغاندا، بۇ نىشان گومىنداڭچىلار بىلەن كوممۇنىستلارنى ئوخشاش گېئوپولىتىكا لاگېرىغا تەۋە قىلغان.

مەزكۇر باپتا تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ رەئىسى» ئىشخانىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلانغىنىدەك، ئىككى (بېيجىڭ ۋە تەيۋەندىكى) ئىككى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي سىياسىي بىرلىكسېپى ئالدىدا، باشقا ھەرقانداق پەرقلىق، ئورۇنباسار سىياسىي مەسلەك شەرقىي تۈركىستاندا، سوۋېت مەركىزىي ئاسىياسىدا ياكى ئوتتۇرا شەرقتە مەغلۇبىيەتكە مەھكۇم ئىدى. سۈرگۈندىكى «شىنجاڭ» ھۆكۈمىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن خىتاي دۆلىتىگە تايانمىغان، ئىشەنچىلىك مىللىي سىياسىي قانۇنىيلىققا ئىگە بولالمىغانلىقىنى ئىزاھلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بۇ جەھەتتە (ھازىرغىچە ئەمەلىي مېۋە بەرمىگەن بولسىمۇ) خېلى راۋۇرۇس ئۇتۇق قازانغان تىبەتلەرنىڭكى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. بۇنىڭ يەنە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تاكى تەيۋەن «ئەركىن خىتاي»غا ۋاكالىتەن گەپ قىلالمايدىغان بولمىغۇچە، ئۆزلىرىنىڭ 1950 – يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي پۇقراچى سىياسىتىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر بولمايدىغانلىقىنى شەرھىلەشكىمۇ ياردىمى تېگىدۇ.

### سوغۇق ئۇرۇش كۈرىشى

1947 – يىلى 8 – ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تۇيۇقسىزلا خىتايغا (قازاقىستان تەۋەسىدىكى) سەمىپالاتىنسىك (Semipalatinsk)تىكى كونسۇلخانىسىنى تاقاش ۋە پائالىيەتلىرىنى توختىتىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن. خىتاينىڭ موسكۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بۇ ئەھۋال ھەققىدە مەخپىي دوكلات يوللىغان. ئۇ شۇ يىلى 11 – ئايدا نەنجىڭغا يازغان خېتىدە «ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى غەرىزى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن مىش – مىش پاراڭلارغا قارىغاندا، 1950 – يىلىدىن ئاۋۋال قازاقىستاننىڭ پايتەختى (ئالمۇتا)دە يەر تەۋرىشى مۇمكىنمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بەزى ئورۇنلارنى يۆتكىمەكچى ئوخشايدۇ. قارىغاندا، بۇ يەرگە ھەربىي ياكى خىمىيۋى ئۈسكۈنىلەر يۆتكەپ كېلىنسە كېرەك، شۇڭا ئۇلار چەتئەللىكلەرنىڭ بۇ يەردە جاسۇسلۇق قىلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان چېغى» دەپ يازغان (5). شۇنىڭدىن كېيىنكى ھادىساتلارنى نەزەردە تۇتقاندا، باش ئەلچىنىڭ خېتىدىكى «يەر تەۋرەش»نىڭ ئېھتىيات بىلەن تاللانغان، ئىككى بىسلىق سىياسىي ئۇقۇم بولۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى. شۇنىڭدىن ئىككى يىل كېيىن، 1949 – يىلى 8 – ئاينىڭ 29 – كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى سەمىپالاتىنسىك شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئۆزىنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى ئوڭۇشلۇق سىناق قىلدى. گەرچە يېقىن ئەتراپتا بۇ ئىش ھەققىدە خەۋەر بېرەلىگۈدەك ھېچقانداق خىتاي دىپلومات قالمىغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان CIA جاسۇسى دوگلاس ماكىيرنان (Douglas Mackiernan) كۈچلۈك بوراندىكى ھاۋا تەركىبلىرىگە ئاساسەن، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى مەلۇم بىر جايدا ئاتوم پارتلىشى يۈز بەرگەنلىكىگە جەزم قىلغان (6).

سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاندا ئۆزىنىڭ تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېر – جەڭچىلىرى، ئون مىڭدىن كۆپرەك قازاق كۆچمەن ۋە كوممۇنىستلار بىلەن چىقىشالمايدىغان باشقا كىشىلەر، خىتاي ئازادلىق ئارمىيەسى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىن كېتىۋېلىش ئۈچۈن، ھىمالايا تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈشكە باشلىغان. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ماشىنىدا قاچالىغانلار يەرلىك بوستانلىقلاردىن تەلۋىلىك بىلەن ئۆتۈش جەريانىدا ئېشەك ۋە باشقا مال – چارۋىلارنى مىجىۋەتكەچكە، بۇ جانىۋارلارنىڭ ئۈچەي – باغرى ماشىنىلارغا چاپلىشىپ، ئۇلارنى تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغان. ئۇلار تىبەتكە يېقىنلاشقاندا، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى تەرك ئېتىپ، ھەممەيلەن يا پىيادە، يا ئۇلاغلىق ھالدا، نۆلدىن تۆۋەن تېمپېراتۇرادا قارلىق تاغقا ياماشقان. يۈك بېسىلغان ھايۋانلار ھەركۈنى پەسكە دومىلاپ كېتىپ، ئاخىرىدا ھەممىسى تۈگىگەن. بۇ ھايۋانلارنىڭ چۈۋۈلۈپ چىققان ئىچكى ئەزالىرى ۋە تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن جەستى قارىغانلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن. ھاۋا شۇ دەرىجىدە ناچار بولغانكى، كىشىلەرنىڭ كالپۇكلىرى ۋە يۈز تېرىلىرى سويۇلۇپ، تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن.

نۇرغۇن باللار مۇزلاپ ئۆلۈپ كەتكەن. يارا – جاراھەت دېگەنلەر ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان. ئاز ساندىكى كىشلەرلا ئاستا خاراكتېرلىك كېسەلدىن قۇتۇلالىغان. ئالاھەزەل ئىككى – ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئامان قالغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ گىلگىت (Gilgit) ياكى كالىمپوڭ (Kalimpong)غا كېلىپ قالغانلىقىنى بايقىغان ۋە ئۇ يەردىن سىرىناگار (Srinagar) ياكى دېھلى (New Delhi)غا بارغان. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى جان ساقلاش ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلغان (7). 1952 – يىلىغا كەلگەندە، 2300 قازاق، 1300 ئۇيغۇر ۋە بىر قانچە يۈز خىتاي سەرگەردان شەرقىي تۈركىستاندىن جەنۇبىي ئاسىياغا كېلىۋالغان.

يېڭى دېھلى ۋە ئىسلاماباددىكى ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا دىپلوماتلىرى تېزلا خەۋەر تاپقاندەك، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دوگلاس ماكىيرنانغا بولغان تەسىراتى تولىمۇ ياخشى ئىدى. دوگلاس ماكىيرنان ھازىر CIA نىڭ باش شىتابىدىكى خاتىرە تېمىدىكى تۈنجى يۇلتۇزغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەم دەپ قارالماقتا. 1950 – يىلى تىبەتنىڭ چېگرا قوغدىغۇچىلىرى ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، جەستىنى پارچىلىۋەتكەندى. ئەنگلىيەنىڭ بېيجىڭدىكى نائىب باش ئەلچىسى خاچىسون (J. C. Hutchison) نىڭ ياردەمچىسى 1950 - يىلى «مەن ماكىيرناننى ھەربىي مېتېرولوگلار ئەترىتىنى باشقۇرۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىن تارتىپلا ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن، شۇنداقلا ئاشۇنداق قابىلىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ نېمىشقا ئۇرۇش ئاياغلاشقانغا قەدەر ئۇرۇمچىدە تۇرۇپ قالغانلىقىغا ھەيرانمەن» دېگەنىدى. ھازىر بىز بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلدۇق: ماكىيرنان 1945 – يىلىدىن 1950 – يىلى ئۆلگەنگە قەدەر، كوممۇنىستلارغا قارشى پارتىزانلار بىلەن كەڭ كۆلەملىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندەك قىلىدۇ. بۇ پارتىزانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى قازاق قەبىلە باشلىقى ئوسمان باتۇر بولۇپ، ئۇ 1951 – يىلى (خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن) ئۆلتۈرۈلگەنىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ماكىيرناننى «خىتايدىن نارازى كۆچمەن چارۋىچىلارغا بولغۇسى ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئامېرىكانىڭ ئۇلارغا زور ياردەملەرنى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەن ۋە 1949 – يىلىدىن كېيىنكى بولغۇسى ئەھۋال ھەققىدە نۇرغۇن تەشۋىقاتلارنى قىلغان» دەپ قارايدۇ (9).

ئارخىپلارنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ بۇ سۆزلىرى بارغانچە غەلىتە بىلىنمەيدىغان بولدى. ئۇلار سىرىناگار ياكى دېھلىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ۋە قازاق مۇھاجىرلارنىڭ سەركىلىرى دېيىشىۋالغاندەكلا ئامېرىكالىق ۋە ئەنگلىيەلىك زىيارەتچىلەردىن مۇنداق ئىككى سوئالنى سورىغان: «(1) يېقىن دوستىمىز دوگلاس ماكىيرنانغا نېمە بولدى؟ (2) (ماكىيرنان ۋەدە قىلغان) ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى قاچان پارتلايدۇ؟» بىر مەھەل قۇمۇل ئوردىسىدا ئوردا بېگى بولغان، كېيىن ئۆزىنىڭ مىلىتارىست جاللات شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرغانلىقىنى دەستەك قىلىپ، چوڭچىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە مەسلىھەتچىلىك ئورنىغا ئېرىشكەن يولۋاسخان (يولبارسخان) يېڭى دېھلىدىكى ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، باشقىلار ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراشقان. ئۇمۇ «(باشقا نۇرغۇن ئۇيغۇر مۇھاجىرلارغا ئوخشاش) پارتلىغۇسى ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولغان» (10). سىرىناگاردىكى ئۈچ يۈزگە يېقىن قازاقلارنىڭ رەھبىرى ھۈسەيىن تەيجى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ماكىيرنان بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغانلىقىنى ئاشكارىلىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىدىن پايدىلىنالايدىغان – پايدىلىنالمايدىغانلىقى ھەققىدە كاللا قاتۇرۇشقا باشلىغان. ئۇ ئامېرىكانىڭ ئۇرۇمچىدىكى سابىق كونسۇلى، كېيىن ئىسلاماباغا يۆتكەلگەن جون خال پاكستون (John Hall paxton)غا يازغان خېتىدە: «مەن ئەركىن دۇنياغا بېرىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىلىۋاتقان ماكىيرنان ئەپەندى توغرىسىدىكى ھەرقانداق خەۋەر ئاڭلاشقا تەشنامەن. مەن گاسكۇل (Gas-kul)دا، يەنى يۇرتۇمدا ئۇنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغان ۋە بەش ئاي بويىچە ئۇنى بىردىنبىر مېھمىنىم سۈپىتىدە كۈتۈش شەرىپىگە ئېرىشكەنىدىم. مەن ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىنى ۋە يالداما سۈپىتىدە يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشىنى ھېلىھەم ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر سىز مېنى مۇمكىنقەدەر تېز سۈرئەتتە ئۇنىڭ ئىز – دېرىكىدىن خەۋەردار قىلسىڭىز، تولىمۇ مىننەتدار بولغان بولاتتىم» دېگەن (11).

ئۆتمۈشتىكى ياردەمچى شېرىكىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى ئاشكارىلانغان ھامان، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان. تەيبېيدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەرھال ئۇيغۇر ۋە قازاق مۇھاجىرلارنىڭ رەھبەرلىرىگە تەيۋەنگە

يەرلىشىش خۇسۇسىدا نۇرغۇن تەكلىپنامە ئەۋەتكەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى سابىق مالىيە نازىرى، قازاق قەبىلە باشلىقى، 1951 – يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن جانىمقاننىڭ ئوغلى دەلىلقان هاجى ئۆزىگىمۇ تەكلىپنامە ئەۋەتىلگەنلىكىنى « هېسداش» ئامېرىكا دىپلوماتلىرىغا ئېيتقان. سىرىناگاردىكى لاگېردا ئۆزىنى زىيارەت قىلغانلارغا ئىنتايىن ساپالىق ۋە سىپپايە ئاهاڭدا سۆز قىلغان دەلىلقانمۇ (بۇ ئادەمنى غۇلجىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى يۆلىگەن گېنېرال دەلىلقان سۇگۇربايېۋ بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك) ئىسفاهاندىكى جون خال پاكىستوندىن مەسلىهەت سورىغانىدى. ئۇ پەۋقۇلئاددە راۋان ئېنگلىزتىلىدا «پېقىرنى تەيۋەنگە چىللاپ تەكلىپنامە كەلدى. لېكىن، تەيۋەنگە بارسام، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشىدىن قورقىمەن. شۇ ۋەجىدىن جانابىڭىزنىڭ تەيۋەنگە بېرىش – بارماسلىقىم هەققىدىكى مەسلىهەتىنى ئاڭلاپ باقسام دەيمەن» دېگەن (12). دەلىلقان ئەڭ ئاخىرىدا سىنىگاردا قېلىشنى قارار قىلغان ۋە ئۇ يەردە تەيۋەن بىلەن ئوچۇق – ئاشكارا، قوللاش تېپىدىكى ئالاقىنى ساقلىغان. هالبۇكى، شۇ يىلى 63 ياشقا كىرىپ قالغان، دەلىلقاندىن قىرىق ياش چوڭ يولۋاسقا نىسبەتەن، تەيۋەندىكى ئارامخۇدا تۇرمۇشنىڭ جەلىب قىلىش كۈچى تېخىمۇ زور ئىدى. يولۋاس يېڭى دېهلىدا ئەنگلىيە دىپلوماتلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، «ئۆزىنىڭ باشتا كەشمىرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇهاجىرلارنى زىيارەت قىلىش، ئاندىن تەيۋەنگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى باش قوماندان (تاۋ شىيۆ)غا تاپشۇرۇپ بېرىپ خاتا قىلغانلىقىنى ... تاۋ شىيۆنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغا تەسلىم بولغانلىقىنى، شۇنداق قىلغاننىڭ ئورنىغا قوشۇنىنى ئۇنىڭغا (يولۋاسقا) تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن راۋۇرۇس تۇتىشىدىغانلىقىنى جياڭ جېيشىغا دېيىش نىيىتى بارلىقىنى ئېيتقان» (13).

بۇ خىل كۆرۈشۈشلەرنىڭ دائىملىق ئىشتىراكچىلىرىدىن بولغان ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن بىلەن مۇهەممەدئەمىن بۇغرامۇ تەيۋەندىكى گومىنداڭ هۆكۈمىتى ئارزۇلاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار تىزىملىكىدە بار ئىدى. ئەمما، بۇ ئىككىلىسى تەيبېيگە بېرىشكە شۇنچىكى بولسىمۇ قىزىقىدىغاندەك قىلمايتتى؛ ئەكسىچە، ئۇلار كۆپىنچە ۋاقتىنى هىندىستان ۋە تۈركىيە هۆكۈمىتىنى كەشمىردىكى مۇهاجىر ئۇيغۇرلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ماقۇل قىلىشقا سەرپ قىلغانىدى. يولۋاس، ئەيسا ۋە مۇهەممەدئەمىن بۇغرالارنىڭ تەيۋەندىكى گومىنداڭ هۆكۈمىتىگە تۇتقان مەيدانىدىكى بۇ قەدەر زور پەرققە شەرقىي تۈركىستاننىڭ گېئوپولىتىك كېلەچىكىگە بولغان مۆلچەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەب بولغان. ئەنگلىيەنىڭ يېڭى دېهلىدىكى ئەلچىخانىسىدىكى دىپلومات كامىڭ برۇس (F. E. Cumming-Bruce) بۇ هەقتە «شۇ نەرسە بىزگە ئايانكى، گەرچە (ئەيسا يۈسۈپ) ئالىپتېكىن مۇستەقىل تۈركىستاننىڭ مەۋجۇت بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن يولۋاس <سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا بۇنداق بىر دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ،

شۇڭا تۈركىستان ئۈچۈن بىردىنبىر ئۈمىد ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتايدىن پاناهلىق تىلەشتۇر> دەپ قارايدۇ» دەپ يازغانىدى (14). نەتىجىدە، (گەرچە دەلىلقان سىرىناگاردىكى بازىسىدا، ئۆزىنىڭ رەسمىي سالاهىيەتتە تەيبېيدىكى سىياسىي يىغىنلارغا پات – پات قاتنىشىپ تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ) گومىنداڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان تۆت كىشىنىڭ بىرىنىلا يېنىغا تارتىشقا مۇۋەپپەق بولغان.

قېرىپ قالغان يولۋاسنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان تەيبېيدىكى گومىنداڭچىلارنىڭ نۇرغۇنى ئەيسا يۈسۈپ بىلەن مۇهەممەدئەمىن بۇغرا ئىككىلىسىنى تەيۋەنگە ئەكېلەلمەسلىكنى قوبۇل قىلالمايتتى. (ئۇلارغا كۆرە) ئەيسا يۈسۈپ بىلەن مۇهەممەدئەمىن بۇغرا ئوقۇمۇشلۇق، كۆپنى كۆرگەن، سىياسىي هاياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان، پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسىدا هۆرمەتكە سازاۋەر، شۇنداقلا تەشۋىقاتنىڭ كۈچىنى ئاجايىپ ياخشى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، يولۋاس جەڭگاهتىن چىققان، مەهەللىۋى تەپەككۇرغا ئىگە، نەزەر دائىرىسى تار ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ كەمگىچە شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاينىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغان. يەنە كېلىپ، ئۇ ئەسلىدىنلا گومىنداڭپەرەس بولغاچقا، ئۇنى تەيۋەنگە ئەكېلىشنى سىياسىي ئۇتۇق




رەسىم 1: يولۋاسخان، 1951 ~ 1971 - يىللىرىدا تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ <شىنجاڭ> رەئىسى بولغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرانى بۇ رەئىسلىك ئورنىدا ئولتۇرۇشقا قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن، يولۋاس جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئۇيغۇرلارنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە مايىل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ گومىنداڭنىڭ ئەيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا تۈركىيەدە تۇرۇپ تەشەببۇس قىلغان مىللىي پۇقراچىلىق تەرغىباتىغا قارشى ھۇجۇملىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى يوللۇق كۆرسىتىشكە يانتاياق بولغان. «مەركىزىي تەتقىقات ئىنىستىتۇتى، يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئارخىپخانىسى، 119.51/0001، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەملىكە قىلىنىشىنىڭ ئالدى – كەينىدىكى ۋەزىيەت دوكلاتى»، 21.

دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭدەك ئادەم گومىنداڭ ئۈچۈن ئىشلىمەي قالمايتتى، ئەلۋەتتە. 1940 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، گومىنداڭ ئاخىرى (شېڭ شىسەينىڭ تەختتىن چۈشۈرۈپ) ئۆز ئالدىغا شەرقىي تۈركىستانغا رەئىس تەيىنلەشكە مۇۋەپپەق بولغاندا، يولۋاس ئۆزىنىڭ ئىزچىل جياڭ جېيىشىغا سادىق بولۇپ كەلگەنلىكىنى كوزىر قىلىپ قۇمۇلدىكى ئورنىنى ساقلاپ قالغانىدى. شۇ چاغدىكى بىر نەپەر گومىنداڭ ئەمەلدارىنىڭ ئېيتىشىچە، يولۋاس تەيۋەنگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، «ھەرقايسى رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ھەققىدىكى بىمەنە تەلەپلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن» (15). ئۇنىڭ ئەكسىچە، گومىنداڭ ئەيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا – بۇلار 1940 – يىللاردىكى گومىنداڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى مىللىي پۇقراچىلىق تەرغىباتچىلىرىنىڭ سەركىلىرى بولسىمۇ، ئەمما يولۋاس بىلەن (شۇ چاغدىكى گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان رەئىسى) ۋۇ جوڭشىن بۇلارنى مەنسىتمەيتتى – نى تەيۋەنگە ئەكېلەلىسە، بۇنى ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنى جەلب قىلىدىغان سىياسىي كاپىتالغا ئايلاندۇرالايتتى.

تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى كاتتىباشلىرى 1950 – يىللاردا، يەنى يولۋاس ئارالغا تۈنجى قېتىم قەدەم قويۇپ كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى تېپىشنى قارار قىلغان. 1953 – يىلى 11 – ئايدا، ئامېرىكانىڭ تەيبېيدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رەنكىن (K. L. Rankin) گومىنداڭنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى يې گوڭچاۋ (George Yeh)دىن، ئەگەر بىر كۈنلەردە گومىنداڭ ئوڭۇشلۇق ھالدا چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋالالىسا، گومىنداڭنىڭ شۇ چاغدىكى ئاھالىسى خىتاي بولمىغان چېگرا رايون سىياسىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىغان. يې گوڭچاۋ شۇ پۇرسەتتە يولۋاسنى قاتتىق سۆكۈپ، ئۇنى «ھاماقەت»، «قارا قورساق»، «ۋەزىيەتكە پايدىسىز» دەپ تەنقىدلىگەن. ھەممىدىن مۇھىمى، يې گوڭچاۋ «مۇھەممەدئەمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ئىككەيلەن يولۋاسنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇھەممەدئەمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەقىقىي رەھبەرلىرىدىن ئىدى، شۇڭا بۇ ئىككەيلەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئانچە دوستانە قارىمىسىمۇ، ئەمما يې گوڭچاۋ يەنىلا ئۇلارنىڭ تەيبېيگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى – يۇ، «يولۋاس بۇ يەردە بولغان مۇددەتتە، ئۇ ئىككىسى كەلمەيدۇ» دەپ قارايتتى (16). يې گوڭچاۋنىڭ (يولۋاس ھەققىدىكى) ئەيىبلەشلىرى – بۇلارنىڭ بىر قانچىسى توغرا بولمىسىمۇ – گومىنداڭدىكى تەسىردار ئەربابلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلىگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىلى، تەيۋەندىكى داڭلىق مەركىزىي تەتقىقات ئاكادېمىيەسى (Academia Sinica) نىڭ مۇدىرى چۇ چياخۇا ئۆزىنىڭ مۇھەممەدئەمىن بۇغرا بىلەن يېزىشقان خەتلىرىنى ئېلان قىلغان. چۇ چياخۇا بۇ خەتلەردە، «خاتا ئۇچۇرنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان» بۇ ئۇيغۇر دوستىنى تەيۋەنگە كېلىشكە توختىماي دەۋەت قىلغان، ئەمما خەتلىرىدە «يولۋاس» دېگەن ئىسمنى چىقىرىپ قېلىشتىن قەتئىي ھەزەر قىلغان. ھالبۇكى، يولۋاس بۇ چاغدا ئاتالمىش «شىنجاڭ رەئىسى» بولغىلى ئۈچ يىل بولۇپ قالغانىدى (17).



رەسىم 2: ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن (1947 ~ 1949 - يىللاردا) گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قاراشلىق ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت»تە باش كاتىپ بولۇپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، 1949 – يىلى ھىندىستانغا كەتكەن ۋە ئۇيغۇر – قازاق مۇھاجىرلارنى تۈركىيەگە ئاپىرىپ جايلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ ئىستانبۇلدىكى يېڭى بازىسىدا، دۇنيادىكى ھەرخىل سىياسىي كۈچلەرنى ئىككىلا خىتاي ھۆكۈمىتى (خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋە گومىنداڭ)گە ئۇيغۇر – قازاق خەلقىنىڭ مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش ئىستىكىنى ئېتىراپ قىلىش ھەققىدە بېسىم ئىشلىتىشكە ئۈندىگەن. يولۋاس ۋە تەيۋەندىكى باشقا مۇسۇلمان نەسىللىك ئەمەلدارلار ئەيسانىڭ تەلەپلىرىگە قارشى چىقىش ۋە رەددىيە بېرىشنىڭ ھەرقانداق پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمىگەن. ئۇلار رەددىيەلىرىدە ئاساسلىقى ئەيسانىڭ ئىلگىرى گومىنداڭ بىلەن زىچ ھەمكارلاشقانلىقىنى تۇتقا قىلغان. «جون خال پاكىستون ئىلمىي ماقالىلىرى» (MS 629)، قولىيازما ۋە ئارخىپلار، يېل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى.

(گومىنداڭنىڭ) سۇرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان سىياستى ئىزچىل دەتالاش قىلىنىپ كەلدى، چۈنكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي سىياسىي ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان كىشىلەر تولىمۇ ئاز ئىدى. 1950 – يىللىرى ھەممىسى ھايات بولغان، گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سابىق بەش رەئىسىنىڭ ئىككىسى (جاڭ جىجوڭ بىلەن بۇرھان شەھىدى) كوممۇنىستلارغا تەسلىم بولغان، بىرى (مەسئۇد سابىرى) كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىسىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان، قالغان ئىككىسى (ۋۇ جوڭشىن بىلەن شېڭ شىسەي) تەيۋەنگە قېچىپ كېلىۋالغانىدى. گومىنداڭنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلمىگەن يېرى شۇ ئىدىكى، تەيۋەندە پاناھلىنىشنى تاللىغان سابىق رەئىسلەرنىڭ ئىككىلىسى خىتاي ئىدى. مۇستەملىكىسىزلەشتۈرۈش مەزگىلىدە بەكلا ئومۇملاشقان، «يەرلىك» سىياسەتچىلەرنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ماقامغا كۆتۈرۈش مەجبۇرىيىتىدىن سىرت، شېڭ شىسەي بىلەن ۋۇ جوڭشىن ئىككەيلەن ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكى بىلەن تامامەن ئالاقىسىز سەۋەبلەر تۈپەيلى، سۇرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان سىياستىگە ئارىلىشىشتىن چەكلەنگەنىدى. 1944 – يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىككى يىل شەرقىي تۈركىستانغا رەئىس بولغان ۋۇ جوڭشىن ئەيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ ئەشەددىي كۈشەندىسى بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنى پارتىيەنىڭ ئىچىدە مەككارلىق بىلەن بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان «نەپسى يامان قارا نىيەتلەر» دەپ قارايتتى. دېمەك، مەقسەت ئەيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىننى تەيۋەنگە ئەكېلىش بولغان تەقدىردە، ۋۇ جوڭشىننىڭ بۇ ئىشقا پايدىسى تەگمەيتتى.

شېڭ شىسەيگە كەلسەك، (شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل قىلىنىدىغان نامزاتنىڭ) مىللەت تەركىبى مۇھىم دېگەن تەقدىردىمۇ، شېڭ شىسەيدەك «ئاقىل» خىتاي ئەمەلدارنى تەيۋەننىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ئورۇنباسارلىق رولىنى ئوينىيالمايدۇ دېيىشكە سەۋەب يوق ئىدى. 1949 – يىلىدىن كېيىن، كوممۇنىستلارمۇ سابىق رەئىس جاڭ جىجوڭدىن ئاشۇنداق پايدىلانغانىدى. شېڭ شىسەي بىر مەھەل شەرقىي تۈركىستانغا قەدەم قويغان ئەڭ «ئاقىل» خىتاي ئەمەلدار دەپ قارالغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ 11 يىللىق دوبەنلىك مەزگىلىدە، سوۋېتنىڭ قوللىشى بىلەن نۇرغۇن ئىنستىتۇتلارنى تەرەققىي قىلدۇرغان ياكى ئۆزى قۇرۇپ چىققانىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى 1937 – يىلىدىن، يەنى شېڭ شىسەي ئۆزى ئىلگىرى بىر مەھەل ئىمتىياز بەرگەن بارلىق كىشىلەرنى تازىلاشقا باشلاشتىن بۇرۇنقى ئىش ئىدى. يولۋاسمۇ 1930 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شېڭ شىسەينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، تۇنجى سۇرگۈنلۈك ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. (مۇشۇ خىل سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە) بۇ ئىككەيلەن تەيبېيدىكى پارتىيە يىغىنلىرىدا بىر – بىرىگە دوقۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن چوقۇم كۆپ مۇشەققەت تارتقان بولۇشى مۇمكىن. سابىق ئامېرىكا كونسۇلى جون پاكستون 1948 – يىلىدىكى قۇمۇل زىيارىتى جەريانىدا، يولۋاسنىڭ «شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن تارتىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ماختاپ – ئۇچۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، ئەمما شېڭ شىسەي ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ ياخشى گەپ قىلىپ سالمايدىغانلىقىنى» بايقىغان (18).

يولۋاسنىڭ ئورنىغا مۇھەممەدئەمىن بىلەن ئەيسا يۈسۈپنى يېنىغا تارتىش تەشەببۇسچىلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ، شېڭ شىسەي كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئادەم ئىدى. 1949 – يىلىدىكى قالايمىقانچىلىقتا شېڭ شىسەينىڭ شىرەم تۇغقانلىرىدىن 11 كىشى بىر قېتىملىق قىساس ئېلىش ھەرىكىتىدە ئۆلتۈرۈلگەندە، ئەيسا يۈسۈپ ئاتايىن لەنجوۋغا بېرىپ، قاتىلدىن –ئەيسانىڭ نەزىرىدە، ئۇ «قەھرىمان» ئىدى، ئەلۋەتتە – ئەھۋال سورىغان. شۇنداقلا، سوتتا ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان (19). شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ چوڭ قورۇقلۇقتىكى (شەرقىي تۈركىستاندىكى ھوقۇقتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى) قالغان يىللىرىدا ۋە 1950 – يىللاردا تەيۋەندە ياشىغاندىمۇ، پارتىيەنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشسىلا باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ سوتقا تارتىلىشى ھەققىدىكى چاقىرىقىنى ئاڭلاپ تۇرغان. 1950 – يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شېڭ شىسەينىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ تېگىشلىك رەۋىشتە سۈرۈشتۈرۈلمىگەنلىكى ھەققىدىكى بەس – مۇنازىرىلەر ئەۋجىگە چىققان ۋە بەزىلەر ئۇ «جەننەتنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشى كېرەك» دېيىشكەن (20). گېنېرالىسمۇس (جياڭ جيېشىنى دېمەكچى)نىڭ بىۋاستە ئارىلىشىشى سەۋەبلىكلا، شېڭ شىسەي باشقىلارنىڭ تىل – ھاقارىتىگە كۆمۈلۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇ 1958 – يىلى ئالېن ۋايتىڭ (Allen S. Whiting)

بىلەن بىرلىشىپ «شىنجاڭ: پېچىكمۇ، تۈگۈنمۇ؟» دېگەن كىتابنى يازغاندىن كېيىن، كىشىلەرگە ئاربىلاشماس بولۇپ قالغان، شۇنداقلا ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، يېنىدىن تاپانچىنى ئايرىماي، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋاقتىدا يىغقان ئەللىك مىڭ سەر ئالتۇنغا تايىنىپ ياشىغان. بۇنداق بىر ئادەمنىڭ سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا شەخسىي ياكى كوللېكتىپ رول ئوينىيالىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بۇنىڭ ئورنىغا، ئۇ سوۋېتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى پىلانلىرىغا ئالاقىدار تارىخىي پاكىتلارنى ئىزدەۋاتقان ھۆكۈمەت ياكى تاراتقۇ خادىملىرى ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك قىلىدىغان ئىشلارنى پات - پات قىلىپ قوياتتى (21).

يۇقىرىقىلارنىڭ ھېچقايسىسى تەيۋەندىكى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ چېگرا رايون سىياسىتى ئۈچۈن ياخشى باشلىنىش ئەمەس ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاخىرى، ساۋادى بار - يوقلۇقىمۇ نامەلۇم، ئەمما (گومىنداڭغا بولغان) ساداقىتىدىن زىنھار گۇمان قىلغىلى بولمايدىغان بىر ياشانغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكنى يېنىغا تارتىشنى قارار قىلغان. پارتىيە ئىچىدىكى ئۈمىدۋارلار سىرىناگاردىكى ياش قازاق گېنېرال، يولۋاسقا ئوخشاشلا جەڭگاھنىڭ ئادىمى بولغان دەللىقان ھاجىنى تەيۋەنگە ياردەم قىلىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۈمىدسىزلەر بولسا، ئەيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ كەشمىردىكى مۇھاجىرلارنى ئۆزىگە تارتىشتا چاقنان چىققانلىقى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان دۇنياسى بىلەن ئالاقە ئورناتقانلىقىغا دىققەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر (دەللىقانمۇ تەيۋەنگە كەلگەن تەقدىردە) يولۋاس بىلەن دەللىقان ئىككىسى مىللەتچىلىك، پۇقراچىلىق تەشۋىقاتلىرىدا ۋايىغا يەتكەن، ئەمما ئىلگىرىكىدەك پارتىيەنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئەيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا بىلەن يۈت تېپىشكەن بولسا، قانداق بولاردى؟

## قازاقلارنى يېنىغا تارتىش

يولۋاس تەيۋەنگە جايلىشىپ بولغاندىن كېيىنلا، كۈندىلىك خىزمىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر نەرسىنى، يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ ئىشخانىسى» (新疆省政府主席办公处) دېگەن خەتلەر يېزىلغان تامغىنى تاپشۇرۇۋالغان. بۇ تامغىنىڭ (قۇرغاق كىلىماتلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەس) تروپىك بەلباغدىكى تەيۋەندە بولۇشى ئادەمگە غەلىتە تۇيۇلاتتى. بۇ ئاتالمىش «شىنجاڭ» رەئىسى ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئىشخانا بولۇپ، ھېسابتا بىر «قۇرۇق ئۈستەڭ» ئىدى. 1949 - يىلىدىن كېيىنمۇ گومىنداڭ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان باشقا ئۈچ ئۆلكە - تەيۋەن، فۇجىيەن ۋە قىسقا مۇددەت ئۇلارنىڭ قولىدا قالغان يۈننەن - رېئال باج ئېلىش ئاساسى ۋە ئەمەلىي زېمىنلارغا ئىگە ئىدى (22). لېكىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب، ئۇنىڭ سىمۋوللۇق رولى ئىدى. 1951 - يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ۋە قازاق مۇھاجىرلارنىڭ دراماتىك قىسمىتى غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە «دۆلەت جۇغراپىيەسى» (National Geographic)نىڭ ئۇزۇن بىر خەۋىرى ۋە بۇ خەۋەرنىڭ كېيىنچە «قازاق كۆچكۈنى» (Kazak Exodus) دېگەن نامدا رومانلاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئەۋجىگە چىقتى (23). «پۈتۈن دۇنيا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۆزگىرىشلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلماقتا» دېگەندى تەيۋەندىكى پىلانلاش كومىتېتى. قاچانكى خەلقئارانىڭ دىققىتى شەرقىي تۈركىستانغا مەركەزلەشسە،گومىنداڭنى ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش يولۋاسنىڭ خىزمىتى ئىدى.

يولۋاس ئىشنى ئۆزى دۇچ كېلىدىغان رىقابەتنى مۆلچەرلەشتىن باشلىدى. تەيۋەندىكى ئاشكارىلانغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى 1952 - يىلىدىن  باشلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرالار بىلەن يېزىشىلغان خەت - چەكلەر بار ئىدى. ئەمما، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئىككەيلەن جەنۇبىي ئاسىيادىن ئايرىلىپ، تۈركىيەگە كېتىپ بولغانىدى. ئۇيغۇرچە يېزىلىپ، كېيىن يولۋاس ياكى ئۇنىڭ كاتىپى تەرىپىدىن خىتايچىغا

تەرجىمە قىلىنغان بۇ خەتلەردە ئىمكانقەدەر مەدەنىي سۆز – ئىبارىلەرنى قوللىنىشقا دىققەت قىلىنغانىدى. ئىيسا 12 – ئايدا يولۋاسقا يازغان خېتىدە، «مەركىزىي ھۆكۈمەتتە 13 يىل خىزمەت قىلىپتىمەن. لېكىن، ئويلاپ باقسام، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماپتىمەن. شۇ ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسى زايە كېتىپتۇ. سىياسەت بېكىتىش جەھەتتە، ھۆكۈمەت ئەزەلدىن بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقمىدى، شۇنداقلا بىزنىڭ ھەرقانداق مەسلىھەتىمىزنىمۇ قوبۇل قىلىپ باقمىدى» دەپ يازغانىدى. گومىنداڭنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش خىتاي بولمىغان كادىرلار دۇچ كېلىدىغان كۆرۈنمەس توسۇق (قۇرۇق ئۆستەڭنىڭ مىرابلىقى، ئېتىبارسىزلىق ۋەھاكازا)قا نىسبەتەن بىر تالاي قورساق كۆپۈكى بار ئىيسا يولۋاس بىلەن خەت يېزىشىش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىۋالغانىدى. «ئەگەر مەن تەيۋەنگە بارسام، ئىشلار يەنە ئىلگىرىكىدەك بولماسمۇ؟ سىزنىڭ ئاشۇ يەردە بولغىنىڭىز يېتەر. مەن چەتئەلدىكى خىزمىتىمنى تاماملىماي، شۇنداقلا مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئۆتۈقلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي تۇرۇپ، تەيۋەندە قىلىدىغان ئىشىم يوق. مېنىڭ مۇشۇ يەردە قالغىنىم ئەۋزەل» دەيدۇ ئۇ خەتنىڭ داۋامىدا (24).

(ئىيسانىڭ خېتىدىكى) «مۇشۇ يەر» ئىستانبۇل ئىدى. كېيىنمۇ ئىسپاتلانغىنىدەك، 1949 – يىلدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدىكى ئىيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا پەقۇلئاددە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇلار گاھىدا يېڭى دېھلى بىلەن كەشمىر ئارىسىدا قاترىسا، گاھىدا ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇھاجىرلاردىن پۇل توپلاش ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ مۇھاجىرلار شىڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلارنى باستۇرغاندا چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلەر ئىدى. (ئىيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئۈچۈن) ئالتۇن كانلاردىن بىرى سەئۇدىي ئەرەبىستان بولۇپ، بۇ يەردە يەرلىك جەمئىيەتكە سىڭىشىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغراغا پۇل ئىئانە قىلىشقا تەييار سەككىز مىڭدەك ئادەم بار ئىدى. يولۋاس مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ يالغۇز 1951 – يىلىلا سەئۇدىي ئەرەبىستاندىن ئالتە مىڭ، مىسىردىن ئىككى مىڭ ئامېرىكا دوللىرى توپلىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. مىسىر تاراتقۇلىرى مۇھەممەدئەمىن بۇغرانى «تۈركىستان ئەمىرى» دەپ ئاتىغانىدى (25). بۇ پۇللارنى كەشمىردىكى نەچچە مىڭ قازاق مۇھاجىرنى تۈركىيەگە جايلاشتۇرۇش ۋە ئۇلار (مۇھەممەدئەمىن بۇغرا قاتارلىقلار)نىڭ ئىستانبۇلدىكى يېڭى ماكانىدا كوممۇنىزمغا قارشى تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى نەشىر قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىش پىلانلانغانىدى (26). ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا غەيرىي كوممۇنىستىك دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا گېپى ئۆتىدىغان بولۇش ئۈچۈن قوللىغۇچىلارغا موھتاج ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى بىردىنبىر غەيرىي كوممۇنىستىك تۈركىي دۆلەت بولغان تۈركىيە ئۇلارنىڭ بۇ ئېھتىياجىغا تولىمۇ ماس كېلەتتى. ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا بىر قانچىلىغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە خەير – ساخاۋەت ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىللە توختىماي تىرىشىش نەتىجىسىدە، 1734 قازاق ۋە بىر قانچە يۈز ئۇيغۇرغا تۈركىيەدىن ئولتۇراقلىشىش ھالدا پاناھلىق ئېلىپ بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى قازاقلار ئاناتولىيەگە، ئۇيغۇرلار ئىستانبۇلغا يەرلەشكەن (27).

يولۋاس تەيۋەندىكى ئىشخانىسىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندا، ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ تۈركىيەدىكى ئىشلىرى تاماملىناي دەپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يولۋاس كەشمىردىكى مۇھاجىرلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، «چوڭ قۇرۇقلۇق سەرگەردانلىرىغا ياردەم بېرىش جەمئىيىتى» ئاجراتقان بىر قىسىم پۇللارنى ئۇلارغا ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇ يەنە تەيۋەنگە كېلىپ يەرلىشىشنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ھە دەپ ماختىغان. قازاق چارۋىچىلارنى تروپىك بەلباغدىكى ئارال (تەيۋەن)غا ئاپىرىش تەكلىپىدىن خەۋەر تاپقان ھىندىستاندىكى ئەنگلىيەلىك بىر پوپ بۇنى مەسخىرە قىلىپ: «قازاقلارنى تەيۋەنگە ئاپىرىش خىيالى ماڭا تولىمۇ ئۆزگىچە تۇيۇلدى» دېگەن. شۇنداقتىمۇ يولۋاس قولدىن كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىغان ۋە 1951 – يىلدىن 1953 – يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا، بىر ئاماللارنى قىلىپ كەشمىردىكى مۇھاجىرلارغا 16000 دوللار يەتكۈزۈپ بەرگەن (28). مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىيلەن، يەنى كالى بەگ بىلەن ھەمزە شۇنىڭغا ماس ھالدا، (مۇھاجىرلار ئارىسىدا) گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى يېيىشقا باشلىغان. 176 قازاق ۋە 13 ئۇيغۇرنىڭ ئاللىقاچان تۈركى-

يەگە كېتىپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كالى بەگ ئۆز تۇپىدا قالغان 180 دەك قازاقنىڭ داۋاملىق كەشمىردە تۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش بۇيرۇقىنى كۈتۈشكە ۋە كوممۇنىست باندىتلارنى يوقىتىشقا قەسەمياد قىلغانلىقىنى جاكارلىغان ھەم «بىز پارتىيە (گومىنداڭ) ۋە دۆلەتكە سادىق، شۇنداقلا بىز كۆك ئاسمان – ئاق قۇياشلىق گومىنداڭ بايرىقىغا ئەگىشىپ ئىلگىرىلەيمىز» دېگەن (29). ئەمما، بۇ ئىككى قازاق رەھبەر يولۋاستىن يوشۇرۇن ھالدا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەنمۇ ئۇچراشقان، شۇنداقلا ئۇچرىغانلىكى پۇلداردىن ياردەم تەلەپ قىلغان (30). 1952 – يىلىنىڭ بېشىدا، كونسۇل پاكستون (كەشمىردىكىلەرنىڭ ئۆزىگە يازغان خەتلىرىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ) ئۆز يېنىدىن ئۈچيۈز دوللار چىقىرىپ، كالى بەگ بىلەن ھەمزىگە ئەۋەتكەن. كالى بەگ ئۈچىنچى ئايدا پاكستونغا يازغان جاۋاب خېتىدە: «سىزگە شۇنى مەمنۇنىيەت ئىچىدە ئېيتماقچىمىزكى، ئەۋەتكەن پۇلىڭىزنى ئارىمىزدا تەڭ بۆلۈشتۇق. بىزنىڭ، بولۇپمۇ 340 قازاق مۇھاجىرنىڭ ياردىمىڭىز ئۈچۈن چىن يۈرەكتىن ئېيتقان تەشەككۇرىنى قوبۇل قىلغايسىز» دېگەنىدى (31).

يولۋاس بىلەن كالى بەگ ئۆزئارا خەت ئالاقىسى قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى كوممۇنىستىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكىللىرىمۇ پاكىستاندا تۇرۇۋاتقان خېلى زور ساندىكى قازاق مۇھاجىرلارغا يېقىنلاشقان. ئۇلارغا بىر ئاي ھەقسىز زىياپەت بېرىلگەن ۋە رۇسىيە رۇبلىسى ئارقىلىق قەرەللىك ياردەم پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. بەزى مۇھاجىرلار دېڭىز يولى ئارقىلىق چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى ھىمالايا تاغ ئېغىزى ئارقىلىق (شەرقىي تۈركىستانغا) قايتىپ كېتىشكە ماقۇل بولغان. ئىيسا بېيجىڭ بىلەن تەيبېينىڭ بۇ تۈيۇقسىز (مۇھاجىر تالىشىش) ھۇجۇمىدىن چۆچۈپ، كالى بەگنى يېنىغا تارتىشقا ئۇرۇنغان. كالى بەگ يولۋاسقا «يېقىندا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ، ئارىمىزدا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىدۇ ۋە بىزنى تۈركىيەگە كېتىشكە دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. لېكىن مەن مەيدانىمدىن تەۋرەنمىدىم ۋە ئۇلارغا مېنىڭ ھۆكۈمىتىمنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكىنى، ئۆزەمنىڭ مەڭگۈ جۇڭخۇا مىنگونىڭ پۇقراسى بولىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم» دېگەن. كالى بەگ بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇۋاتقان «تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى» ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئىدى. ھالبۇكى، 1953 – يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قاقسەنەم بولۇپ قالغان مۇھاجىرلار ئۈچۈن، پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئورۇنلاشتۇرغان «تۈركىيەگە يەرلىشىش» تەكلىپىنىڭ جەلب قىلىش كۈچىنىڭ رەت قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. پەقەت كالى بەگ ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە يۈز ئەگەشكۈچىسىلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى قېتىم مەردلىك قىلىشىنى تەمە قىلىپ، (تۈركىيەگە كەتمەي) قېلىپ قالغان. «ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلەر نۇرغۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە تارقىلىپ كەتتى. ئەگەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىزنى نەزەردىن ساقىت قىلسا، بۇ (گومىنداڭنىڭ) ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار (مۇسۇلمان دۆلەتلەر) گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى دۇنيادىكى ئاجىز خەلقلەرنى ياراتمايدىكەن، دەپ ئويلاپ قالىدۇ» دەپ يازغانىدى كالى بەگ (32).

لېكىن، 1734 قازاقنىڭ تۈركىيەگە يەرلەشكەنلىك خەۋىرى كالى بەگنىڭ تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ساداقەت بىلدۈرگەنلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتتى. شۇنداقلا، بۇ يولۋاسنىڭ ئۇلارغا ۋاكالىتەن لوبىچىلىق قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. تەيۋەن ئىجرائىيە پالاتاسى مۇھاجىرلارنىڭ ئاناتولىيەگە يەرلەشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «نۆۋەتتىكى مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى، ھىندىستان ۋە پاكىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى ئەمدى ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلىيەلمەيمىز. مۇشۇ مۇشكۈل پەيتتە، بىز ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ <بارلىق قىيىنچىلىقنى يېڭىش> روھىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆز جېنىنى ئۆزى قامدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ جاكارلىدى. گەرچە يولۋاس رەسمىي پىلان لايىھەسىدىن بىرنى تۈزۈپ، كالى بەگ ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە يۈز ئەگەشكۈچىسىنى تەيۋەنگە ئەكېلىشكە شاپاشلاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىشىلەرنى يەرلەشتۈرۈشكە كېتىدىغان (30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) پۇل (تەيۋەن ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن) بۇ تەشۋىقاتنىڭ پايدىسىدىن بەكلا ئېشىپ كەتكەن، دەپ قارالدى. بۇنىڭ

ئەكسىچە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تولىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن، ئىيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ئارقىلىق چەتئەلگە يەرلىشىپ بولغان (شەرقىي تۈركىستانلىق) مۇھاجىرلار ئارىسىدا (گومىنداڭغا قارىتا) سىمۋوللۇق ساداقەت يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى (33). سۈرگۈندىكى شەرقىي تۈركىستان سىياسىتى جەھەتتىكى ئاشكارا رىقابەتتە ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ «يەڭگەن»لىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىپلوماتىيە مىنىستىرى يې گۈڭچاۋغا ئوخشاش بىر قىسىم كىشىلەر جۇڭخۇا مىنگونىڭ سابىق پۇقرالىرى بولمىش ئىككى مىڭدەك قازاقنىڭ تۈركىيەگە كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، يولۋاسنى ئەيىبلەشتى.

## بۆلۈنۈش

گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئارقىلىق مەسىلىنى ئاسانلا ھەل قىلالايمىز دەپ ئويلىشى بىر خاتا پەرەزنى مەنبە قىلغان، يەنى ئۇلار بۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپكە (ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە، ھەم ئىيسا يۈسۈپ بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغراغا) پايدىلىق دەپ قارىغان. (بىر قىسىم) مۇھاجىرلار تۈركىيەگە يەرلىشىۋالغان ۋە تەيۋەندىن قوشۇمچە ياردەم كېلىش ئېھتىماللىقى تۆۋەنلىگەن ھامان، ئېغىر گۇمانلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. مۇھەممەدئەمىن بۇغرا 1953 – يىلى يولۋاسقا يازغان خېتىدە «بىز (گومىنداڭنىڭ) پات يېقىندا چوڭ قۇرۇقلۇققا قايتۇرما ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ پەۋقۇلئاددە ھاياجانلاندۇق. لېكىن بىز ھېچقاچان ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قانداق مەيدان تۇتىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئېنىق بىر ئىپادە كۆرمىدۇق» دېگەنىدى. مۇھەممەدئەمىن بۇغرا چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىش تەييارلىقلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، تەيبېيدىن شەرقىي تۈركىستانغا تۇتقان «پوزىتسىيە»سى ھەققىدە ئېنىق بىر ئىپادە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ يەنە «ئەگەر ھۆكۈمەت ئىلگىرىكىدەك جاھىللارچە <شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى> دەپ تۇرۇۋالسا، شۇنىڭغا جەزم قىلالايمەنكى، بۇ تالاش – تارتىش ۋە ئىختىلاپلار ھەرگىز بېسىقمايدۇ» دېگەنىدى. يولۋاس بۇنىڭغا مۇجمەل ئىپادە بىلدۈرۈپ: «مېنىڭ بىلىشىمچە، ھۆكۈمەت يەرلىك شەخسلەرنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، رايونلۇق ئاپتونومىيە يۈرگۈزمەكچى» دېگەن ۋە خېتىنىڭ داۋامىدا مۇھەممەدئەمىن بۇغرانى سىياسىي غەرىزى سەۋەبلىك خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ قويماسلىققا ئۈندەپ: «سىز پارتىيەنىڭ پېشقەدەم كادىرى، شۇنداقلا سىز مەركىزىي ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلىپ كەلگىلىمۇ ئۇزۇن بولدى. سىز مەرھۇم رەھبىرىمىز (سۇن جوڭشەن)نىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگەنگەن ۋە پارتىيەنىڭ ئۇللۇق سىياسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىسىز. شۇڭا سىزنىڭ بۇ جەھەتتە ھەرقانداق خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالمايدىغانلىقىڭىزغا (يەنى «ئەزەلدىن» خىتاينىڭ «ئايرىلماس» بىر قىسمى بولغان شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە «بولمىغۇر» خىياللارنى قىلىپ يۈرمەيدىغانلىقىڭىزغا) ئىشىنىمەن» دېگەن ۋە گەپنى كوممۇنىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەھدىتىگە مەركەزلەشتۈرۈشكە كۆچەپ: «ئۆزئارا ئىشىنىشمىسەك ۋە شەخسىي غەرەزنىلا ئويلىساق، كۆچىمىز بۆلۈنۈپ كېتىدۇ» دېگەن (34).

(يولۋاسنىڭ <بۆلۈنۈپ كەتمەسلىك> تەرغىباتلىرىغا قارىماستىن) ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۆلۈنۈش تولىمۇ روشەن ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يولۋاس مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ ئىزچىل «يول قويغىلى ئۇنىمايۋاتقان»لىقىنى ئۆزىنى قارىلىغۇچىلارنىڭ سەمىگە سالغان. مۇھەممەدئەمىن بۇغرا بىلەن ئاشۇ خەتنى يېزىشىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، يولۋاس گومىنداڭنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا گومىنداڭنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ئوبرازىنى ياخشىلاش ھەققىدە تەپسىلىي لايىھە سۇنغان ۋە بۇ لايىھەدە «مۇھەممەدئەمىن بۇغرا مىكىر ئىشلىتىپ، ئىككى مىڭ قازاق ۋەتەندىشىمىزنى تۈركىيە گىراژدانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا كۆندۈرگەن»، «مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ۋە ئىيساغا ئوخشاش شەخسىيەتچى، مەككار ئىنسانلار» دېگەندەك ئىبارىلەرنى قوللانغان. يولۋاس يەنە «تېخىمۇ يامان بولغىنى، بېيجىڭدىكى كوممۇنىستىك ھۆكۈمەت رەسمىي مۇسۇلمان

دىپلوماتىيە ئۆمەكلىرىنى ئوتتۇرا شەرققە ئەۋەتىشكە باشلىدى، بۇ ئۇلارنىڭ ھىلىھەم پاكىستاندا ياشاۋاتقان مۇھاجىرلارغا بولغان قىزىقىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە» دېگەن ۋە بۇنىڭغا قارىتا، بىر قاتار تەپسىلىي تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ «تۈركىيەدىكى مۇھاجىرلارنىڭ بەزىلىرىنى تەيۋەندە ئوقۇشقا ئەكېلىش، گومىنداڭنىڭ چەتئەلدىكى ئەلچىخانىلىرىغا مۇسۇلمان خادىملارنى سەپلەش، دۇنيا مۇسۇلمانلار كومىتېتىغا يىللىق ئۆمەك ئەۋەتىش ۋە ھەج پائالىيىتىگە قاتنىشىش» قاتارلىقلارنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ (ھەجگە ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدىكى) ئاخىرقى تەكلىپى قاتتىق ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋە كېيىنكى يىلى مەككىگە ھەج ئۆمىكى ئەۋەتىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشقا باشلىغان. بۇ ئۆمەككە يولۋاس ئۆزى باشلامچىلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولۋاسنىڭ ئۆزى يازغان خەتلەرنىڭ گومىنداڭنىڭ كاتتىباشلىرىغا كۆرسەتكەنلىكىدىن بىخەۋەر مۇھەممەدئەمىن بۇغرا 1954 – يىلى 1 – ئايدا ئايالى بىلەن بىللە گومىنداڭنىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانىسىغا بارغان. مۇھەممەدئەمىن بۇغرانى بەكلا ھەيران قالدۇرغىنى، گومىنداڭنىڭ باش ئەلچىسى ئۇنى «شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە جۇڭخۇا مىنگودىن ئايرىلىپ چىقىشىنى تەرغىب قىلغان»لىقى سەۋەبلىك قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە ئىنتايىن كەسكىن ئاھاڭدا «مەركىزىي ھۆكۈمەت مەڭگۈ ساڭا مۇستەقىللىق بەرمەيدۇ. ئەگەر چەتئەلدە بۇنداق بولمىغۇر ئىشلار بىلەن شۇغۇللانساڭ، بېشىڭغا يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن. گەرچە باش ئەلچى مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ 400 دوللار تەلەپ قىلغانلىقىنى تەيىبېيگە خەۋەر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىنكى «مەردلىك»لەرنىڭ نۇرغۇن بەدەل تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئايدىڭلىشىپ بولغانىدى (35).

1954 – يىلى 7 – ئاينىڭ 17 – كۈنى، جىددىيچىلىك ئەۋجىگە چىققان بىر پەيتتە، يولۋاس، ئۇنىڭ ئوغلى ۋە باشقا ئۈچ مۇسۇلمان ئەمەلدار مىسىرغا بارىدىغان ئايروپىلانغا چىققان. گەرچە گومىنداڭ تاراتقۇلىرى بۇ ھەج ئۆمىكىنىڭ رولىنى كۆپتۈرۈپ، بۇنى ئوتتۇرا شەرق رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشنىڭ پۇرسىتى دەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆمەكنىڭ ھەقىقىي نىشانى ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئىدى. جياڭ جيېشى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا تارقىتىش ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجراتقان، يولۋاسمۇ ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانى تەيۋەنگە ئەكېلىشكە قەسەم ئىچكەن (36). 7 – ئاينىڭ 26 – كۈنى، كۈتكىلى ئۇزاق بولغان يىغىلىش قاھىرەدە رويابقا چىققان. يولۋاس دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئىيساغا 2000 دوللار تەڭلىگەن ۋە ئۇنى تەيۋەن كېتىشكە ئۈندىگەن. يولۋاسنىڭ دېيىشىچە، ئىيسا گومىنداڭنىڭ ئۆزىگە بولغان سەمىمىيىتىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە يەنە ئون مىڭ دوللار بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. ئەمما، تۇيۇقسىز ھۇرپىيىشىپ قالغاچقا، يولۋاس چوقۇم بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان. ئىيسا «ھۆكۈمەت ئەزەلدىن ماڭا ئىشىنىپ باقمىدى، ئەكسىچە ھوقۇقنى جاڭ جىجوڭغا، مەسئۇد (سابىرى)قا، ئەڭ ئاخىرىدا بۇرھانغا تۇتقۇزدى (بۇ ئۈچى گومىنداڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلىگەن ئاخىرقى ئۈچ رەئىس ئىدى). گەرچە مەن بىر مەزگىل باش كاتىبلىققا تەيىنلەنگەن بولسامۇ، ھۆكۈمەت يەنىلا ماڭا ئىشەنمىدى» دېگەن. ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن 1949 – يىلى گومىنداڭ چېكىنىپ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىنى ئويلىسا، ئىيسانىڭ يەنىلا قورسىقى كۆپەتتى. ئەينى چاغدا، ئىيسا شەرقىي تۈركىستاندىن كەتمەكچى بولغاندا، چېگرا قاراۋۇللىرى ئۇنى سولاپ قويۇپ ئۇرغانىدى. ئىيسا ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ئۈچۈن ئون يىل خىزمەت قىلىشىنىڭ پەقەت گومىنداڭنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى، جياڭ جيېشىنىڭ بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى قورچاق ھاكىمىيىتىگە تاقابىل تۇرۇشنىلا مەقسەت قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. «ھۆكۈمەت مېنىڭ كوممۇنىزمغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئۆچمەنلىكىمدىن پايدىلاندى، لېكىن ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاننى شۇلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەردى. نەتىجىدە، كوممۇنىزمغا قارشى سانسىزلىغان ياشلار ئۆلتۈرۈلدى ۋە نەچچە مىڭ كىشى چەتئەلگە قاچتى. ھۆكۈمەت بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن باش تارتالمايدۇ» دېگەنىدى ئۇ (37).

يولۋاسنىڭ خاتىرىسىدە ئىيسانىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بەرگەنلىكىگە ئالاقىدار ھېچقانداق مەلۇمات يوقلۇقىغا قارىغاندا، ئۇ مەزكۇر تەنقىدلەردىن چۆچۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتەر – ئۆتمەستىن، ئۇلار مەككىنىڭ يېنىدىكى مىنا دېگەن جايدا ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشقان. بۇ قېتىم ئىيسا بىر

توپ مۇھاجىر بىلەن بىللە كېلىپ، يولۋاسنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان. يولۋاسنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار «بىز سىزنىڭ تەيۋەندە قاقسەنەم بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى، تۇرمۇشىڭىزنى قامداش ئۈچۈن خەقتىن پۇل سوراشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدۇق. ئەگەر خالىسىڭىز، بۇ يەردە بىز بىلەن قېلىڭ. بىز سىزنىڭ پۈتۈن چىقىملىرىڭىزنى ئۈستىمىزگە ئالىمىز. خاتىرجەم بولۇڭكى، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشقا كۈچىمىز يېتىدۇ» دېگەنىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇلار يەنە گومىنداڭ ئالىي ئاپتونومىيە بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قولدىن كېتىپ قالغانلىقى ھەققىدە ۋايسىغان. ئەمما، بۇ قېتىم يولۋاس رەددىيە بېرىشكە تەييارلىق كۆرۈپ كەلگەنىدى. سۆھبەت خاتىرىسىگە كۆرە، يولۋاس «بۇ جايدا (يەنى بۇ مۇقەددەس زېمىندا) جەڭگى – جېدەل قىلىش توغرا بولمايدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىش نىشانىمىز ئىشقا ئاشمىغۇچە، باشقا ھەرقانداق ئىشلار توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىش قۇرۇپ گەپ سېتىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندا يۇكسەك ئاپتونومىيە تەلەپ قىلساڭلار، بۇنى (قۇرۇق) گەپ بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتىڭلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشۈڭلار كېرەك. مەن ھازىرقى <شىنجاڭ> رەئىسى ۋە <شىنجاڭنى تىنچلاندۇرۇش قوماندانى>لىق مەرتىۋەمگە شەرقىي تۈركىستان قولدىن كەتكەندىن ياكى تەيۋەنگە بارغاندىن كېيىن ئېرىشمىدىم. ئەكسىچە، بۇ مەرتىۋە ماڭا تاغلاردا كوممۇنىستلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا بېرىلدى» دېگەن ۋە ئىيساغا ئەگەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يۇكسەك ئاپتونومىيە ياكى مۇستەقىللىق بېرىشىنى ئۈمىد قىلسا، ئالدى بىلەن تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ، چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقان **(38)**.

شۇ كۈنى كەچتە، ئىيسا ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشكىلى كەلگەن. يولۋاس بۇ قېتىملىق سۆھبەت ئۈچۈن خاتىرە قالدۇرۇشقىمۇ ئېرىنىپ، «ئىيسا يەنە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلىكىدىن ۋايسىدى ۋە **1949** - يىلى چېگرا قاراۋۇللىرىنىڭ قولىدا خارلىققا ئۇچرىغانلىقىنى قايتا تىلغا ئالدى» دېيىش بىلەن كۇپايىلەنگەن. ئەتىسى يولۋاس ئىيسانىڭ يانىقىغا بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلغاندا، **60** مۇھاجىرنىڭ ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ چوقۇم دەيدىغان گەپلىرى بارلىقىغا جەزم قىلغان يولۋاس دەرھال ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئاقلاشقا كىرىشىپ، «شېڭ شىسەي سوۋېت تەرەپكە ئېغىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال بىلەن بىرلەشكەندە، مەن مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قېچىپ بېرىۋالغان ۋە ئىيسانىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشكەنىدىم. مېنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى ئىشلىرىمنى ئىيسا ياخشى بىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە ماڭا كېپىل بولالايدۇ. مەن ھېچقاچان خىتايلارغا سېتىلىپ باقمىدىم، مەن ئۇلارنىڭ غالچىسىمۇ ئەمەس. بۈگۈن ئىيسا مۇشۇ يەردە تۇرۇپتۇ. گېپىمنىڭ راست – يالغانلىقىنى ئۇنىڭدىن سوراڭلار» دېگەن. شۇنىڭدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يولۋاس تەيۋەنگە قايتىپ بېرىپلا ئەھۋاللارنى جياڭ جيېشىغا دوكلات قىلىشقا ئالدىرىغان.

يولۋاسنىڭ (بۇ سەپەردىن چىقارغان) خۇلاسىسى ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئىدى، ئەلۋەتتە. «باشقىلارنىڭ ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىندىن پايدىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پەۋقۇلئاددە قىيىنلىقى ئىسپاتلاندى» دەپ يازغانىدى ئۇ. (يولۋاسقا كۆرە) سەئۇدىي ئەرەبىستان ۋە مىسىردىكى كەسكىن مۇنازىرىلەر بىلەن تولغان تۆت قېتىملىق كۆرۈشۈش جەريانىدا، ئىككى ئىش ئايدىڭلاشقان. بىرى، ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىننىڭ «ئەپتى – بەشرىسى» ئاشكارىلانغان بولۇپ، ئۇلار ھازىر مەيلى گومىنداڭ ياكى كوممۇنىستلار بولسۇن، ھەرقانداق خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا شەرقتىكى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ھازىر ئۆزىنى شۇلارنىڭ قوينىغا ئاتقان بولۇپ، ئۇلار ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىننىڭ بىر زامانلاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە ۋاكالىتەن قىلغان خىزمەتلىرىنىمۇ يوققا چىقىرىدىغان «مىللىي زىندىيەت» ئۇقۇمىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن **(39)**.

ئىككى سەپتىكى تەشۋىقات ئۇرۇشىغا دۇچ كەلگەن يولۋاس تېزلا خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن. ئۇ تۈركىيەدىكى كالى بەگ بىلەن قايتىدىن ئالاقىلىشىپ، ئاناتولىيەگە يەرلەشكەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ گاھىلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ھاياتىدىن زېرىككەنلىكىدىن، گاھىلىرىنىڭ ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىندىن بىزار بولغانلىقىدىن، گاھىلىرىنىڭ بۇ ئىككىلا خىل ئەھۋالغا تەڭ ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. يولۋاس

گومىنداڭنىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانىسى ئارقىلىق شارائىتتىن نارازى بولغان ھەرقانداق كۆچمەننىڭ تەيۋەنگە كېلىپ ھەقسىز ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى ئالسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغان. (بۇنىڭغا قىزىققان) بىرەر يۈزچە يىدائىينىڭ ئىچىدە كالى بەگنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولۋاس يەنە زىيارەتكە كەلگەن مۇسۇلمانلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنى ئويلاپ، گومىنداڭنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى يې گوڭچاۋغا تەيبېيدە بىر مەسجىد سېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنغان. گەرچە يولۋاس سالامەتلىكى ناچارلاشقانلىقى ۋە قېرىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ھەج ئۆمەكلىرىگە قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن مەككىگە ھەجگە بېرىش گومىنداڭنىڭ يىللىق پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارىماستىن، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، تاراتقۇلاردا ئۇلارنى ئىتتىپاقداشلىرىمىز، دەپ يۈرگەن. ئۇلار (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى) بىر تەرەپتىن «شەرقىي تۈركىستان» مەسىلىسى ھەققىدە ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرۈشتىن ساقلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن يولۋاسنىڭ تەشۋىقات لىنىيەسىنى جىددىي ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر، قازاق، تىبەت، خۇيزۇ ۋە موڭغۇللارنىڭ جۇڭخۇا مىنگوغا بولغان ساداقىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، «چېگرا مەدەنىيىتى» ناملىق رەسىملىك ئايلىق ژۇرنال چىقىرىشقا باشلىغان.

«چېگرا مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1955 – يىلى ئونىنچى ئايدا نەشىر قىلىنىشى بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قىلىپ بېكىتكەن ۋاقىتىغا ئۇدۇل كەلگەن. يولۋاس مەزكۇر سوۋېتچە ئۇقۇم (ئاپتونومىيە)نىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن بۇ نۇسخىسىنى چۈشىنەلىگەنمۇ – يوق، ئۇنىڭ تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان سۆزلىرىدىن بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما، ئۇ بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى يۇتۇۋېلىشىنى قانۇنىيلاشتۇرىدىغان ۋاستە دەپ ئەيىبلىگەن ۋە موسكۋا خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ «ئۆلكە»نى «يۇتۇۋېلىش» غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇردى، دېگەن. يولۋاس بېيجىڭنىڭ بۇ ھەقتىكى باياناتلىرىغىلا قۇلاق سېلىپ، ئىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە دىققەت قىلماي، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ راستىلا «كرېملىندىكى ئىگىسى (سوۋېت ئىتتىپاقى)نى رازى قىلىشقا مەجبۇر» بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، گومىنداڭنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى بۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىرىمىغان. گومىنداڭنىڭ بىر ئەمەلدارى شۇ مەزگىلدە خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدا يېڭىدىن نەشر قىلىنغان بىر خەرىتىدە «غۇلجا، تارباغاتاي ۋە ئالتاينىڭ ھېلىھەم باندىتلار (خىتاي كوممۇنىستلىرى)نىڭ خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن»لىكىنى بايقىغان. بۇ ئەمەلدار يولۋاسنىڭ مۇھاجىرلاردىن ئىگىلىگەن ئىشەنچىسىز ئۇچۇرلارغا تايىنىپلا ئاشۇنداق يەكۈن چىقارغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، يولۋاس ۋە باشقا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالنى كۆپتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەمەلىيەتتە موسكۋا تەرىپىدىن «يۇتۇۋېلىنمىغان»لىقىنى يەكۈنلەپ چىققان. «گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى يامان نىيىتى ھەممىگە مەلۇملۇق بولسىمۇ، لېكىن كوممۇنىست باندىتلارمۇ دۆلەت تۇپرىقىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىراپ باشقىلارغا بېرىۋەتمەيدۇ» دەپ يازغاندى ئۇ (41).

خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن گومىنداڭغا ئورتاق بولغان، سىياسىي ۋە دۆلەت ئىگىلىك ھوقۇقى جەھەتتىكى قەتئىي مۇرەسسەسىزلىك خىتاينىڭ سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى چېگرا سىياستىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگەنىدى. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەيلى جياڭ جيېشى ياكى ماۋ زېدوڭ بولسۇن، ھېچقايسىسى تۈركىيە ياكى تىبەتتىكى خىتاي بولمىغان ئۇنسۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق (ئۇلارنىڭ تەبىرىچە «بۆلگۈنچىلىك»، ت) پائالىيەتلىرىگە ماقۇللۇق بىلدۈرمەيتتى. تىبەتلەرنىڭ 1959 – يىلىدىكى كوممۇنىستىك ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلىڭى جەريانىدا، جياڭ جيېشى ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن بۇ قوزغىلاڭدىن پايدىلىنىشنى شۇنچە خالىسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ نىشانىنى قوللاشقا قولى بارمىغان (42). چۈنكى، بۇنداق قىلىش دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكى (يەنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت قاتارلىق مۇستەملىكە زېمىنلارنىڭ مەيلى كوممۇنىست، مەيلى باشقىلىرى بولسۇن، ئىشقىلىپ خىتاينىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى) غايىسىگە خائىنلىق قىلغانلىق ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈنمۇ ئەھۋال ئوخشاش ئىدى. 1956 – يىلى 7 – ئايدا، يولۋاس ئىيسا، مۇھەممەدئەمىن بۇغرا، شۇنداقلا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئوتتۇرا

شەرقتىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك دوكلات بەرگەندە، قايىل قىلارلىق مۆلچەردىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، « ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئۆزلىرىنىڭ مۇھاجىرلار بىلەن بولغان فىزىكىلىق يېقىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا كەلگۈسى مەنپەئەت ھەققىدە ۋەدە بېرىۋاتىدۇ، تەھدىت سېلىۋاتىدۇ ۋە خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن قايمۇقتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئىستانبۇل ۋە قاھىرەدىكى بازىلىرىدىن كىتاب – ژۇرناللارنى نەشىر قىلىپ تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئوي – خىياللىرىنى تىزگىنلەپ، خەلقئارالىق جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ» بۇنىڭ گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياسىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە زور. «شۇڭا بىز كوممۇنىست باندىتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن بەكرەك، مۇشۇ ھەرىكەتلەردىن ئەندىشە قىلىشىمىز كېرەك» دېگەنىدى **(43)**.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاي بولمىغان مۇستەقىلچىلەرنىڭ خەتىرى خىتاينىڭ دۆلەت پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭكىدىنمۇ ئېغىر دەپ قارالغانىدى. دەرۋەقە، يولۋاس چوڭ قۇرۇقلۇقتىن ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئەۋەتىلگەن نۇرغۇن كۆلتۈرەل ۋە دىنىي ئۆمەكلەرنى يېقىندىن كۆزەتكەن، شۇنداقلا بۇ ئۆمەكلەردە «خائىن بۇرھان»نىڭمۇ بارلىقىغا دىققەت قىلغان. لېكىن، بۇ ھەقتىكى دوكلاتلار تېزلا ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلارنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالغىنى، تۈركىيەگە يەرلەشكەن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ دۈشمەنلىك پۈرىقى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان مىللىي پۈقراچىلىق تەشۋىقاتلىرىغا مايىل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئالاقىدار شەپىلەر ئىدى. ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئۇ ۋاقىتتا ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتى» نامىدا ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر **1958** – يىلى ئۆزىنى ۋاھاد دەپ ئاتىۋالغان بىر ئۇيغۇرنىڭ يولۋاسقا يازغان خېتىدە روشەن ئىپادىلەنگەن. **1940** – يىللاردا گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ پودپولكوۋنىكى بولغان ۋاھاد **1949** – يىلى ئىستانبۇلغا قېچىپ كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئىيسا يۈسۈپ ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى مۇھاجىرلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ **1957** – يىلى جياڭ جېيشىغا خەت يېزىپ، ئۆزىگە ھەربىي پېنسىيە پۇلى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تەبىئىيكى، ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ھېچكىم قۇلاق سالمىغان، چۈنكى ئۇ كېيىنكى يىلى يولۋاسقا يازغان خېتىدە «خىتايلاردىن قەرزىڭنى قايتۇرۇۋېلىش بەسىي مۈشكۈل. ئۇلارنىڭ كانىيىنى يارمىساڭ، ھېچنېمە ئالالمايسەن» دېگەن ۋە گومىنداڭنىڭ ئەنقەرە ئەلچىخانىسىدىكىلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا «بۇ مۇستەبىت خىتايلارنىڭ ئۇيغۇر ۋەتەندىشىغا ياردەم قىلماسلىققا تالاي باھانىسى بار. لېكىن، ئۇلارنىڭ تونىلاپ پۇلى بار، دۇنيادىكى مەنزىرىلىك جايلارنى توختىماي ساياھەت قىلىدۇ، غەربچە ياسىداق ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ» دېگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھەربىي پېنسىيە پۇلىنى ئېلىش ئۈچۈن، خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ بىر خادىمىنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «ئەگەر شۇنداق قىلسام، خىتايلار ئازراق سەگىشى مۇمكىن» دېگەن ۋە «مۇشۇنداق دۈشمەندىن بىرنى كۆزدىن يوقىتىش مېنىڭ شەرىپىمدۇر» دەپ خېتىنى ئاياغلاشتۇرغان **(44)**.

شۇنىڭغا جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، ۋاھادنىڭ خېتى تەيۋەندىكىلەرنىڭ ھېچقانچە ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىغان. گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ سابىق پودپولكوۋنىكىنىڭ مىللىي زوراۋانلىقىنىڭ سادىق تەرغىباتچىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى كىشىنى جىددىيلەشتۈرمەي قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئۆزئارا ئالاقىسى زىچ بولغان يۈزلەرچە ئۇيغۇر بار ئىستانبۇلغا قەدەم قويغانىكەن، نوقۇل ھالدا ئىيسا ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ تۈركىيە كۆچمەنلەر ئىدارىسىگە يول كۆرسىتىش جەھەتتىكى رولىنى ئويلىغاندىمۇ، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش تەسكە توختايتتى. يولۋاس ۋە تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن ئالىدىغان ساۋاق تولىمۇ ئېنىق ئىدى: ياردەم پۇلى، مائارىپ ۋە تەشۋىقات جەھەتلەردە كۈچلۈك قارشى تەدبىرلەر قوللىنىلمىسا، ئوتتۇرا شەرقتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ھامان بىر كۈنى ئىيسا ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ خىتايغا قارشى سۆزلىرىنى تەكرارلايدىغانلارغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

مەككىدىكى ئىيسانى قوللايدىغان مۇھاجىرلارنىڭ سۆزلىرىگە زىت ھالدا، يولۋاس تەيۋەندە تولىمۇ ياخشى ياشاۋاتقاندەك قىلاتتى. 1966 – يىلى، «بىرلەشمە كۈندىلىك گېزىت» يولۋاسنىڭ ئۆيىگە كىرگەن بىر ئوغرىنىڭ 200 مىڭ يۈەن قىممىتىكى ئۈنچە – مەرۋايىت ۋە باشقا قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ئوغرىلىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ راۋۇرۇس باياشات ۋە ئىمتىيازلىق ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى (45). لېكىن، يولۋاس بۇ ۋاقىتتا يەتمىش ياشتىن ئاشقان بولۇپ، ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى ۋە دائىم ئۇستىلى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. لېكىن، بۇ ئۇنى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشتىن، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىشتىن ۋە تۈركىيەدىن تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچى ئەكېلىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن توسۇپ قالالمىغانىدى. 1960 – يىلى، شۇنداق ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى بولغان چىڭگىز ياربەگ ئۆزىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياردەم پۇلى تەلەپ قىلغان. تەيۋەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى بۇ مۇھاجىر ئوقۇغۇچىلارغا كېتىۋاتقان خىراجەتنىڭ «بەكلا ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقى»نى يولۋاسقا ئۇقتۇرغان. (لېكىن، ئۇلارغا كۆرە) بۇنچىلىك چىقىم قىلىش ئەرزىيتتى. «چۈنكى، چېگرا رايون خەلقلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىتىدۇر، شۇنداقلا چەتئەلدىكى مۇھاجىر پەرزەنتلىرىمىزنىڭ بىزگە بولغان ساداقىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق پائال ھەرىكەت قىلىمىز» دېيىلگەنىدى يولۋاسقا تاپشۇرۇلغان ئاشۇ ئەسلەتمىدە (46).



رەسىم مەنبەسى: ئىيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن رەسىم ئارخىپلىرى



رەسىم مەنبەسى: ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن رەسىم ئارخىپلىرى

1960 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۇھاجىرلارنىڭ ۋەزىيىتىدە يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ۋەزىيەت يەنە ئۆزگەرگەن. ئالدى بىلەن، 1965 – يىلى، مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئىستانبۇلدا 64 يېشىدا ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆرگەن ئىيسا يۈسۈپنىڭ تۈركىيەدىكى مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى تەسىر كۈچى تېخىمۇ زورايغان ۋە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى يېڭى بىر پەللىگە چىقارغان. 1965 – يىلى 4 – ئايدا، ئىيسا دۇنيا مۇسۇلمانلار قۇرۇلتىيىنىڭ 11 – نۆۋەتلىك يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان. ئۇ شۇ يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەردىن تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايدىن مۇستەقىل بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، «شىنجاڭ» دېگەن مۇستەملىكە ئىسمىنى بىكار قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان بىر قارار ماقۇللاشنى تەلەپ قىلغان. بۇنىڭدىن سىرت، قۇرۇلتايغا ئەزا دۆلەتلەردىن ئوتتۇرا شەرقتىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا ماددىي ھەم مەنىۋى ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىنغان. سۈرىيەلىك بىر ۋەكىل بۇ تەكلىپنى قوللىغاندا، گومىنداڭنىڭ باياناتچىسى سۇن شېڭۋۇ بۇنىڭغا دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپ، قۇرۇلتايدىن سىياسىيغا ئارىلىششنى چەكلەشنى تەلەپ قىلغان. ئەتىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ ۋەكىلى سۇن شېڭۋۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «مۇسۇلمانلار قەيەردە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ شەرت – شارائىتلىرىغا كۆنۈشى كېرەك» دېگەن. سۇن شېڭۋۇ ئۆزىنىڭ يىغىن خاتىرىسىدە، ئىيسانىڭ قۇرۇلتاي رىياسەتچىسى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنىش (ۋە شۇ ئارقىلىق غۇلغۇلا قوزغاش) ئۈچۈنلا، ھۆججەت خالتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، زالدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان (47).

بۇ تۆيۈقسىز ھۇجۇمدىن بىر قانچە كۈن كېيىن، تەمكىن ھالەتكە قايتقان سۇن شېڭۋۇ ئىيساغا رەددىيە بېرىپ، «ئىيسا ئەپەندى بىزنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن. خىتاي كوممۇنىستلىرى چوڭ قۇرۇقلۇقنى ۋە شىنجاڭنى بېسىۋالغاندىن كېيىن،

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق رەھبەرلىرى چەتئەلگە قاچقان. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىيسا قاتارلىق ئاز بىر قىسىم قارا نىيەتلەردىن باشقا كۆپىنچىسى جۇڭخۇا مىنگونىڭ (تەيۋەندىكى) قانۇنلۇق ھۆكۈمىتىگە قوشۇلغان» دېگەن. ئەنە شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ يولۋاسنى تەيۋەندە باققانلىقى ۋە يىگىرمە يىلنىڭ ياقى ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكەن. سۇن شېڭۋۇ سۆزىنىڭ داۋامىدا «بىز تەيۋەندە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ئۈچۈن ئىشخانا تەسىس قىلدۇق، يولۋاسخان ئىسمىلىك ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ باشقۇرۇشىدىكى بۇ ئىشخانا (دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا) تارقىلىپ كەتكەن مۇھاجىرلارنى ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن پىلان تۈزىدۇ» دېگەن. سۇن شېڭۋۇنىڭ ئىيسانىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىق ئۆتمۈشى بارلىقىنى ئاشكارىلىشى ئىيسا ئۈچۈن ئەڭ ئەجەللىك زەربە بولغانىدى. بۇ يولۋاس مىنادا ئىيسا بىلەن مۇنازىرىلەشكەندىمۇ ئىشلەتكەن، ئۇنۇمى زور تاكتىكا ئىدى. سۇن شېڭۋۇ سۆزىنى خۇلاسىلەپ: «خىتايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سىياسىي ئورنى ھەرقانداق مۇسۇلمان دۆلەتتىكىدىن تۆۋەن ئەمەس. دەرۋەقە، ئىيسا ئەپەندى ئۆزىمۇ پارتىيەمىز تەرىپىدىن تەربىيەلىنىپ، يېتەكلىنىۋاتقىلى ئوتتۇز يىلدىن ئاشتى» دېگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ يىغىن دوكلاتىدا ئىيسانىڭ يەنە «ھۆججەت خالتىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، زالدىن ئايرىلماقچى بولغان»لىقىنى مەمنۇنلۇق ئىلكىدە تىلغا ئالغان. لېكىن، يىغىن ئەھلىنىڭ ئالدىدا، سۇن شېڭۋۇ (گومىنداڭنىڭ) «پەزىلىتى»نى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، ئىيسانى تەيۋەنگە بېرىپ، «كوممۇنىزمغا قارشى تۇرۇپ، چوڭ قۇرۇقلۇقنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ۋەزىپىنى بىرلىكتە ئادا قىلىش»قا تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنىڭ نارازىلىقىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەرگەن (48).

تەيۋەندە بولسا، يولۋاس ئويلاپ باقمىغان ياردەملەرگە ئېرىششكە باشلىغان. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» (1958 ~ 1961 - يىللىرى) سەۋەبلىك مەيدانغا كەلگەن پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاچارچىلىق ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى زىيانكەشلىك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستانلىق 701 مۇھاجىر يەنە شەرقىي تۈركىستاندىن قاچقان. (بۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز بىر ۋەقە سەۋەبلىك، 1962 – يىلى نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە قازاق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتكەن، بېيجىڭ بىلەن تەيبېي ئىككىلا تەرەپ بۇلارنى ئىندەككە كەلتۈرەلمىگەن). يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان (701 نەپەر) يېڭى مۇھاجىرلار پاكىستان ۋە ئافغانىستانغا بېرىپ توختىغان، بۇ ئىككىلا دۆلەت تەيۋەن ھۆكۈمىتىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. بۇ توپتىكى سابىق ئىسمىلىك بىرەيلەن ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئىدى. ئۇ 1963 – يىلى، يەنى شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئەنقەرەدىكى ئەلچىخانىسىغا خەت يازغان، شۇنداقلا بۇ خەت كېچىكتۈرۈلمەستىن يولۋاسقا يەتكۈزۈلگەن. سابىق خېتىدە تۆۋەندىكىدەك ھېكايىلەرنى سۆزلىگەنىدى: ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ياركەند شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بىر مەھەل شېڭ شىسەي دەۋرىنىڭ يالدامىلىرىدىن بولغان «ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچىلىغان گومىنداڭ تەشكىلاتىغا ئەزا بولغان. ئىلگىرى پۇلدارلاردىن بولغان بۇ ئادەم 1949 – يىلدىن كېيىن تەكرار تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە 60 مىڭ دوللار قىممىتىدىكى مال – مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان. ئادەمنىڭ ھەممىدىن بەك ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغىنى، سابىق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى ئاچارچىلىقتا ئاچ قالغان خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ باللىرىنى يەۋەتكەنلىكىنى ئېيتقان (49). 1961 – يىلى، ئۇنىڭ ئايالى باشقىلار بىلەن توي قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئافغانىستاندىكى تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، سودا كارۋىنىغا قېتىلىپ قېچىپ چىققان. كابۇلغا كەلگەندىن كېيىن، ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بۇ مۇھاجىرلارنى يا شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېتىشكە، يا بولمىسا باشقا دۆلەتكە كېتىشكە مەجبۇرلىغان. سابىق ئامېرىكالىقلاردىن ياردەم تىلىگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭغا ھەم ئىستانبۇلدىكى ئىيسا بىلەن، ھەم ئەنقەرەدىكى گومىنداڭ ئەلچىخانىسى بىلەن ئالاقىلىششنى ئېيتقان (50).

يولۋاس بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا ئالتۇندەك پۇرسەت بارلىقىنى ھېس قىلغان. سابىقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىر مەھەل گومىنداڭغا سادىق پودپولكوۋنىك بولۇپ، كېيىنچە خىتايغا قارشى ئىرقچىغا ئايلىنىپ كەتكەن ۋاھادىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بۇنىڭدىن سىرت، سابىق ياركەندلىك ئىدى، ياركەند بولسا ئىيسا بىر مەھەل

پائال ھەرىكەت قىلغان يەر ئىدى، يولۋاس بۇ ئىككەيلەننىڭ تېزلا مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئەمما، ئەيسا نېمە سەۋەبتىندۇر، سابىقنى يېنىغا تارتىشقا ئالدىرىمىغاچقا، يولۋاس دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتكەن. يولۋاس دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا يازغان خېتىدە «مۇھاجىرلار ياردەمگە ئەڭ موھتاج بولغان، ھايات – تىرىكلىكى ئېنىق بولمىغان مۇشۇ جىددىي پەيتتە، ئەيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا ئۇلارنى تاشلىۋەتتى. ئەگەر ھۆكۈمىتىمىز مۇشۇ پەيتتە بۇ مۇھاجىرلارنى قۇتقۇزۇۋالسا، بۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتى تولىمۇ زور بولغۇسى» دېگەن. گەرچە يولۋاس ئۇلارنى تەيۋەنگە ئەكېلىشنى ئويلىسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئۇلارنى يەرلەشتۈرۈش چىقىملىرىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان تۈركىيەگە بېرىپ يەرلىشىشكە رىغبەتلەندۈرگەن. لېكىن، بۇ پىلان ئەيسانىڭ سابىققا جاۋاب خەت يېزىشى سەۋەبلىك سۇغا چىلاشقان. چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر تەپرىقىچىلىكنى تۈيۈقسىز ھېس قىلغان سابىق يولۋاسقا يازغان خېتىدە: «ئەيسا رەئىس يولۋاس بىلەن خەت يېزىشقانلىقىم ئۈچۈن مېنى تىللاپ كەتتى، مېنىڭ ئەمدى تۈركىيەگە بارغۇم يوق. چۈنكى، ئەيسا بۇنداق قىلغىلى تۇرسا، ئۇ يەردىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش بەسي مۇشكۈل» دېگەن. بۇنىڭ ئورنىغا، سابىق يولۋاستىن ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار خېلى گۈللىنىپ قالغان سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بېرىۋېلىشىغا ياردەم قىلالايدىغان – قىلالمايدىغانلىقىنى سورىغان. لېكىن، بۇنىڭمۇ ئاسان ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. چۈنكى، تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى ئۆز زېمىنىغا يەرلەشتۈرۈۋاتقانلىقىدىن چۆچۈگەن بېيجىڭ دائىرىلىرى كابۇلغا شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا قاراتقان مەيداننى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئافغانىستاندا تۇرغۇزۇۋېرىش ھەققىدە بېسىم ئىشلەتكەن. ھېچبولمىسا مۇشۇ بىر ئىشتا، كوممۇنىستلار ئەيسانىڭ شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى يېنىغا ئاپىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن بەكرەك قەتئىيلىك بىلەن ھەرىكەت قىلغان (51).



رەسىم مەنبەسى: ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن رەسىم ئارخىپلىرى

يولۋاس مۇھاجىرلارنى تەيۋەنگە ئەكىلىپ يەرلەشتۈرۈشكە كېتىدىغان زور چىقىمنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغان ئۆز ھۆكۈمىتى (گومىنداڭ)نىڭ ئۇلارنىڭ ئىيسا بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار كونا مۇھاجىرلار ياشايدىغان سەئۇدىي ئەرەبىستانغا كېتىشىگە تېخىمۇ ياردەم قىلمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ھالبۇكى، ئافغانىستاندا بولسا، سابىق شەرقىي تۈركىستاندىن ئۆزلۈكسىز كېلىۋاتقان مۇھاجىرلار ئارىسىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلسا بولاتتى. بۇ مۇھاجىرلارنى يېنىغا تارتىش ئىشى سۇغا چىلاشقاندىن كېيىن، ئافغانىستان يولۋاس بىلەن ئىيسانىڭ يېڭى جەڭگاھىغا ئايلانغان. سابىقنىڭ ئېيتىشىچە، ئىيسا ئافغانىستانغا ئادەم ئەۋەتىپ، گومىنداڭ پاسپورتىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ سەلبىي ئاقىۋەتلىرى ھەققىدە ئۆسەك سۆزلەرنى تارقاتقان ۋە تۈركىيەگە كېلىپ يەرلىشىشنى خالايدىغان ھەرقانداق ئادەمنى ھەقسىز ھەج قىلغۇزىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئىيسانىڭ ئادەملىرىنى يەنە ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇ يەردە، ئىيسانىڭ ياردىمىدە قانداق راھەت – پاراغەتتە ياشاۋاتقانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىپ يازغان خەتلىرىنىمۇ ئافغانىستانغا ئالغاچ بارغان. يولۋاسمۇ بۇنىڭغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۆز ھۆكۈمىتىدىن سابىقنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە (ئافغانىستاندىكى مۇھاجىرلارغا) ياردەم پۇلى تارقىتىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ ۋاقىتتا زادى قانچىلىك پۇل تارقىتىلغان، راست تارقىتىلغانمۇ، يوق؟ بۇنىسى نامەلۇم. ئەمما، يولۋاسنىڭ بۇ خىل «دوستانە» مەيدانىنىڭ بۇ مۇھاجىرلارنىڭ نۇرغۇنىنى (تۈركىيە كېتىش – كەتمەسلىك ھەققىدە) ئىككىلەندۈرۈپ قويغانلىقى ئېنىق. 1967 – يىلى، ئىيسا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىنى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ يەرلىشىشى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە مۇۋەپپەق بولغاندا، سابىقنىڭ يېنىدىكى 701 مۇھاجىردىن پەقەت 235 ىلا تۈركىيەگە بېرىشقا كۆنگەن. قالغانلىرى يا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، يا تەيۋەنگە كەتكەن، يا بولمىسا كابۇلدا قالغان. سابىقمۇ مۇشۇ يەردە قېلىپ، يولۋاس بىلەن بولغان خەت ئالاقىلىرىدە، مۇھاجىرلارغا ۋاكالىتەن گەپ قىلىپ تۇرغان. ئەمما يۇقىرىقى ھەربىر تۈركۈمدىكىلەرنىڭ سانىنىڭ زادى قانچىلىكلىكى ئېنىق ئەمەس. يولۋاس بولسا ئۆزىنىڭ ھۆججەتلىرىدە، سابىقنى «مەخپىي جاسۇسۇم ۋە ئافغانىستاندىكى ئالاقىلاشقۇچۇم» دېيىشكە باشلىغان (52).



رەسىم مەنبەسى: ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن رەسىم ئارخىپلىرى

شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت يىلدا، سابىق دەرۋەقە يولۋاس ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلغان. بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرى ئارىسىدىكى مۇرەككەپ پۈت تېپىششلەر ھەققىدە توختىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت مۇشۇ يىللاردا سابىقنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مۇھاجىرلار ئارىسىدا ئىيساغا قارشى ئۇنۇملۇك پىچكا سۇيىقەستلەردە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىش كۇپايە. ئىران، ئىئوردانىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستان، ئافغانىستان ۋە تەيۋەن ئارىسىدا قاتراپ يۈرگەن سابىققا شۇنچىلىك ئىشىنىلگەنىدىكى، **1969** – يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىراندىكى بانكا ھېسابىغا قويۇلغان پۇلنىڭ سوممىسى **25** مىڭ دوللارغا يەتكەن. بۇنچە كۆپ پۇل تەبىئىي ھالدا «سابىق پۇللارنى يۇتۇۋالدى» دېگەن ئەيىبلەشلەرگە سەۋەب بولغان، شۇنداقلا – ئەگەر بۇنىڭغا قارشى ئەيىبلەشلەر راست بولسا – ئىيسانىڭ ئادەملىرى كابۇلدا بۇ ھەقتە ئۆسەك سۆز تارقىتىدىغان ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن. يولۋاسنىڭ ئوغلى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە بولسا «سابىق ھېچقانداق ناباب قىلمىش سادىر قىلمىغان» دېيىلگەن ۋە ئۇنىڭغا پەقەت پۇل بەرگەندە تىلخەت ئېلىۋېلىش تەكلىپى بېرىلگەن. **1969** – يىلى، (**1966** – يىلىدىن **1976** – يىلىغىچە داۋاملاشقان) «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىكى قالايمىقانچىلىق نەتىجىسىدە، ئافغانىستاندىكى شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى تۇيۇقسىزلا **12** مىڭغا چىققان. يولۋاس بۇ قېتىم سابىقنى تەيۋەنگە چاقىرتىپ، بۇ مۇھاجىرلارنى ئافغانىستاندا تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان دەسلەپكى خىراجەت بىلەن تەمىنلەش ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك پىلان تۈزۈشتىن ئىبارەت ئەڭ چوڭ ۋەزىپىنى تاپشۇرغان. بۇ مەزگىلدىكى ئارخىپلارغا قارايدىغان بولساق، (ئافغانىستانغا) يېڭىدىن كەلگەن مۇھاجىرلارنىڭ ياردەم پۇلى تەلەپلىرىنىڭ تولىمۇ كۆپلىكىنى بايقايمىز. بۇ تەلەپلەرنىڭ كۆپىنچىسى كىشى بېشىغا **100** دوللاردىن **600** دوللارغىچە بولغان قىممەتتىكى سوۋغاتلار ئارقىلىق قاندۇرۇلغان. (بۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ سايىسىدە) ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشقان، شۇنداقلا يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان يولۋاس ھەتتا ئىيسا تەيۋەنگە كېلىشنى خالىسا، ئۆزىنىڭ رەئىسلىك ئورنىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان (**53**).

**1960** – يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ۋەزىيەت داۋاملىق يولۋاسقا پايدىلىق بولغان. **1969** – يىلىغا كەلگەندە، گومىنداڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەيىنلىگەن (**1947 ~ 1948** – يىللاردا ۋەزىپە ئۆتىگەن) سابىق رەئىس مەسئۇد سەبىرىنىڭ ئوغلى ــ ئۇ بىر مەھەل ئىيسانىڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىرى ئىدى –نىڭ ئۇستازى (ئىيسا) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يىرىكلەشكەن ۋە يولۋاسقا ئۆزىنىڭ تەيۋەننى زىيارەت قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتقان. ئوتتۇرا شەرقتىكى يوشۇرۇن جاسۇسلۇق تورىنى خېلى راۋۇرۇس تەرەققىي قىلدۇرۇۋالغان يولۋاس ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىتتىپاقدىشىنى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزىدىغان پەيتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن. بۇ (ئاتالمىش ئەڭ چوڭ ئىتتىپاقداش) ئىلگىرىكى قازاق پارتىزان جەڭچى، شۇنداقلا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سابىق مالىيە نازىرىنىڭ ئوغلى، گېنېرال دەلىلقان ھاجى ئىدى. دەلىلقان ھېلىھەم سىرىناگاردا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يولۋاس بىلەن بولغان ئالاقىسى ناھايىتى قويۇق ئىدى. ئۇ تەيۋەنگە ياكى تۈركىيەگە يەرلىشىش تەكلىپىنى نەچچە قېتىم رەت قىلغانىدى – يۇ، **1950** – ۋە **1960** – يىللاردا تەيبېيگە بىر قانچە قېتىم كېلىپ، ئاتالمىش «شىنجاڭ»نىڭ «رەسمىي» ۋەكىلى سۈپىتىدە گومىنداڭنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانىدى. قولىدا ھىندىستاننىڭ پاسپورتى بار دەلىلقان سابىق بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئافغانىستانغا بارغان، ھەتتا «پۇلنى يۇتۇۋېلىش» شىكايەتلىرى سابىقنى بىر مەزگىل ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر قىلغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگىمۇ ئالغان (**54**). ھالبۇكى، دەل شۇ يىلى، دەلىلقان ئەڭ چوڭ بىر قەدەمنى باسقان: ئۇ ۋە ئىنىسى سىرىناگاردىكى **19** يىللىق ئۆيىنى تەرك ئېتىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئىيسانىڭ بازىسى بولمىش ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان.

تۈركىيەدە كۆرگەنلىرى يولۋاسقا ئوخشاش ئىدىيەدىكى دەلىلقان ۋە ئىنىسىگە ياقمىغان. بۇ يەردىكى ئىككىنچى ئەۋلاد قازاق ياشلار تامامەن تۈركلىشىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار ئاناتولىيەنىڭ سەھرالىرىدا نامراتلىقتا مەھكۇم قىلىنغان قازاق قېرىنداشلىرىدىن كۆپ ياخشى ياشاۋاتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن دەلىلقان دەرھال ئىيسانى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ياردەم پۇلىنى ئۆز چۆنتىكىگە سالغان، باشتىن ئاخىر ئۆزى بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ **1949** – يىلى خىتاي كوممۇنىست-

لىرىغا قارشى تۇرۇشتىكى رولىنى كۆپتۈرۈپ كەلگەن» دەپ ئەيىبلىگەن. ئۇ ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستانغا قەدەم قويۇشتىن خېلى بۇرۇنلا قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزى (دەلىلقان)، دادىسى (جانىمقان)، يولۋاس ۋە ئوسمان باتۇرلارنىڭ ئۇلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ كوممۇنىستلار بىلەن ئۇزاققىچە قانلىق جەڭ قىلغانلىقىنى ھەممە ئادەمگە سۆزلەپ يۈرگەن. قازاقچە، تۈركچە، خىتايچە، ئوردۇچە ۋە ئىنگلىزچىنى سۇدەك بىلىدىغان دەلىلقان دەررۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنى (ئاناتولىيەدىكى) قازاقلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىشكە چاقىرغان (55).

دەلىلقان كۆپنى كۆرگەن، تەجرىبىلىك، شۇنداقلا قازاق ياشلار ئارىسىدا ئىناۋىتى زور سىياسىيون ئىدى. قازاق ياشلار كىچىكىدىنلا دەلىلقان، ئوسمان ۋە يولۋاسقا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلغانلىق ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغانىدى. جەڭگاھ بىلەن پەقەتلا ئالاقىسى يوق ئىيسا بۇنداق كىشىلەرگە ئامال قىلالمايتتى. دەلىلقان ئىستانبۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۈركىيەدىكى مۇھاجىرلار ئارىسىدا يېڭى بۆلۈنۈشلەر كۆرۈلگەن. بۇنىڭدا يولۋاسنىڭ تەيۋەندە تۇرۇپ قىلغان تىرىشچانلىقلىرى زور رول ئوينىغان. دەلىلقان يولۋاسنى ۋە تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ماختىغان ۋە **1980** – يىللارغىچە تەيۋەنگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشكە مەسئۇل بولغان. مەن **2008** – يىلى ئىستانبۇلدا دەلىلقان بىلەن كۆرۈشكەندە، **87** ياشقا كىرگەن بۇ ئادەم قازاق ياشلارنىڭ قاتتىق ھۆرمىتى ئىچىدە ياشاۋاتقانىكەن (ئۇ شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆلۈپ كەتتى). بۇ قازاق ياشلارنىڭ ئاتا – ئانىلىرى دەلىلقانىنىڭ ياردىمىدە ئاناتولىيە سەھرالىرىدىن ئاۋات شەھەر – ئىستانبۇلغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە تېرمويپلاستىك بىرىكمە ماددا (پولىمېر) ئىشلەپچىقىرىپ قاتتىق بېيىغان. ھازىر ئۇلار ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلاردىن خېلىلا كۆپ ۋە باي. بۇ ئۈچىنچى ئەۋلاد قازاقلار دەلىلقاننى ۋە ۋاپات بولغىلى ئۇزۇن بولغان ئوسمان باتۇرنى شەرقىي تۈركىستان تارىخىنىڭ نامايەندىلىرى دەپ ئۇلۇغلاشتى. ئۇلار يەنە (ئىيسا يۈسۈپ قۇرغان) «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتى»نى **1995** – يىلى ۋاپات بولغان قۇرغۇچىسى (ئىيسا) بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ھالغا كەلتۈرۈۋەتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۈچىنچى ئەۋلاد قازاق ياشلارنىڭ تەيۋەندىكى يولۋاسخان ئۆزلىرىنىڭ يېڭى پاسبانى (دەلىلقان)غا تاپشۇرغان يۇگۇر – يېتىم ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىسا كېرەك (56).

## پارچىلاشقا بولمايدىغان «بىر خىتاي»

**1971** – يىلى 7 – ئاينىڭ **27** – كۈنى، تەيبېيدىكى پېشقەدەم ھەربىيلەر باش دوختۇرخانىسىدا، **83** ياشلىق يولۋاسخان ئۇيقۇ ئىچىدە جان ئۈزدى. جىياڭ جىيېشى ئۇنىڭ قەبرە تېشىغا بېغىشلىما يېزىپ، ئۇنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بولغان نەچچە ئون يىللىق ساداقىتى ۋە خىزمىتىنى ماختىدى. لېكىن، ئۇنىڭ گومىنداڭ چوڭ قۇرۇقلۇقنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن قىلغان خىزمەتلىرى گومىنداڭ ئۈچۈن **1949** – يىلدىن بۇرۇن قىلغان ھەرقانداق ئىشلىرىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. يولۋاس ئۆلگەندە، ئىيسانىڭ سىياسىي غايىسى ئاساسىي جەھەتتىن سۇغا چىلاشقان، شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتى» كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا مىللىي سىياسىي مونوپوللۇق ئورنى بارلىقىنى دەۋا قىلالماس ھالغا كەلگەنىدى. يولۋاس تەيۋەندىكى بازىسىدا پائال ھەرىكەت قىلىپ، گومىنداڭنىڭ مىللىي سىياسىي مەسىلىگە ھەمدەم بولۇشنى خالايدىغان (سابىق، دەلىلقانلارغا ئوخشاش) ھەرقانداق ئادەمنى راۋۇرۇس جەلب قىلىش كۈچىگە ئىگە شەرت – شارائىتلار بىلەن تەمىنلىگەنىدى. مۇھاجىرلارنىڭ ئىدىئولوگىيەدىن بەكرەك نامراتلىق سەۋەبلىك (گومىنداڭغا) ساداقەت بىلدۈرۈشى (يولۋاس ئۈچۈن) ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. گەرچە ئىيسا دەسلەپتە مۇھاجىرلارنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا ئۇتقان ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ياردەم پۇلىغا تايىنىپ پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى (بېيجىڭ ۋە تەيۋەندىكى) كۈچلۈك ۋە تەسىردار ئىككى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ (بۇ مۇھاجىرلارنى يېنىغا تارتىش ئۈچۈن قىلغان) «دوستانە» ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىدىن توسۇپ قېلىشقا ئامالسىز ئىدى. ئاقىۋەتتە، يولۋاس خېلى زور ساندىكى بىر تۈركۈم مۇھاجىرنىڭ (گومىنداڭ ھاكى-

مىيتىگە) ھالقىلىق ساداقەتنى ساقلاپ، ئافغانىستان ۋە پاكىستاندىن تۈركىيەگە كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلالىدى، ھەتتا پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە، ۋاستىلىك ھالدا (دەلىلقان ئارقىلىق) ئىيسانىڭ (مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى) رەھبەرلىك ئورنىنىمۇ تەۋرىتىپ ئۈلگۈردى. دەرۋەقە، يولۋاس ئۆلۈشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇنۇشىنىڭ مېۋىسى گومىنداڭ تاراتقۇلىرىدا تولۇق ئەكس ئەتكەنىدى: پاكىستاندىكى مۇھاجىر سىيت ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ سەككىز كىشىلىك ئائىلىسى تەيۋەنگە كېلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرۇش ئىجازىتى ئالغان ۋە ئۇلارنىڭ سۈرىتى گېزىتلەرنى بىر ئالغانىدى (57).

يولۋاسنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى»نىڭ ئىشخانىسى ئاساسەن رولىنى يوقاتتى. يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى ياۋ داۋخوڭ (尧道宏) بۇ ئىشخانىغا مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشخانا 1977 – يىلى ئامېرىكا پرېزدېنتى جىمى كارتېر (Jimmy Carter)نى چوڭ قۇرۇقلۇق ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرماسلىققا ئۈندەپ بىر پارچە خەت يازغاندىن باشقا، تۈزۈكرەك بىرەر ئىش قىلالمىغان. شۇنداقلا، مىش – مىش گەپلەرگە كۆرە، بۇ ئىشخانىدىكىلەر ئىقتىسادىي مەسىلىسىنىڭ تەكشۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ، نۇرغۇن ھۆججەت – ماتېرىياللارنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئاندىن 1988 – يىلىغا كەلگەندە، ياۋ داۋخوڭ ھۆكۈمەتكە يېڭى خىزمەت ماشىنىسى ئېلىش ئىلتىماسى سۇنغان. گومىنداڭ ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھەر ئون يىلدا بىر قېتىم ھۆكۈمەتكە مۇشۇنداق ئىلتىماس سۇنسا بولاتتى. ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن 600 مىڭ يۈەن پۇل تەلەپ قىلىنغانلىقى مىنىستىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە (پۇل ئاجرىتىپ بېرىلمەيلا قالماستىن) بۇ ئىشخانىنى بىر يىل ئىچىدە تاقىۋېتىش قارار قىلىنغان. بۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، مەزكۇر ئىشخانا سوغۇقچىلىق ئۇرۇشىنىڭ يالدامىسىغا ئايلىنىپ قالغان، شۇنداقلا تەيۋەندىكى يېڭى دېموكراتىك تاراتقۇلار ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى پائالىيەتلىرىنى مازاق قىلىپ بىر قانچىلىغان خەۋەرمۇ ئېلان قىلغان (58). لېكىن، جياڭ جيېشىنىڭ نەزىرىدە، بۇ (ئىشخانىنىڭ ئىشلىرى) مەسخىرىلىك ئىشلار ئەمەس ئىدى. تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى «خىتاي»لىق ئورنىنى ساقلىغان 22 يىل مابەينىدە، گومىنداڭنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ» رەئىسى (يولۋاس) جياڭ جيېشىنىڭ «بىر خىتاي» سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان. خۇددى جياڭ جيېشىنىڭ تەيۋەندىكى مەۋجۇتلۇقى بۇ ئارالنىڭ ئامېرىكا تەۋسىيە قىلغان «ئىككى خىتاي» سىياسىتىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ قالغىنىدەك، (تەيۋەندىكى) سۈرگۈندىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ» ھۆكۈمىتى ھەم بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ، ھەم گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تارىختىن بۇيان خىتاي ياشاپ باقمىغان شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ئاتالمىش ئىگىلىك ھوقۇقىنى ساقلىشىغا ھەسسە قوشتى.

ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي قانۇنىيلىقىنى كۈچلۈك تەھدىتكە ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ تەھدىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۆزىنىڭ مىللىي پۇقراچىلىق مەسىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. خىتاي خوجايىنلىرى بېكىتىپ قويغان كۆرۈنمەس بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلغان ئىيسا ۋە مۇھەممەدئەمىن بۇغراغا پەقەت ئۆزلىرى ۋەكىل بولۇپ سۆزلەيدىغان مىللىي سىياسىي ئەگەشكۈچىلەرلا كەم ئىدى. ئۇلار كوممۇنىستلار گومىنداڭدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا بۇ خىل ئەگەشكۈچىلەرنى تاپتى. ئۇلار ئىككى مىڭدەك ئۇيغۇر - قازاق مۇھاجىرنى تۈركىيەگە ئاپاردى ۋە ئۇلاردىن سىرت، ئوتتۇرا شەرقتىكى نەچچە مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا تەشكىللىك باغلىنىش ھاسىل قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ ئىستانبۇلدىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى خىتاينىڭ (ئاتالمىش) زېمىن پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن خىتاي كوممۇنىستلىرىدىنمۇ  كۈچلۈك تەھدىت دەپ قارىدى. ئۇلار تاشكەنتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈنمۇ ئاشۇنداق (خىتاي كوممۇنىستلىرىدىنمۇ كۈچلۈك تەھدىت دەيدىغان) ھۆكۈم چىقارغانىدى.

ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ تەيۋەنگە ھەرگىز كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، يولۋاس

ئۇلارنىڭ مىللىي سىياسىي قانۇنىيلىقىغا ئاسترتتىن بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرانىڭ تەيۋەننىڭ ۋە گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا (ئافغانىستان ۋە پاكىستان)دىكى گۇماشتىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان رەھىمسىز ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكى تىبەتلەرنىڭ مىللىي سىياستى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. تىبەتلەر 1959 – يىلى خىتايغا قارشى قوزغالغاندىن كېيىن، تەخمىنەن 80 مىڭ تىبەت دالاي لاما بىلەن بىللە ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن ۋە شۇ يەردە سۈرگۈندىكى تىبەت ھۆكۈمىتىنى قۇرغاندى. شۇ قېتىملىق قوزغىلاڭچىلىك بىلىنىپ كەتمىگەن يەنە بىر رېئاللىق شۇكى، تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەيبېيدىكى تىبەت ۋە موڭغۇلىيە ئىشلىرى كومىتېتى ئارقىلىق دارامسالا (Dharamsala)دىكى تىبەت رەھبەرلىرىگە «دوستلۇق» ئىزھار قىلغان ۋە تىبەت سەرگەردانلارغا ياردەم بەرمەكچى بولغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ «دوستلۇقى» (تىبەتلەر تەرىپىدىن) رەت قىلىنغان، شۇنداقلا تاكى 1960 – يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچقانداق تىبەت سىياسەتچى ياكى ئوقۇغۇچى گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن تەيۋەنگە بارمىغان. گومىنداڭنىڭ ھىندىستاندا قۇرۇلىدىغان (تىبەت) كۆچمەنلەر مەكتىپىگە ياردەم پۇلى بېرىش تەكلىپى ۋە تىبەتلەرنى تەيۋەنگە دەۋەت قىلىشى بىردەك رەت قىلىنغان. دالاي لامانىڭ تەخمىنەن تۆت مىليون دوللار قىممىتىدىكى شەخسىي مۈلكى سۈرگۈندىكى تىبەتلەرگە يېتىپ ئاشقان (59).



رەسىم مەنبەسى:ئىيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن رەسىم ئارخىپلىرى


دالاي لاماغا خىرس قىلالىغۇدەك بىردىنبىر شەخس – بەنچەن لاما 1959 – يىلىدىن كېيىنمۇ تىبەتتە قالغان ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنى ئاشكارا قوللىغان. نەتىجىدە ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ۋە گومىنداڭنىڭ تىبەتلەرنىڭ بىرەر رەھبىرىنى يېنىغا تارتالمىغانلىقى سەۋەبلىك، دالاي لاما كوممۇنىستىك لاگېرنىڭ سىرتىدا ھېچقاچان ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغراغا ئوخشاش، رەھبەرلىك ئورنى تەھدىتىگە دۇچ كېلىپ باقمىغان. گەرچە چەتئەلدىكى ئۇيغۇر سەركىلىرىنىڭ خەلقئارادىكى داڭقىنى دالاي لامانىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى غەرب دۇنياسىنىڭ «تىنچلىقپەرۋەر» كۆرۈنىدىغان بۇددىزىمغا بولغان ھېسداشلىقىغا زىنھار قوشۇلمايدىغان بولغاچقا، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش يەنىلا

**مەلۇم قىممەتكە ئىگە. تىبەت مەسىلىسىدە، خەلقئارا جەمئىيەت (ئۆزىنىڭ نەزىرىدىكى) كۈچلۈك، يېقىشلىق ۋە ئىشەنچلىك باياناتچى (دالاي لاما)نىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ (بېيجىڭ ۋە تەيۋەندىكى) ئىككى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرىدۇ، بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنىڭ تىبەت مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش تارىخىدىن ئېپتىخارلىنالمايدۇ.**

**ئەمما، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە، مەيلى ئىستانبۇلدىكى «شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتى»، ياكى تەيۋەندىكى سۈرگۈندىكى «شىنجاڭ» ھۆكۈمىتى بولسۇن، بۇلارنى بىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. بېيجىڭ ۋە تەيۋەندىكىلەرنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ. سىياسەت تەتقىقاتچىسى دېيۋىد باچمەن (David Bachman)نىڭ ئېيتقىنىدەك، ھازىر «دالاي لاما تىبەتلەر ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتقاندەك، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتقان، خەلقئارادا (ھەتتا شەرقىي تۈركىستاندا) ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بىرەر رەھبەر ياكى تەشكىلات يوق» (60). شۇنداقلا، ئالدىنقى بابتىمۇ شەرھلەنگىنىدەك، خىتاي كوممۇنىستلىرى 1950 – يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندا قايىل قىلارلىق مىللىي يۇقراچىلىق ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان ھەم زۆرۈر بولغان، خىتايلاردىن تاشقىرى مىللىي يۇقراچى ئامىمۇ شەكىللەندۈرەلمىگەن. ئۇنداقتا، ئىيسا بىلەن مۇھەممەدئەمىن بۇغرا نېمە ئۈچۈن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل سىستېمىلىق خاتالىقىدىن پايدىلىنالمىدى؟ مەزكۇر باپتا كۆرسىتىلگەندەك، بۇنىڭ جاۋابى شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەس، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىدىمۇ ئەمەس. ئەكسىچە، بىز كوممۇنىستلار شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، شۇنداقلا بۇگۈنمۇ، مىللىي يۇقراچىلىقنىڭ بۇ يەردىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتالمىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، نەزىرىمىزنى بېيجىڭنىڭ كونا رەقىبى تەيۋەنگە ۋە قۇمۇل ئوردىسىنىڭ سابىق ئوردا بېگى (يولۋاس)گە ئاغدۇرۇشىمىز لازىم. مىللىي سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ۋە باشقا نۇرغۇن ۋەقەلەردە، كوممۇنىستىك خىتاي بىلەن (تەيۋەندىكى) «ئەركىن خىتاي»نىڭ گېپى ئەجەبلىنەرلىك ھالدا بىر يەردىن چىققان.**

**(ئىزاھاتلار ئۈچۈن ئەسلى كىتاب Xinjiang and the Modern Chinese State نىڭ 256-258 -بەتلىرىگە قارالسۇن)**

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئەنۋەر قارا قۇرۇم تەرجىمە قىلدى




# مائارىپ، دۆلەت ۋە ئۇيغۇرلار

دىلمۇرات مەھمۇت

**جەمئىيەت ، ئۆز ئەزالىرى ئارىسىدا يېتەرلىك دەرىجىدىكى بىردەكلىك بولغان ئەھۋالدىلا ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؛ مائارىپ بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ كوللېكتىپ ھايات تەلەپ قىلغان مۇھىم ئوخشاشلىقلارنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق بۇ خىل بىردەكلىكنى ساقلاپ تۇرىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ.**

**-دۇركايم (1956)**

**مائارىپ – بىلىم ئىگىلىكىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تۈۋرۈكىدۇر.**

**– دۇنيا بانكىسى (2008)**

**ئۇيغۇر قايتا تەربىيلەش لاگېرلىرى سىياسىي پىلاندۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىي كىملىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق كونترول قىلىشىغا بولغان خەۋپ دەپ قارالدى.**

**-راين سام (ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىسى)**

**مائارىپ ۋە دۆلەت قۇرۇش**

## 1.دۆلەتنىڭ مائارىپنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشى

مائارىپنىڭ رولى ھەققىدىكى تالاش - تارتىشلار ئۇزۇندىن بېرى قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. دەرۋەقە، مائارىپنىڭ ئادەمنى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە قىلىشىنى كۆتۈش ئاددىي ھەم ئاممىباپ تونۇشتۇر. لېكىن، مائارىپنىڭ دۆلەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا بۇ بىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم مۇھىم بولغان مۇلاھىزىلەرگە باشلايدۇ. خۇددى ناپالېئون 200 يىل بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مائارىپ بىر مەملىكەتنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە مۇقىملىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۇ كەلتۈرگەن مىساللارنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بالىلارنى قانداق بىر ئاڭغا ۋە خاراكتېرغا ئىگە قىلىش ئەڭ ئالدى بىلەن تەربىيە ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاشۇ ئاڭ ۋە خاراكتېرنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە خاراكتېرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇش دەرىجىسى شۇ

دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىك ۋە مۇقىملىق دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. ھالبۇكى شۇ خىل ئاڭ ھەم خاراكتېرنىڭ بىردەكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مائارىپ بىردەكلىككە ئىگە بولۇش، يەنى بارلىق ئامما مائارىپ تەربىيەسى ئالغان بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مائارىپقا ئارىلىشىشى ياكى ئۇنى كونترول قىلىشى تەبىئىي ھالدا زۆرۈر بولىدۇ.

شۇڭا گېپىمىزنى دەل مائارىپ ئايرىم شەخسلەر ياكى كوللېكتىپلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن دۆلەت ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈشكە باشلىغان چاغدىن باشلايمىز. بۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مائارىپتا ھۆكۈمرانلارنىڭ تەسىرى يوق ئىدى دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى يۇناندىن تارتىپ خىتاينىڭ فېئوداللىق سۇلالىلىرىغىچە مەلۇم بىر خىل «ئاقسۆڭەك مائارىپ» ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ئۇ دۆلەت مەمۇرىيىتى ئۈچۈن يارامىلىق ۋە سادىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش رولىنى ئويناپ كەلگەن ئىدى. مىسالەن، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە خىتايدا شەخسىي ئوقۇتۇش ۋە ئاكادېمىيىگە تايىنىلغان بىر خىل مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ دەل ھۆكۈمران سىنىپنىڭ باشقۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مائارىپ ئىدى. بىراق بۇ ئاز بىر قىسىم پۇلدار ئاقسۆڭەكلەر قاتلىمىدىلا چەكلەنگەن، مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلق ئاممىسىغا نېسىپ بولماي كەلگەن مائارىپ ئىدى. نامرات خەلق پەقەت چوڭلاردىن كىچىكلەرگە مىراس قالىدىغان كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تىرىكچىلىك بىلىملىرىنىلا ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى، ئۇنىڭدىن ئاشالمايتتى. ساۋاتلىق ياكى ئالىي مەلۇماتلىق بولۇش پەقەت بايلارنىڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىيازى ئىدى. ھالبۇكى، بىز دەۋاتقان دۆلەتنىڭ مائارىپقا ئارىلىشىشى – دۆلەتنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئورتاق يېتىپ بارىدىغان، دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن زور تىپتىكى مائارىپنى يولغا قويۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەنە مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ دەل دۆلەتنىڭ مائارىپنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشىدۇر.

ئاددىي خەلقنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مائارىپقا ئىگە قىلىش پىكىرلىرى دەسلەپتە ياۋروپادىكى سىياسىيونلار ئارىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىشلارنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئەينى چاغدا ناپالىئون ئاممىنى بىر تۇتاش مائارىپ ئارقىلىق تەربىيىلەشنىڭ دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن بولسا، باشقا بەزى سىياسىيونلار بۇنى قوللىمىغان. شۇ چاغدىكى مەشھۇر فرانسۇز سىياسىيون ۋولتېر **(Voltaire)** مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە مائارىپ بېرىش ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان تالانتتىن ھالقىپ كەتكەن ئىشتۇر. بۇ ھەم بىر ئازابلاشتۇر» (ستون **1969: 87**). شۇنداقتىمۇ،**19** - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئاددىي خەلققە مائارىپ بېرىش پىكىرلىرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، ئارقا - ئارقىدىن دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئاممىۋى مائارىپ سىستېمىلىرى بارلىققا كەلگەن.

ھالبۇكى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ مائارىپنى دۆلەت مىقياسىدا كېڭەيتىشى ئەڭ دەسلەپ ھەرگىزمۇ خەلقنى ئاقارتىشنى مەقسەت قىلمىغانىدى. ناپالېئوننىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىنى يەنە بىر ئەسلىسەك بۇ نۇقتا ئايدىڭ بولىدۇ. بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىدا مائارىپ باراۋەرلىكى جەھەتتە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىمۇ مائارىپنى تۆۋەن قاتلامدىكى خەلققە كېڭەيتىش، ۋېبورگنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەڭ دەسلەپتە يەنىلا خرىستىيان ئىدىئولوگىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دۆلەتكە بولغان سادىقلىقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى (ۋېبورگ **2004: 86**). مەيلى قانداق بولسۇن، مائارىپنىڭ ئائىلىلەر، مەلۇم شەخسلەر ياكى دىنىي گۇرۇھلار كونتروللۇقىدىن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش كونتروللۇقىغا ئۆتۈشى ئىنسانىيەتنىڭ يېقىنقى تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدىن بىرىدۇر. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلەت بىلەن خەلق ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئارتۇق ھالدا مۇستەھكەم باغلانىدى.

## 2. ئاممىۋى مائارىپنىڭ **(Mass Education )** مەنبەسى ھەققىدىكى نەزەرىيەلەر

بۈگۈن تەتقىقات ساھەسىدە ئاممىۋى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان ئامىللار ھەققىدە تۆت تۈرلۈك نەزەرىيىۋى ئەندىزە بار. بۇلارنىڭ بىرى ئەمەلىيەتچىللىك نەزەرىيىسى **(Positivist theory)** بولۇپ، دۇركايم **(Durkheim)** دىن تارتىپ ئامېرىكانىڭ قۇرۇلما ئەمەلىيەتچىلىرىگىچە بۇ ئېقىمنى ياقىلىغان. ئۇلار

ئاممۋى مائارىپنىڭ مەنبەسى ۋە رولىنى سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەرنىڭ تەلپى، يەنى ئىقتىدارلىق ئەمگەك كۈچلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش مېخانىزىمىغا بولغان ئېھتىياج بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن بەزى پاكىتلار بۇ نەزىرىيەنى قوللىمايدۇ، مىسالەن، شىمالىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر سانائەتلەشمەي تۇرۇپلا بىرتۇتاش ئاممۋى مائارىپ سىستېمىلىرىنى بەرپا قىلىپ بولغان. ئەكسىچە ئەنگلىيە ياۋروپادا ئەڭ بالدۇر سانائەتلەشكەن دۆلەت بولسىمۇ، بىراق دۆلەت مائارىپ سىستېمىسى باشقا نۇرغۇن ياۋروپا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا كېچىكىپ بارلىققا كەلگەن. شۇڭا بۇ نەزەرىيە تولۇق پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، لېكىن دۇركايىم ئوتتۇرىغا قويغان مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي رولى ھەققىدىكى نەزەرىيە سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا ماس كېلىدۇ، يەنى مائارىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئالاھىدە تەكىتلىنىشكە باشلىغان. يېڭى ماركىسىزمچىلار ئاممۋى مائارىپنىڭ مەنبەسىنى شەھەرلىشىش ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ پرولېتارىياتلىشىشى ( سەھرالاردىكى دېھقانلارنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ ياللانما ئىشچىلارغا ئايلىنىشى) بىلەن باغلىسا، ۋېبېرچە نەزەرىيە(**Weberian theory**) نى قوللىغايدىغانلار بۇنى بيوروكراتىزم، يەنى مائارىپنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئىستىگەن ھەرخىل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قاتلاملار ئارىسىدىكى رىقابەت ۋە توقۇنۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قارايدۇ. بىراق يېڭى ماركىسىزمچىلارنىڭ نەزەرىيىسى **19** - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى شەرقىي شىمالىي ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ۋە ئەنگلىيەدىن باشقا جايلارغا ماس كەلمەيدۇ. ۋېبېرچە قاراش بولسا پەقەت مەسىلىنىڭ بىرلا قىسمىنى يېشىپ بېرەلەيدۇ، يەنى بۇ مائارىپتىكى ئۆزگىرىشلەرنىلا چۈشەندۈرۈشكە ماس كېلىدۇ، ئاممۋى مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىگە بىۋاسىتە بېرىپ تاقالمايدۇ. گىرىنىنىڭ قارىشىچە، مائارىپتىكى ئۆزگىرىشلەرنى گۇرۇھلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشلارلا ئەمەس، يەنە دۆلەتنىڭ خاراكتېرى ۋە سىنىپلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرمۇ بەلگىلەيدۇ (گرىن **1990: 75**).

يەنە بىر نەزەرىيە ۋىگ (**Whig**) ياكى لىبېرال نەزەرىيىسىدۇر. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئاممۋى مائارىپ پروتېستانت دىنىدىكى (خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مۇھىم مەزھىپى) دۆلەتلەردە ئەڭ دەسلەپ ھەم ئەڭ تېز سۈرئەتتە بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ ھەمدە دىنىنىڭ ئاممۋى مائارىپنىڭ شەكىللىنىشى، دېموكراتىيىلىشىشى ۋە ئاممىنى ئاقارتىشىدىكى رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. دەرۋەقە، دىن دەسلەپكى مائارىپنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان، بۇنىڭدا گەپ يوق. ياۋروپادا مۇتلەق كۆپ قىسىم مەكتەپلەر ئەڭ دەسلەپ چېركاۋلار ياكى دىنىي ئورگانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىدى. ئىسلام دۇنياسىدىمۇ ئوخشاش ئەھۋالنى بايقاش مۇمكىن. لېكىن دىنىي ئورگانلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن مائارىپ ئاساسەن دىنىي جەمئىيەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مائارىپ ئىدى. بۇ دۆلەتلىك مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولالمايتتى ھەم **18**-،**19**-ئەسىردىكى نۇرغۇن دۆلەتنىڭ مائارىپ ئۆزگىرىشلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. بۇ يەردە دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ كۈچى بىلەن قۇرۇلغان مەكتەپلەر بىلەن دۆلەت مائارىپ سىستېمىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. دۆلەت مائارىپ سىستېمىسىنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ ئاممۇۋىلىقى ۋە دۆلەت ياكى جەمئىيەتنىڭ دىندىن خالىي ئېھتىياجلىرىنى چىقىش قىلىشتىن ئىبارەت روشەن خاھىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دېمەك، دىن دەسلەپكى مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاممۋى مائارىپنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس بولالمىغان. ئاممۋى مائارىپ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دىنىي مائارىپنىڭ بىر دەرىجە تەرەققىي قىلغان شەكلى ئەمەستۇر. ئەكسىچە، بىز بىلىدىغان ئاممۋى مائارىپ سىستېمىلىرى ئەنئەنىۋى دىنىي جەمئىيەتلەر كونتروللۇقىدىكى مائارىپتىن كەسكىن چېگرا ئايرىغان ھالدا ۋۇجۇدقا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەل دۆلەتلەر دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن يىراقلىشىشقا باشلىغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

لېكىن، بۇ شۇنىڭدىن كېيىن دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مائارىپقا بولغان تەسىرى يوقالدى دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە دىنىي جەمئىيەتلەر كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆزلىرىنىڭ مائارىپتىكى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، لېكىن ئۇتۇق قازىنالمىغان. تارىختا دۆلەت ئايرىلاشمىغان، بەلكى شەخسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن، ئەنئەنىۋى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ تەسىرىدىن

نىسبەتەن خالىي ئاممىۋى مائارىپلارمۇ (كۆلىمى چەكلىك بولسىمۇ) بارلىققا كەلگەن. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىدا، جۈملىدىن شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئابدۇقادىر داموللام ۋە مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلار باشچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن جەدىدىزم (يېڭىچە مائارىپ) ھەرىكىتى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتلەر بىلەن جەدىدىزم ئېقىمىدىكى شەخسلەرنىڭ مائارىپتىن كۈتكەن مەنپەئەتلىرى ئارىسىدا جىددىي توقۇنۇش بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنئەنىۋى (يەنى سوپىزمنىڭ چاڭگىلىدا بۇرمىلانغان، ئىسلامنىڭ پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك مەرپەتپەرۋەرلىك تەشەببۇسلىرىغا زىت، مۇسۇلمانلارنىڭ 1 ئاما دىنىي ھەقىقىي چۈشەنسە، ئۆز نوپۇزىنىڭ خىرىسقا ئۇچرىشىدىن ۋايىم يەيدىغانلارنىڭ تىزگىنىدىكى) دىنىي مائارىپنىڭ كۈچى ۋە تەسىرى دۆلەت تەرىپىدىن كۆپ چەكلىمىگە ئۇچرىمىغاچقا، بۇ تۈردىكى ئاممىۋى مائارىپنىڭ كېڭىيىشى ناھايىتى زور توسالغۇلارغا ئۇچرىغان (بىروفي، 2006؛ خالىد، 1998).

قىسقىسى، يۇقىرىقى نەزەرىيىۋى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ دەسلەپكى سەۋەب چوڭقۇر قېزىلمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەندى گرىننىڭ قارىشىچە، دۆلەت مائارىپلىرى ئەڭ دەسلەپ مۇتلەق كۆپ ھالدا يۇقىرىدىن مەجبۇرى تېڭىلغان بولۇپ، ئاممىنى ئۆيغىتىش ياكى ئاقارتىش بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. بۇ خىل مائارىپ ئەڭ باشتا ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا مۇستەبىت تۈزۈملەر ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، فرانسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن تېخىمۇ مۇستەھكەملەنگەن. ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدىكى قوزغاتقۇچ ئامىل ئاممىنى كۈچلەندۈرۈش ياكى ئاقارتىش بولۇشتىن كۆرە ئاممىنىڭ كۈچىنى كونترول قىلىش ۋە ئىسكەنچىگە ئېلىش ئىدى (گرىن 1994). دەرۋەقە، 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان دۆلەت قۇرۇش دەۋرىدە، شىمالىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكادا تۇنجى بولۇپ ئاممىۋى مائارىپ مەيدانغا كەلگەندە ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى گۇرۇھلار تەرىپىدىن ئۇيۇشقان مىللىي كىملىككە ئىگە، بىر گەۋدىلەشكەن مىللىي سىياسىي تۈزۈلمىنى قۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارالغانىدى. دۆلەت مائارىپ سىستېمىسى دەسلەپكى مەزگىلدە دۆلەت مەمۇرىي خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش، ئاما ئارىسىدا سادىقلىق ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللىي ئىدىئولوگىيە ۋە تىللارنى تارقىتىش ۋە خەلق ئاممىسىنى يېڭىلا بارلىققا كەلگەن زامانىۋى بيۇروكراتىيەنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرىگە كۆندۈرۈش قاتارلىق فۇنكسىيىلىرى بىلەن دۆلەتنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ قورالى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى (ۋېبېر 1979: كائېستېل 1983؛ بولى 1989؛ گرىن 1990، 1997). ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا دۆلەتلىك مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى 1770- يىللاردىن 1840- يىللارغىچە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە دېموكراتىيىلىشىش جەريانىنىڭ بىر بۆلىكى ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە ئۇ ھەرخىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەمدىلا بىخلىنىۋاتقان دېموكراتىيە كۈچلىرىنى توسۇش قورال بولغانىدى. گرىن (1997) ئەنگلىيەدە تا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاممىۋى مائارىپنىڭ بارلىققا كەلمىگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ بۇنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدىكى ئەنگلىيەنىڭ ئاللىبۇرۇن سانائەتلەشكەن ھەم قۇدرەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولغانلىقى، شۇڭا ئاممىۋى مائارىپقا تايىنىپ قۇدرەتلىك دۆلەت بەرپا قىلىش ياكى خەلقنىڭ ئىدىيىسىنى كونترول قىلىش ئېھتىياجىنىڭ مەۋجۇد بولمىغانلىقى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئەنگلىيە، ئامېرىكادا بۇ خىل مائارىپ دېموكراتىيىلىشىش بىلەن پاراللېل ھالدا مەيدانغا كەلگەنىدى.

دۆلەت مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، گرىن ئوتتۇرىغا قويغاندەك، تارىختىكى مۇستەبىت دۆلەتلەردىن تارتىپ فرانسىيە ئىنقىلابى ۋە 19- ئەسىردە دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ پەيدىنپەي بارلىققا كېلىشىگىچە بولغان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇزۇن جەرياننىڭ بىر قىسمىدۇر. دۆلەتنىڭ مائارىپنى رەسمىي تۈردە كونترول قىلىشى بىلەن مائارىپ دۆلەت ئۈچۈن ئىنتىزامچان خىزمەتكارلارنى، سادىق ھەربىي قىسىملارنى يارىتىپ بەردى. دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئومۇملاشتۇردى، دۆلەت تارىخىنى مۇستەھكەملىدى، دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرى، ئىجتىمائىي ئۆلچەملىرى ۋە ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ مەدەنىيىتىنى تارقاتتى. خەلقنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى شەرھىيلەپ بەردى. دۆلەت مائارىپى يەرلىكنى دۆلەتكە، ئۆزگىچە ھالەتنى

ئومۇمىي ھالەتكە يۈغۇرۇۋېتىدىغان ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىدىغان زور تېپتىكى موتور ئىدى. قىسقىسى، ئۇ يەككە شەخسنى دۆلەت بىلەن باغلايدىغان، يەككە شەخسنى باشقىلار بىلەن كېلىشتۈرىدىغان پۈقراۋىي كىملىك ۋە مىللىي ئاڭنى ياراتتى ياكى يارىتىشقا تىرىشتى (گرىن 2009 ).

دېمەك، دۆلەتنىڭ ئەڭ دەسلەپتە مائارىپقا كەڭ كۆلەملىك ۋە چوڭقۇر دەرىجىدە ئارىلىشىشى ۋە ئۇنى كونترول قىلىشى دۆلەتنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەنگە سادىقلىق ۋە مىللىي كىملىكنى كۈچەيتىشنىڭ ئەڭ زۆرۈر ۋە ھالقىلىق بىر بۆلىكى سۈپىتىدە قارالغان ئىدى. ۋەھالەنكى، خوبسباۋم ئېيتقاندەك، 19- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە مائارىپ «ئىككىنچى دەرىجىدىكى» ئورۇنغا ئىگە، ئىلىم - پەنگە تايانغان سانائەت ئىنقىلابى ئېھتىياجلىق بولغان ماھارەت ۋە بىلىملەرنى تەمىنلەشتە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى (خوبسباۋم 1969).

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي سەھنىگە رەسمىي يېقىنلىشىشى بىلەن دېموكراتىيىلىشىشنىڭ بىخلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى ھەمدە بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئارقا - ئارقىدىن مائارىپ ئىسلاھاتلىرى بارلىققا كەلدى. ئاممىۋى مائارىپنىڭ رولى داۋاملىق ھالدا ھۆكۈمران سىنىپ ياكى گۇرۇھنىڭ ئىدىيىسى ۋە مەدەنىيىتىنى خەلققە مەجبۇرى سىڭدۈرۈش بولۇشتىن بارا - بارا ئاۋامغا مەرىپەت ۋە ئىنسانىي ئەركىنلىك بەخش ئېتىش بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

**مائارىپ ۋە بايلىق**

## مائارىپ ۋە ئىنسان كاپىتالى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە، يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر، جۈملىدىن شەرقىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، مائارىپنى داۋاملىق ھالدا دۆلەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم قورالى دەپ ھېسابلىدى ( ئىنكېلېس ۋە سىرووۋي 1983؛ گوپىناسان 1994؛ خىل ۋە فى 1995؛ گرىن 1999). ھالبۇكى، تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىدە مائارىپنىڭ بۇ خىل رولى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بارا - بارا تەكىتلىنىشتىن قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئومۇمەن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈش مۇمكىن: بىرى، غەربتە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مائارىپقا مىللەتچىلىك تەركىبلىرىنى قوشۇشنىڭ خەتىرى جىددى ھالدا ھېس قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا، يەرشارىلىشىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان مەدەنىيەت جەھەتتە كۆپ قۇتۇپلاشقان جەمئىيەتلەردە مىللىي كىملىكنى ئۇقۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق يولىنى تېپىش قىينلاشتى ( كاستېللس 1997؛ خىلدېبراند ۋە ستىڭ 1995). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مائارىپ بارغانسېرى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانى بىلەن باغلىنىشقا باشلىدى. كۆپ قىسىم تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى مائارىپنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى (كۈچلۈك مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە) گراژدان يېتىشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ماھارەت يېتىشتۈرۈش بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى ( گرىن 1997). 1960-يىللىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئىنسان كاپىتالى ( human capital) نەزەرىيىسى مائارىپنىڭ ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى قوراللىق رولىنى تەتقىقات ساھەسىدە ئىسپاتلاشقا ئاساس ياراتتى. 1990 - يىللارغا كەلگەندە ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر يەنە شۇ نۇقتىنى چۆرىدەپ قانات يايدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا، غەربتە مائارىپنىڭ غەيرى ئىقتىسادىي، يەنى ئىجتىمائىي قىممىتى قايتىدىن تەكىتلىنىشكە باشلىماقتا. بۇ يېقىنقى دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي كاپىتال (social capital) نەزەرىيىسىنىڭ مائارىپتا ئەكس ئېتىشىدۇر. ھالبۇكى، بۇ ئىجتىمائىي قىممەت ئىلگىرىكى ئىجتىمائىي بىر گەۋدىلىشىشنى ماكرو جەمئىيەت نۇقتىسىدىن (دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇقىملىقى ۋە مۇستەھكەملىنىشى نۇقتىسىدىن) كۆزىتىش بولماستىن، بەلكى مىكرو نۇقتىدىن، يەنى، شەخس ۋە كوللېكتىپ قاتلىمىدا تۈرۈپ كۆزىتىش بولۇپ ئىپادىلەندى. دېمەك، ئىجتىمائىي كاپىتال ئۇقۇمى ئىجتىمائىي كونتروللۇقنىڭ ئورنىنى ئالدى. مانا بۇ مائارىپنىڭ فۇنكسىيىلىرىنىڭ يېڭى نۇقتىلارغا قاراپ كېڭىيىشىدۇر. بۇ يەردە ئالدى بىلەن كارل ماركس قاتارلىقلار نۇقتىلىق تەھلىل قىلغان ئەنئەنىۋى كاپىتال، يەنى ماددى كاپىتال بىلەن نۆۋەتتىكى يېڭى كاپىتاللارنىڭ پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. ماددى كاپىتال دېمەك، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېرەك بولغان بارلىق ماددى قوراللار (مىختىن تارتىپ زاۋۇتقىچە) نى

كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمىدىكى كاپىتالمۇ ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولغان ياكى ئىقتىسادىي قىممەت يارىتالايدىغان بارلىق ماددى ئوبيېكتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادام سىمىس **(Adam Smith)** نەزەرىيىۋى ئاساس سالغان ھەمدە يېقىنقى يىللاردا مۇكەممەل ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ئىنسان كاپىتالى بولسا، مەلۇم ئەمگەك بىلەن شوغۇللىنىپ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئىمكانىيىتى شەكىلدە گەۋدىلىنىدىغان ماھارەتلەر ۋە بىلىملەرنىڭ زاپىسىدۇر. بۈگۈنكى ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ماھارەت ۋە بىلىملەرنىڭ زاپىسى ئىقتىسادىي ئۇنۇم يارىتىدۇ. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بىر كىشى قانچە كۆپ مائارىپقا ئېرىشكەن بولسا، شۇنچە كۆپ ئىقتىسادىي كىرىمگە ئىگە بولالايدۇ. دېمەك، مائارىپنىڭ ئۆزى ئىنسان كاپىتالىغا مەبلەغ سالغانلىقتۇر.

لېكىن، باشتا دېيىلگەندەك، دۆلەت مائارىپ سىستېمىلىرى دەسلەپتە مەيدانغا كەلگەندە ئۇنىڭ رولى ئىقتىساد بىلەن باغلانمىغان ئىدى. چۈنكى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى ناھايىتى ئاز تەلەپ قىلغان ئىدى. يەنى كىشىلەر بۇ ماھارەتلەرگە ئاساسەن مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ ياردىمىسىز ھالدا ئېرىشەلەيتتى. خۇددى بوۋلېس **(Bowles)** ۋە گىنتىس **(Gintis)** كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلىپىدىكى ئاممىۋى مائارىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكىۋى تەرىپى بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شۇ چاغدىكى ياللانما ئىشچىلار بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر بىلەن مەكتەپلەردە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەر ئارىسىدا زىچ مۇناسىۋەت يوق ئىدى (بوۋلېس ۋە گىنتىس**1976: 169)**. ئېرىك خوبسباۋمۇ بۇ نۇقتىنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سانائەت ئىنقىلابىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان زېھنىي تەلەپلەر يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ چاغدىكى تېخنىكىۋي ئىختىرالار شۇنچە ئاددىي بولۇپ، ئۇلار زاۋۇتلاردىكى ئەقىللىق ھۈنەرۋەنلەر، ياغاچچىلار، تېخنىكلار ۋە تۆمۈرچىلەرنىڭ ئىقتىدارلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى. يىپ ئىگىرىش ماشىنىسى، توقۇمىچىلىق ماشىنىسى، ھەتتا ئەڭ مۇرەككەپ بولغان جامىس ۋاتنىڭ پار ماشىنىسى **(1784)** نى باشقۇرۇشمۇ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ كۈچ ۋە ئەقىل تەلەپ قىلمايتتى (خوبسباۋم **1969: 173)**. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى دۆلەتلەردە سانائەتلىشىشتىن بۇرۇنلا ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ساۋاتلىق بولۇش سانائەتلىشىشنىڭ نەتىجىسى بولۇشتىن كۆرە، ئۇنى ئىلگىرى سۈرگۈچى مۇھىم ئامىل ئىدى (سىپوللا **1969: 102)**.

دېمەك، بۇ دەسلەپكى ئاممىۋى مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ياكى ئىنسان كاپىتالى بىلەن چېتىشلىقى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، بۇ چاغدىكى مائارىپ تەشەببۇسكارلىرىنىڭ ئاساسلىق كۆزلىگىنى مائارىپ ئارقىلىق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش ياكى كۈچەيتىش ۋە دۆلەتكە باغلانغان ديانەت، ساداقەتمەنلىك ۋە گراژدانلىقنى يېتىلدۈرۈش ئىدى. كائېستېل **(Kaestle)**نىڭ ھۆكۈم قىلغىنىدەك، شۇ دەۋرلەردە باشقا تۈردىكى مۇنازىرىلەردىمۇ ئىقتىساد بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان. **1820**- ۋە **1830**-يىللار ئامېرىكالىقلار تەرىپىدىن يېزىلغان سىياسىي ئىقتىسادقا ئائىت مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىمۇ مائارىپ ناھايىتى كىچىك بىر تېما ئىدى (كائېستېل **1983: 26)**. مائارىپ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا كەلگەندىلا ئاندىن يېڭى ماھارەتلەرنى تەمىنلەشتە ھەم شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈستۈرۈشتە بىرقەدەر مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى دېيىشكە بولىدۇ. سانائەت ئىنقىلابى ئۇلغايغانسېرى ئىلمىي ۋە تېخنىكىۋي ماھارەتلەرگە بولغان تەلەپلەرمۇ ئۆسۈپ ماڭغان. بۇ يەنە مائارىپ سىستېمىلىرىغا يېڭى تەلەپلەرنى يۈكلىگەن. (گرىن **1990 :41)**. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مائارىپنىڭ ئىنسان كاپىتالىنى ئۈستۈرۈشتىكى رولى ئالاھىدە تەكىتلىنىشكە باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئالدى بىلەن دۇركايىم ئوتتۇرىغا قويغان مائارىپنىڭ ئىككى خىل رولى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى ئەسلەپ ئۆتۈشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭ بىرى، سانائەت ئىگىلىكى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماھارەتلەرنى تەمىنلەش، تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىرى بولسا، مەدەنىيەت تارقىتىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي بىرگەۋدىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە كۈچەيتىشتۇر (دۇركايىم **1933)**. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى

باسقۇچلىرىدا دۆركايمنىڭ نەزەرىيىسى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ تەكىتلىگەن مائارىپنىڭ بىرىنچى رولى ئەلۋەتتە مائارىپنىڭ ئىنسان كاپىتالى ياكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا تۇتقان مۇھىم ئورنىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككىنچى رولى بولسا دۆلەت قۇرۇش بىلەن مائارىپنىڭ ئەڭ ھالقىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى يېشىپ بېرەلەيدۇ. دەرۋەقە، سانائەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە مۇستەھكەملىنىش ۋە كېڭىيىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىرىنى كونترول قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مائارىپتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى بۇ قاراشلارنىڭ ئاساسىدۇر. ھالبۇكى، باشتا دېيىلگەندەك، بۇ خىل مۇلاھىزە مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى دۆلەت قۇرۇش نۇقتىسىدىن، يەنى ماكرو نۇقتىدىن كۆزىتىش بولۇپ، بۈگۈن غەرب دۆلەتلىرىدە ئاساسەن دەۋردىن قالدى. بۈگۈنكى ئىلىم ساھەسىدە مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي رولى مىكرو نۇقتىدىن كۆزىتىلمەكتە. بۇ، سىياسىي ھۆكۈمرانلارنىڭ مائارىپ ئارقىلىق مەلۇم خەلقنىڭ كىملىكى، ساداقىتى ۋە ياكى دۇنيا قاراشلىرىنى كونترول قىلىشى بولماستىن، بەلكى شەخس ۋە كوللېكتىپ قاتلىمىدا تۇرۇپ ئىجتىمائىي كاپىتال بەرپا قىلىش، جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، ئىناقلىقىنى ئاشۇرۇش بولۇپ گەۋدىلەندى. لېكىن، بىرقىسىم مۇستەبىت مەملىكەتلەردىكى، جۈملىدىن شىمالىي كورىيە ۋە خىتايدىكى مائارىپ  يەنىلا دۆلەت قۇرۇش، خەلقنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قورال بولماقتا.

## 2. مائارىپ، ئىجتىمائىي كاپىتال ۋە ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق

ئىجتىمائىي كاپىتال نەزەرىيىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى پىكىرلەرنى ئامېرىكالىق نەزەرىيىچى توكۋىلنىڭ (Tocqueville) 1836 - يىلى يېزىلغان «دېموكراتىيە ۋە ئامېرىكا» دېگەن ئەسىرىدىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇقۇم فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى پىئېر بوردىئۇ (Pierre Bourdieu) تەرىپىدىن تۈنجى بولۇپ كەڭ ۋە ئىنچىكە شەرھىيلەنگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە ئىجتىمائىي كاپىتال –خىلمۇخىل دەرىجىدە تۈزۈملەشكەن ئۆزئارا تونۇش ۋە ھۆرمەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇقىم بىر  تورىغا چېتىشلىق بولغان ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بايلىقلارنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مەلۇم بىر گۇرۇھقا ئەزا بولۇش ئىمكانىيىتىدۇر. (بوردىئۇ 1983: 110).  ئۇنىڭدىن كېيىن جامېس كولمان (James Coleman)، روبېرت پۇتنام (Robert Putnam) قاتارلىقلار بۇ نەزەرىيىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ تۆھپىلەرنى قوشتى. كولمان ئۆزىنىڭ 1988-يىلى يازغان، تەسىر قوزغىغان ئەسىرى «ئىنسان كاپىتالىنى يارىتىشتىكى ئىجتىمائىي كاپىتال» دېگەن ئەسىرىدە، ئادەت تۈسىنى ئالغان ۋە روشەن ھالدا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان ئىجتىمائىي ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئىقتىسادىي چەتكە قېقىلىش ۋە بازار مەغلۇبىيەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلار سۈپىتىدە چۈشىنىش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئىشەنچ ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىڭ كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى رولىنى تەكىتلەيدۇ. پۇتنام  ئىجتىمائىي كاپىتالنى ئۆز ئەزالىرىنى ئورتاق نىشانلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى – مۇناسىۋەت تورلىرى، ئۆلچەملەر ۋە ئىشەنچ سۈپىتىدە ئىزاھلايدۇ (پۇتنام 1995).

دېمەك، ئىجتىمائىي كاپىتال ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئىشەنچنى مەركەز قىلغان ئىجتىمائىي تورلار ئىگە بولغان قىممەتتۇر. بۇ تورلار مىللەت، ياش گۇرۇپپىسى، سىنىپ، تەبىقە، سىياسىي پارتىيە، دىنىي گۇرۇھ، مەھەللە، ئائىلە ۋە باشقا ئىجتىمائىي توپلارنى قاپلىغان بولۇشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ تورلار ئۆز تەۋەلىكىدىكى كىشىلەرگىلا ئەمەس، ئەتراپتىكىلەرگىمۇ مەلۇم مەنپەئەتلەرنى يەتكۈزىدۇ. مىسالەن، مەلۇم سىياسى پارتىيە ياخشى تەشكىللەنگەن ھەم توغرا سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولسا، شۇ پارتىيىگە ئەزا بولمىغان خەلقمۇ بىۋاستە پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ. دېمەك، مەلۇم بىر تورنىڭ ياراتقان قىممىتى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇ ئىگە بولغان ئىجتىمائىي كاپىتالمۇ شۇنچە يۇقىرى بولغان بولىدۇ.  لېكىن بۇ تورلارنىڭ  ھەممىسى ئىجابىي بولىشى ناتايىن. مىسالەن، مەلۇم  لۈكچەكلەر ياكى تېررورچىلار تورىمۇ ئۆز

تەۋەلىكى ئۈچۈن قىممەت يارىتىدۇ ياكى خىزمەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تاشقى تەسىرلىرىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپىتال مۇتلەق ھالدا ئىجابىي قىممەت يارىتىشى ناتايىن. بۇنىڭدىن سىرت، ئىجتىمائىي كاپىتال تۇرغۇن بولمايدۇ. مىسالەن، بۈگۈنكى غەرب دۇنياسىدا ئائىلە، دوستلۇق، سىياسىي پارتىيە، دىنىي گۇرۇھ قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي كاپىتاللار تېز سۈرئەتتە كېمەيمەكتە.

ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ سەۋىيىتى بىر دۆلەتنىڭ تىنچ ۋە مۇقىم تەرەققىياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بايلىقتۇر. دەرۋەقە، ئىجابى ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشىغا بىۋاستە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان پائالىيەت دەل مائارىپتۇر. پۇتنامنىڭ قارىشىچە، مائارىپ شەخسلەرنىڭ كوللېكتىپ جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولۇشى، ئىشەنچ قىلىشى ۋە سىياسىيغا قاتنىشىشىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدۇ، يەنى ئىجتىمائىي كاپىتالغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆپ تەربىيە ئالغان كىشىلەر مۇتلەق كۆپىنچە بىرلەشكۈچىلەر ۋە ئىشەنگۈچىلەر بولۇپ چىقىدۇ. بۇ قىسمەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالىلىراق ئىكەنلىكىدىن بولسا، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارغا ئۆيدە ۋە مەكتەپتە سىڭدۈرۈلگەن ماھارەتلەر، پەم - پاراسەتلەر ۋە خاھىشلار سەۋەبىدىندۇر (پۇتنام **2000: 667)**. بىراق پۇتنام ئۆزىمۇ كېيىن ئېتىراپ قىلغىنىدەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكانىڭ مائارىپ سەۋىيىتى ئۆسكەنسېرى، ئىجتىمائىي كاپىتالى تۆۋەنگە قاراپ ماڭغان. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن تەرەققىي تاپقان ئەللەردە ئەھۋال ئەنە شۇنداق. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپىتال بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتىدە نەزەرگە ئېلىنمىغان يەنە بىر مۇھىم تەرەپنىڭ بارلىقى مەلۇمدۇر.

نۆۋەتتىكى يېڭى تەتقىقاتلاردا، ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ ئىجابى قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ھادىسە ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق بىلەن مائارىپنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىلىق مۇلاھىزە قىلىنماقتا. ئىجتىمائى ئۇيۇشقاقلىق **(social cohesion)**-دۇنيا قىممەت قاراش تەكشۈرۈشى **(World Values Survey)** تەرىپىدىن تەمىنلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشىنىش، ئورگانلارغا ئىشىنىش ۋە پۇقراۋى ھەمكارلىق دەرىجىسىگە ئائىت سانلىق مىقدارلار بىلەن خەلقئارالىق ساقچى تەشكىلاتى **(Interpol)** تەمىنلىگەن جىنايەتلەرنىڭ دەرىجىسىگە ئائىت سانلىق مىقدارلارنىڭ جۇغلىنىشىدىن بارلىققا كەلگەن ئۆلچەمنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىقمۇ ئوخشاشلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مۇتلەق ھالدا ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئەمەستۇر.

يېقىنقى بەزى تەتقىقاتلاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، مائارىپ سىستېمىلىرى ئىقتىدار ۋە سەۋىيەت جەھەتتە كۆپرەك باراۋەر بولغان نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتقان دۆلەتلەردە كىرىم تېخىمۇ باراۋەر ھالدا تەقسىملەنگەن بولىدۇ، نەتىجىدە بۇ ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىقنى كۈچەيتىدۇ (نىكېل ۋە لايارد **1998**، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى **2001**،چېچى **2001**، مكماخون **1999**، ۋىلكىنسون **1996)**. دېمەك، يالغۇز مائارىپ سەۋىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىقنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى، بۇ يەردە ئاشۇ مائارىپنىڭ باراۋەرلىك مەسىلىسى تېخىمۇ مۇھىمدۇر. يېقىنقى يەنە بىر تەتقىقات شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مائارىپ باراۋەرسىزلىكى بىلەن كىرىم باراۋەرسىزلىكى ئارىسىدا ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەت، مائارىپ باراۋەرسىزلىكى بىلەن ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق ئارىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. مائارىپ باراۋەرسىزلىكى بىلەن گىراژدانلىق ئەركىنلىكلىرى ۋە سىياسىي ئەركىنلىك ئارىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت كۆرۈلىدۇ. (گرىن قاتارلىقلار **2006: 61)** شۇڭا، مائارىپ ئەۋزەللىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولغان، قالغانلار بولسا ئۇنىڭدىن يىتەرلىك بەھرىلىنەلمەيۋاتقان جەمئىيەتلەردە ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق ياكى ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ سەۋىيىتى تۆۋەنلەۋاتقان بولىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتلەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا، كىشىلەر بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى ئارىسىدا ئىشەنچ، ھۆرمەت، ئېتىراپ قىلىش، ھەمكارلىشىش كەمچىل بولىدۇ، گۇمان، پاتپاراقچىلىق، توقۇنۇش، جىنايەت ئەۋج ئالىدۇ. مانا بۇ مائارىپ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ نازۇك بىر تۈرلۈك مۇناسىۋىتىدۇر.

## 1.مۇستەملىكىچىلىك

مائارىپتىكى باراۋەرسىزلىك مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئالدى بىلەن مۇستەملىكىچىلىك دەۋرلىرىگە چېتىلىدۇ. چۈنكى دۆلەت ئارىلاشقان مائارىپ سىستېمىلىرىدا باراۋەرسىزلىك ئەڭ دەسلەپ ئاساسەن بىر تۈركۈم خەلقنىڭ مائارىپى يەنە بىر تۈركۈم خەلققە سىياسىي كۈچنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەجبۇرى تېڭىلغان ئەھۋالدىلا مەۋجۇت بولغان. دەرۋەقە مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدە مائارىپ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى، ئىقتىسادىي شەكىللىرى ۋە فۇنكسىيىلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىلىم، ماھارەت ۋە ئېتىقادلارنى مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرگە سىڭدۈرۈشنىڭ قورالى سۈپىتىدە قارالغان ئىدى. مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئېتىقادلىرى ۋە بىلىم قۇرۇلمىلىرىغا بولسا يېتەرلىك ئېتىبار بېرىلمىگەندى. بۇ جەرياندا مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ تىلى ئەڭ دەسلەپ مائارىپتىكى ئورنىدىن ئايرىلىشقا قاراپ يۈزلەندى، يەنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تىلى مائارىپ ئارقىلىق مۇستەملىكە خەلقىگە مەجبۇرى تېڭىلدى. «تىل مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ بىر تۈرلۈك شەكلىدۇر» (خاۋكىنس **1978: 154**). شۇنداق ئىكەن، مۇستەملىكىچىلەر ئۆز مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلغان يېڭى دۆلەتلەرنى قۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى خەلقلەرگە ئۆز تىللىرىنى مەجبۇرى ئۆگىتىشكە باشلىدى (خۇددى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قىلغىنىدەك). دەرۋەقە، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى ئېنگىلىز تىلى پروفېسسورى سۇسان روماين (**Suzanne Romaine**) دېگەندەك، شۇ دەۋردىكى ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ دۆلەت پەلسەپىسى بىر دۆلەتتە بىر تىل بولۇش ئۇقۇمى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، كۆپ تىللىق بولۇش دۆلەتنىڭ ئۇيۇشۇشىغا نىسبەتەن خىرىس، ئورتاق تىل بولسا دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئۈچۈن ھالقىلىق ئامىل سۈپىتىدە قارالغاندى (روماين **1992: 20**). دېمەك، **3** - دۇنيا خەلقىنىڭ ئاشۇ دەۋردە مۇستەملىكىچىلەردىن ئېرىشكىنى ئاساسەن شۇ مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان مائارىپ بولدى. تەبىئىيكى، بۇ خىل ئادالەتسىز ھەم باراۋەر بولمىغان مائارىپ ئاستىدىكى مۇستەملىكە جەمئىيەتلىرى باشتىن ئاخىر ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار ۋە توقۇنۇشلارغا ئەسىر بولۇپ كەلدى. قىسقىسى، بۇ زېمىنلەردا ئىجتىمائىي تەبىئىي ھالدا يىلتىز تارتالمىدى، بەلكى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتلەر غايەت زور ئىقتىسادىي خىراجەتكە تايانغان قاتتىق كونتروللۇق ئارقىلىقلا ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى دۆلەتلەردە نىسبىي مۇقىملىقنى بەرپا قىلالىدى . بۇنداق ھەقسىز جەمئىيەتلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى تېخى يېقىندىلا كىتابلارغا كىرىشكە باشلىغان تارىختۇر.

ھالبۇكى، **3**- دۇنيا ئەللىرى مۇستەملىكىچىلىكتىن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمرانلاردىن قالغان ئورگانلارغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى قانداق قىلىپ ئۆز ئېھتىياجى ۋە كىملىكىگە ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى جەھەتتە ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلدى. بەزىلەر مۇستەملىكىچىلەردىن مىراس قالغان ئورگان ۋە تۈزۈملەرنى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن سوئال - سوراقسىز ھالدا ئىشلىتىۋەردى. يەنە بەزىلەر بولسا، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ باشقۇرۇش شەكىللىرىنى نىشانلىق ھالدا ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ئۆلچەملىرى ۋە قىممەتلىرى بىلەن بىردەكلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. لېكىن ئەنئەنىۋى، يەنى كونا ئەندىزىلەر بىلەن مۇستەملىچىكىلەردىن قالغان يېڭى ئەندىزىلەرنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. قانداقلا بولسۇن، كۆپلىگەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر مەنىۋى ۋە ماددىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ زامانىۋىي ئوقۇتۇش سىستېمىلىرىدىكى رولىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. لېكىن بۇ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلەر كۆپىنچە نىسبەتەن بىردەك مىللىي تەركىبكە ئىگە ئەللەردە قولغا كەلدى. كۆپ خىل  ھەم رىقابەتلىك مىللىي قاتلام ۋە مەدەنىيەتلەرگە ئىگە دۆلەتلەردە ياكى يالغۇز مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان مەركەزدىكى بىر مىللىي توپ بىلەن باشقا نۇرغۇن چەتتىكى توپلار بىللە مەۋجۇت بولغان ئەللەردە بۇ بىر مۇشەققەتلىك جەريان ئىدى. دۆلەت بىلەن يەرلىكنىڭ مەنپەئەتلىرىنى

تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتىكى جىددىيلىك، ھۆكۈمەتلەر ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرىنى لايىھەلەش ۋە يولغا قويۇشتا دۇچ كېلىدىغان قاتتىق سىناقلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ئەلۋەتتە ختايدەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئامېرىكا، كانادا ۋە ئاۋستراليەنىڭ كېيىن ئولتۇراقلاشقان ئاق تەنلىك پۇقرالىرى بىلەن ئەسلى يەرلىك خەلقلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر بۇنىڭ روشەن ئىپادىسى.

دېمەك، مائارىپتىكى باراۋەرسىزلىككە سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئۇنىڭ قالدۇق تەسىرلىرىدۇر. مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى بۇ قالدۇق تەسىرلەر غەربلىكلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مائارىپ جەھەتتىكى داۋاملىق ئۈستۈنلۈكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ «كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك» (**Post-colonialism**)دەپمۇ ئاتالدى. بۇ مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلغان ئەللەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ماھىيەت جەھەتتىن يەنىلا غەربكە بېقىندى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەللەردىكى خەلقلەر ئارىسىدا غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭكىدىن ئۈستۈن كۆرۈش خاھىشى يوقىماي كەلدى. روشەنكى، بۇ مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدىكى مائارىپتىن قالغان بىر يالدامىدۇر.

بىراق، ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە دۇچ كېلىۋاتقان قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى مەسىلىسى، مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىدىلا يۈز بەرگەن مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا قايتىلىنىشىدۇر. بۇنى ھەرگىزمۇ (ئاسمىلاتسىيە قىلىش شەكلى نىسبەتەن يوشۇرۇن بولغان، ئاساسلىقى كۇلتۇرەل تەسىرگە تايىنىدىغان) «كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك» نەزەرىيەسى بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بۇ سېپى ئۆزىدىن مۇستەملىكىچىلىكتۇر. ئۇيغۇرلار تېخىچە «كېيىنكى مۇستەملىكىچىلىك» دەۋرىگە كىرىپ باقمىدى. باشقا نۇرغۇن ئېزىلگەن مىللەتلەر مۇستەقىللىققە ئېرىشكەن بولسىمۇ، دوكتور شان روبېرتس (**2009**) دېگەندەك، ئۇيغۇرلار «مۇستەملىكىچىلىكتىن قۇتۇلۇش مېۋىسىنى تېتىپ باقمىدى» (**362**)

## 2.ئىقتىسادىي ئامىل

مائارىپتىكى باراۋەرسىزلىكلەرنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، ھەممە مەملىكەتكە ماس كېلىدىغان ئىقتىسادىي كىرىم باراۋەرسىزلىكىدۇر. مىسالەن، نۆۋەتتە ئامېرىكادا ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئەڭ ياخشى بولغان **25** پىرسەنت ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈش نىسبىتى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئەڭ ناچار بولغان **25** پىرسەنت ئوقۇغۇچىدىن توققۇز ھەسسە يۇقىرى ئىكەن (ئامېرىكا دۆلەتلىك مائارىپ ستاتىستىكىسى مەركىزى **2005**). ئەنگلىيەدە بولسا ئىشچىلار سىنىپىغا تەۋە ئوقۇغۇچىلار ئالىي مائارىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاران **20** پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ (ئارچېر **2003** ، ۋوركېر **2007**). دېمەك، يۇقىرى دەرىجىدىكى كىرىم باراۋەرسىزلىكى يۇقىرى دەرىجىدىكى مائارىپ باراۋەرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كىرىم باراۋەرسىزلىكى مائارىپتىكى تەكشى بولمىغان نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ (گرىن قاتارلىقلار **2006: 165**). دۇنيا بانكىسىنىڭ **2001**-يىللىق ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئىچىدە، ئامېرىكا ۋە بىرىتانىيىنىڭ كىرىم باراۋەرسىزلىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان ھەمدە شۇنىڭغا يارىشا مائارىپتىكى باراۋەرسىزلىكمۇ ئەڭ يۇقىرى چىققان. دانىيە قاتارلىق شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى كىرىم باراۋەرسىزلىكى ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، مائارىپ باراۋەرلىكى كۆرسەتكۈچىمۇ ئەڭ يۇقىرى بولغان.

بىز يۇقىرىدا، مائارىپتىكى باراۋەرسىزلىك بىلەن كىرىم باراۋەرسىزلىكى ئارىسىدا ئۇلۇك تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بارلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ قوش يۆنۈلۈشلۈك جەريان بولۇپ، بىر تەرەپنىڭ قانداق بولۇشى يەنە بىر تەرەپكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. چېچى (**Checchi**) نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا بۈگۈنكى كىرىم باراۋەرسىزلىكى كەلگۈسىدىكى مائارىپ باراۋەرسىزلىكىگە سەۋەب بولىدۇ، ئىنسان كاپىتالى نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا، بۇ يەنە كەلگۈسىدىكى كىرىم باراۋەرسىزلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ (چېچى **2001** )

**:45).** روشەنكى، بۇ بىر يامان سۈپەتلىك ئايلانما جەرياندۇر. شۇنداق بولغاندا كىرىم باراۋەرسىزلىكى ئاخىرى يەنە ئىجتىمائىي ئۈيۈشقاقلىققا كۈچلۈك سەلبى تەسىر كۆرسىتىدۇ. مىسالەن، يۇقىرىقى ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشچە، تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئىچىدە بىرىتانىيە ۋە ئامېرىكادا جىنايەت نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، كىرىم باراۋەرسىزلىكى ئەڭ تۆۋەن بولغان شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە بولسا، بۇ نىسبەت ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ.

## 3.مىللەت ۋە ئىرق ئامىلى

مائارىپقا ئېرىششتىكى باراۋەرسىزلىكلەرگە مىللەت ۋە ئىرق ئامىلىمۇ مۇھىم سەۋەب بولالايدۇ. بۇ نۇرغۇن ئېتنىك توپلار بىللە مائارىپ قوبۇل قىلغاندا كۆرۈلىدىغان ھادىسىدۇر. بۇ جەرياندا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەلۇم ئېتنىك توپقا تەۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ناچارراق بولۇشى مۇمكىن. ئامېرىكالىقلارنىڭ مائارىپقا ئېرىششتىكى كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭغا بىر تىپىك مىسال بولالايدۇ. مىسالەن، 2007 - يىلى ئامېرىكادا باللارنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش نىسبىتى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ 93 پىرسەنت، قارا تەنلىكلەرنىڭ **88** پىرسەنت، ئىسپانلارنىڭ **65** پىرسەنت بولغان. **1980**-يىلدىن **2005** - يىلغىچە، ئالىي مەكتەپكە كىرىش سانىنىڭ ئېشىش نىسبىتى: ئاق تەنلىكلەرنىڭ **23.4** پىرسەنت، قارا تەنلىكلەرنىڭ **13** پىرسەنت، ئىسپانلارنىڭ ئاران **1.7** پىرسەنت بولغان. **2007**-يىلى **25 ~ 29** ياشقىچە بولغان ياشلارنىڭ مەلۇم ئالىي مەكتەپنى تاماملاش نىسبىتى: ئاق تەنلىكلەرنىڭ **66** پىرسەنت، قارا تەنلىكلەرنىڭ **50** پىرسەنت، ئىسپانلارنىڭ **34** پىرسەنت بولغان، **2006**- يىلى **72** پىرسەنت باكلاۋورلۇق ئۇنۋانىنى ئاق تەنلىكلەر ئالغان (ئامېرىكا مائارىپ باشقارمىسى **2008**).

ئامېرىكا مائارىپىدا بۇنداق پەرقلەرنىڭ ئۆزگۈرىدىن بۇيان داۋاملىشىشى بۇ يەردە ئېتنىك ئامىللارنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، تولىمۇ بىمەنە بىر نۇقتا شۇكى، **1970** - يىللارغىچە تەتقىقات ساھەسىدە قارا تەنلىكلەرنىڭ ئوقۇشتا پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇشىنى ئۇلارنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە قارىغاندا تۆۋەن ئەقلىي قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىش ئەۋج ئالغانىدى (جېنسېن **1969**؛ ئېيسېنك **1971**). بەختكە يارىشا، بۇ خىلدىكى تەتقىقات ئېقىملىرى يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان يوقىلىشقا يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتى قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن بىرتەرەپلىمە قاراشقا ئىگە بولغان ئوقۇتقۇچىلارغا مەركەزلەشتى. مىسالەن، دوكتور رايت **(Wright)** قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا تۆۋەن سەۋىيىدىكى دەرىجىگە ياكى تۈركۈمگە ئايرىپ قويۇلىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ يەنە قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلار مەلۇم دەرستە مەيلى قانچە ئىقتىدارلىق بولسۇن، تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىمتىھانلارغا قاتناشتۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ (رايت **1987**).

دەرۋەقە، ئامېرىكادىكى ئاز سانلىق ئىرقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مائارىپقا ئېرىششتە پاسسىپ ئورۇندا بولۇشى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارغا چېتىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئاز سانلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە. «بۇگۈنكى ئەنگلىيەدە، بولۇپمۇ ئىشچىلار سىنىپىغا تەۋە بولغان قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي مائارىپتىن ئارتۇق مائارىپقا ئېرىششىنى كۈتۈش يوقىنىڭ ئورنىدا بوپكەلدى» دەيدۇ گرىن (**1991**). دەرۋەقە، ئامېرىكا قاتارلىق ئېنگىلىز تىلى مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەردە مائارىپ يېرىم بازارلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يۇقىرى مائارىپقا ئېرىشىش بىۋاستە ھالدا نۇرغۇن ئىقتىسادىي كۈچنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىجتىمائىي مىراس **(Social inheritance)** (ئاتا-ئانىنىڭ مال-مۈلكى، كەسپى، مائارىپ سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت كاپىتالىنىڭ يىغىندىسى) نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندىمۇ بۇ جەمئىيەتلەردىكى ئاز سانلىقلارنىڭ بىلىمگە ئېرىششتىكى نىسبەتەن كۆڭۈلسىز ھالىتىگە يەنە سەۋەب تېپىلىدۇ. ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتىنىڭ **(OECD)** ئاشكارىلىشىچە، ئىجتىمائىي مىراس ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىكەن، بۇ تەسىر ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ

شەخسىي ئارقا كۆرۈنۈشىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدىكەن. (ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى **2001: 210**) ئىجتىمائىي مىراسنىڭ مىقدارى جەھەتتە قايسى ئىرقتىكىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى سۆزلىمىسەكمۇ ھەممىگە ئايان. دېمەك، بۇنداق ئەھۋالدا ئېتنىك ئاز سانلىقلار مائارىپقا ئېرىشىشتە قوشلاپ بېسىمغا ئۇچرايدۇ. (ئاق تەنلىك بولمىغان) باراك ئوبامانىڭ ئامېرىكا پرېزىدېنتى بولۇپ سايلىنىشى بىلەنلا بۇ ئەھۋال تۈگەپ قالمايدۇ.

مائارىپقا ئېرىشىشتىكى باراۋەرسىزلىكلەرگە يەنە جىنسىيەت ئامىلى ۋە فىزىئولوگىيىلىك شارائىتلارمۇ سەۋەب بولىدۇ. ھالبۇكى كىشىلەر كۆپىنچە يەنە بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ھەربىر ئىنسان خۇددى نوبېل مۇكاپاتى ساھىبى ئىقتىسادشۇناس ئامارتيا سېن (**Amartya Sen**) ئېيتقاندەك كۆپ تۈرلۈك كىملىككە ئىگىدۇر. بىز كۈندىلىك ھاياتىمىزدا ئۆزىمىزنى خىلمۇخىل گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە كۆرىمىز- بىز شۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەۋەمىز (سېن **2006: 11**). شۇڭا، مۇرەككەپ قاتلاملارغا ئىگە جەمئىيەتلەردە مائارىپتىكى باراۋەرسىزلىكلەر كۆپىنچە نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ئورتاق تەسىرىدە مەيدانغا كېلىدۇ. كرېنشوۋ (**2008**) (**Crenshaw**)، كېسىشىش نەزەرىيىسى (**intersectionality**) ئارقىلىق بۇ خىل باراۋەرسىز كۈچ مۇناسىۋەتلىرىنى قايىل قىلارلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەسىلىنى ھەل قىلىش تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. قىسقىسى، ئىجتىمائىي سىنىپ، ئىرق، ئېتنىك قاتلام، جىنس ۋە فىزىئولوگىيىلىك شارائىتلار مائارىپقا ئېرىشىشتىكى باراۋەرسىزلىككە سەۋەب بولۇۋاتقان جەمئىيەتلەردە ئىجتىمائىي بايلىق، جۈملىدىن ئۇيۇشقاقلىق، ئىناقلىق ۋە تىنچلىقتا ئېرىشىش بەكمۇ تەسكە توختايدۇ.

## خۇلاسە

مائارىپنىڭ شەخسلەر ياكى دىنىي جەمئىيەتلەر قولىدىن دىندىن خالىي بولغان سىياسىي دۆلەتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈشى، بىر جەھەتتىن دۆلەتلەرنى زور دەرىجىدە ئۇيۇشتۇرغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن تارىختىن بۇيان يېتەرلىك مائارىپقا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلق ئاممىسىنى دۆلەت تەرىپىدىن بېكىتىلگەن مائارىپ سىستېمىسىدا تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. مائارىپقا ئېرىشكەن خەلق ئەمەلىيەتتە يەنە دۆلەتنى يۈكسەلدۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىدى. بۇ مەنبە كېيىن «ئىنسان كاپىتالى» دەپ ئاتالدى. دېمەك، دۆلەتلەرنىڭ ياكى شەخسلەرنىڭ مائارىپقا مەبلەغ سېلىشى بوگۈنكى كۈندە ئىقتىسادىي بايلىق يارىتىدىغان «ئىنسان كاپىتالى»غا مەبلەغ سېلىش بولۇپ ئىپادىلەندى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي رولى تەكتىلىنىشتىن قالمىدى، بەلكى ئۇ تېخىمۇ ئىنچىكە نۇقتىلارغا – ئىجتىمائىي كاپىتال، ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق ۋە ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىقتىساد يۈكسىلىۋاتقان، لېكىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كۆنسېرى ئۇلغىيىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ زور ئېھتىياجلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرلىشىشى ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ماددى بايلىق ۋە پاراۋانلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، جۇغلىنىشىغا ۋە ئېشىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

مائارىپنىڭ سۈپىتىلا ئەمەس، بەلكى باراۋەرلىك دەرىجىسىمۇ بىر دۆلەتنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتى ۋە ئاسايىشلىقنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، مائارىپقا ئېرىشىشتىكى باراۋەرسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان زور پەرقلەر ياكى زىددىيەتلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى، كىشىلەر بىلەن دۆلەت ئارىسىدىكى ئىشەنچ ۋە باغلىنىشنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ سۈپىتى ۋە ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق كېمىيىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا بىر دۆلەتنىڭ تىنچ گۈللىنىشى ۋە ئىناقلىقنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان ناچار ئايلانما جەريانىدۇر.

بىلىم ئىگىلىكىگە تايانغان جەمئىيەت قۇرۇش بۈگۈنكى رىقابەت دۇنياسىنىڭ ئەڭ زور نىشانلىرىدىن بىرى بولۇپ تۇرماقتا. بۇ مۇقەررەر ھالدا مائارىپ ئارقىلىق ئىنسان كاپىتالىنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشنى تەلەپ

قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ پەقەت مائارىپنىڭ ماددىي بايلىق يارىتىشتىكى رولىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەتتۇر خالاس. بۇ ماھىيەتتە تەرەققىياتنىڭ بىرلا يۈزىنى كۆرۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. مائارىپ ئارقىلىق خەلقكە باراۋەرلىك ۋە مەنىۋىي ئەركىنلىك بەخش ئېتىش بولسا يەنە بىر مۇھىم ھەم جىددىي مەسىلىدۇر. چۈنكى بۇنىڭسىز جەمئىيەتلەرنىڭ ئۆيۈشقاقلىقى، ئىناقلىقى ۋە تىنچلىقى كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ، نەتىجىدە جەمئىيەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھەم ساغلام تەرەققىياتقا قاراپ يۈزلىنەلمەيدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرلار كۆپ تىلغا ئېلىنمىدى. چۈنكى، بىز ھەممىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇپ كېلىۋاتىمىز. مەقسەت مۇشۇ ماقالىدىكى مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلەر ۋە مۇلاھىزىلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشتۇر.

**مەنبەلەر:**


ئامېرىكا دۆلەتلىك مائارىپ ستاتىستىكىسى مەركىزى (2005): «4-قېتىملىق ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەكشۈرۈش»، ۋاشىڭگتون، كولومبىيە مەمۇرىي رايۇنى.

ئامېرىكا مائارىپ باشقارمىسى (2008) : «مائارىپنىڭ ئەھۋالى 2008»، دۆلەتلىك مائارىپ ستاتىستىكىسى مەركىزى مائارىپ ئىلمى ئىنستىتۇتى، ئامېرىكا مائارىپ باشقارمىسى، 10-، 40- ۋە 42-بەتلەر.

ئارچېر، م. (2003) (Archer, M): « قۇرۇلما، ۋاكالەتچى ۋە ئىچكى سۆھبەت» كامبىرىج: كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى .

بولى، ج. (1989) (Boli,J.): «يېڭى جەمئىيەت ئۈچۈن يېڭى پۇقرالار: شىۋىتسىيىدىكى ئاممىۋى مائارىپنىڭ مەنبەسى»، Pergamonنەشرىياتى.

بوردىئۇ،پ. (2006) (Bourdieu,P.): «كاپىتالنىڭ شەكىللىرى»، خاف لودېر، فىللىپ براۋن، جو-ئاننې دىللابوۋ ۋە ئا.خ. خالسېي (Hugh Lauder, Phillip Brown, Jo-Anne Dillabough & A.H.Halsey ) تەھرىرلىگەن: « مائارىپ، يەرشارىلىشىش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»، ئوكسفورد: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى،

Brophy, D. (2016). Uyghur Nation: Reform and Revolution on the Russia-China Frontier. Harvard University Press.

بوۋلېس، س. ۋە گىنتىس، خ. (1976) (Bowles,S.and Gintis H.):« كاپىتالىست ئامېرىكادا مائارىپ»، Routledge & Kegan Paul نەشرىياتى

سىپوللا، ك. م (Cipolla, C.M)(1969):« غەربتە ساۋاتلىق بولۇش ۋە تەرەققىيات»، پىڭگۈين نەشرىياتى

كاستېللس،م. (1997) (Castells,M.): «ئۇچۇر دەۋرى: ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت»، «كىملىكنىڭ قۇدرىتى» 2-توم، Blackwell نەشرىياتى

كولمان، ج. (1988) (Coleman,J.) « ئىنسان كاپىتالىنى يارىتىشتىكى ئىجتىمائىي كاپىتال»، «ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسلىق ژۇرنىلى»،95-120

Crenshaw, K. W. (2008). Mapping the Margins: Intersectionality, Identity Politics and Violence against Women of Color. In A. Bailey and C. Cuomo (Eds.), The Feminist Philosophy Reader (pp. 279–309). New York: McGraw-Hill.

دۇنيا بانكىسى (2001): «دۇنيا تەرەققىيات دوكلاتى: نامراتلىققا ھۇجۇم قىلىش»، ئوكسفورد: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۇنيا بانكىسى (2008): « دۇنيا ئىقتىسادىدىكى بىلىمنى ئۆلچەش: بىلىمنى ئۆلچەش ئۇسۇلى ۋە بىلىم ئىگىلىكى كۆرسەتكۈچىسى» تەرەققىيات ئۈچۈن بىلىم پروگراممىسى، دۇنيا بانكىسى ئىنستىتۇتى، ۋاشىڭگتون كولومبىيە مەمۇرىي رايۇنى

دۇركايىم، ئې. (Durkheim, E.) (1893): «جەمئىيەتتىكى ئىش تەقسىماتى»، گ. سىمپسون تەرجىمە قىلغان، 1997-يىل، نيۇ يورك، Free نەشرىياتى
دۇركايىم، ئې. (Durkheim, E) (1956) : « مائارىپ: ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە رولى»، Frees نەشرىياتى نەشرى، خاف لودېر، فىلىپ براۋن، جو-ئاننې دىللابوۋ ۋە ئا.خ. خالسېي
(Hugh Lauder, Phillip Brown, Jo-Anne Dillabough & A.H.Halsey ) (2006) تەھرىرلىگەن: « مائارىپ، يەرشارىلىشىش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش»، ئوكسفورد: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 80-بەتكە قارالسۇن
ئېدۋارد، ر. (Edward,R.) (1922) :‹‹ 1789-يىلدىن بۇيانقى مىللەتچىلىك ۋە مائارىپ›› نيۇيورك، Macmillan نەشرىياتى ، 35-بەتتە ئېلىنغان نەقىل
ئېيسېنك، خ.ج. (Eysenck, H. J) (1971) :« ئەقلىي ئىقتىدار(IQ) ھەققىدە مۇنازىرە: ئىرق، ئەقىل ۋە مائارىپ»، نيۇ يورك، كۇتۇپخانا نەشرىياتى
گوپىناسان، س.(Gopinathan,S.) (1994): «بىر كۈچلۈك تەرەققىيات خاھىشىغا ئىگە دۆلەتتىكى مائارىپنىڭ تەرەققىياتى: سىڭگاپورنىڭ كەچۈرمىشلىرى». ئاۋسترالىيە مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالە
گرىن، ئا. (Green, A.) (1990): «مائارىپ ۋە دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى: ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكادا مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى»، Macmillan نەشرىياتى
گرىن، ئا. (Green, A.) (1991): «ئەنگلىيە مائارىپىنىڭ غەلىتىلىكلىرى» ، مائارىپ گۇرۇپپىسى II: «چەكلىمە ئىچىدىكى مائارىپ: 1979-يىلدىن بۇيانقى ئوقۇش، تەربىيىلىنىش ۋە يېڭى ھوقۇق»، لوندون، Unwin Hyman نەشرىياتى ، 6-30
گرىن، ئا. (Green, A.) (1994): ‹‹ مائارىپ ۋە دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە قايتا مۇلاھىزە›› «مائارىپ تارىخى تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، ئالاھىدە سان، 1-19
گرىن، ئا. (Green, A.) (1997):« مائارىپ، يەرشارىلىشىش ۋە مىللىي دۆلەت»، Palgrave Macmillan نەشرىياتى
گرىن، ئا. (Green, A.) (1999): «شەرقىي ئاسىيانىڭ ماھارەت يېتىشتۈرۈش سىستېمىلىرى ۋە يەرشارىلىشىشنىڭ سىناقلىرى»، « مائارىپ ۋە خىزمەت ژۇرنىلى»، 21 (3)، 253-279
گرىن، ئا. (Green, A.) (2009): « مائارىپ، يەرشارىلىشىش ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ رولى» ، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ ئىنستىتۇتى.
گرىن، ئا.، پرېستون،ج. ۋە جانمات،ج.گ (Green, A., Preston, J. & Janmaat,J.G) (2006): «مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق: مۇنازىرىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇش»، گرىن، ئا.، پرېستون،ج. ۋە جانمات،ج.گ: «مائارىپ، باراۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي ئۇيۇشقاقلىق: سېلىشتۇرما ئانالىز»، Palgrave Macmillan نەشرىياتى
خالىد، ئە.( 1998). The politics of Muslim cultural reform-Jadidism in Central Asia. University of California Press.
خاۋكىنس، ن.ج (Hawkins, N. J.) (1978): «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپى»، سېلىشتۇرما مائارىپ ژۇرنىلى، 22-توم، 1-نومۇر، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 147-162
خىلدېبراند، ب. ۋە ستىڭ، س. (Hildebrand, B and Sting, S.) (1995) (تەھرىرلىگەن): «مائارىپ ۋە مەدەنىي كىملىك»، نيۇ يورك: Waxman نەشرىياتى
خىل، م. ۋە فى، ل ( 1995) (Hill,M. and Lian Kwen Fee):« سىڭگاپوردىكى دۆلەت قۇرۇش سىياسىيسى ۋە گراژدانلىق»، لوندون: Routledge نەشرىياتى
خوبسباۋم،ئې.ج.(1969)(Hobsbawm,E.J.):« سانائەت ۋە ئىمپېرىيە»، Harmondsworth:Penguin. نەشرىياتى

ئىنكېلېس، ئا. ۋە سىروۋي، ل. (1983) (Inkeles,A. and Sirowy,L.): «دۆلەت مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ مەركەزلىشىش ۋە تارقاقلىشىش يۈزلىنىشى»، «ئىجتىمائىي كۈچلەر ژۇرنىلى» 62(2)،303-333.
ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتى(2001) (OECD):« ھايات ئۈچۈن كېرەك بولغان بىلىملەر ۋە ماھارەتلەر»، پارىژ:OECD
جېنسېن، ئا.ر. (1969) (Jensen, A. R): «ئەقلىي ئىقتىدار(IQ) ۋە ئوقۇش نەتىجىلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆستۈرەلەيمىز؟» ، «خارۋارد مائارىپ باھالىرى»، 33- نومۇر، 1-123
كائېستېل س.ف: (1983) (Kaestle,C.F.):« جۇمھۇرىيەتنىڭ تۈۋرۈكلىرى: ئورتاق مەكتەپلەر ۋە ئامېرىكا جەمئىيىتى»، 1780-1860، تورونتو: Hill and Wang نەشرىياتى
مكماخون، ۋ.(1999) (McMahon,W.):« مائارىپ ۋە تەرەققىيات»، ئوكسفورد: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
نىكېل، س. ۋە لايارد، ر.(1998) (Nickell, S. and Layard,R.): «ئورگانلار ۋە ئىقتىسادىي نەتىجىلەر»، مۇھاكىمە ماقالىسى، لوندون: لوندون ئىقتىساد ئىلمى ئىنىستىتۇتى
پۇتنام، ر.(1995) (Putnam, R.):« ئىجتىمائى كاپىتالنىڭ ئامېرىكادا غەلىتىلەرچە يوقىلىشى»، سىياسەتشۇناسلىق ۋە سىياسىي ژۇرنىلى، 664-683
پۇتنام، ر.(2000) (Putnam, R.) : «يالغۇز دۇمىلاتما توپ ئويناش: ئامېرىكا جامائەتچىلىكىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە تىرىلىشى » نيۇ يورك: سىمون ۋە سچۇستېر نەشرىياتى
Roberts, S.R. (2009). Imagining Uyghurstan: Re-evaluating the birth of the modern Uyghur nation. Central Asian Survey, 28(4), 361–381.
چېچى، د. (2001) (Checchi,D.): «مائارىپ، باراۋەرلىك ۋە كىرىم باراۋەرلىكى » مۇھاكىمە ماقالىسى، 52-نومۇر، لوندون: لوندون ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى،
رايت سېسىلي (1987) (Cecile Wright):« قارا تەنلىك ئوقۇغۇچىلار-ئاق تەنلىك ئوقۇتقۇچىلار»، تروينا، ب. (Troyna, B) ( تەھرىرلىگەن) «مائارىپتىكى ئىرقىي باراۋەرسىزلىكلەر»، لوندون: Routledge نەشرىياتى
رومائىن، س. (1992) (Romaine,S.): « تىل، مائارىپ ۋە تەرەققىيات»، ئوكسفورد: ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
سېن, ئامارتيا (2006) (Sen, Amartya) : « كىملىك ۋە زوراۋانلىق»، Penguin نەشرىياتى
ستون لاۋرېنس (1969) (Stone Lawrence): «ئەنگلىيدە (1640-1900) ساۋاتلىق بولۇش ۋە مائارىپ»، لوندون، 87-بەتتە ئېلىنغان نەقىل
ۋېبېر، ئې. (1979) (Weber,E.): « دېھقانلارنىڭ فرانسىيىلىككە ئايلىنىشى: فرانسىيە يېزىلىرىنىڭ زامانىۋىلىششى»، 1870-1914»، لوندون: Chatto نەشرىياتى
ۋىبورگ، س. (2004) (Wiborg,S.): «مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي بىرگەۋدىلىشىش: شىمالىي ياۋروپادىكى ئومۇميۈزلۈك مائارىپ سىستېمىسى ھەققىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، « لوندون مائارىپقا باھا ژۇرنىلى»، 2-توم، 2-نومۇر، ئىيول
ۋىلكىنسون، ر. (1996) (Wilkinson, R.): «ساغلام بولمىغان جەمئىيەتلەر: باراۋەرسىزلىكنىڭ دەردلىرى»، لوندون: Rouledge نەشرىياتى
ۋوركېر، م.( Walker, M.) « ئالىي مائارىپنى كېڭەيتىش: ئىقتىدار سۈپىتىدىكى ئۇمۇربويى ئۆگىنىش» ئاسپىن، د.ن.( Aspin, D. N.) (تەھرىرلىگەن): «ئۇمۇربويى ئۆگىنىشكە پەلسەپىۋىي نەزەر» ، Springer نەشرىياتى، 131-147
Zeballos-Roig, Joseph. (2019, February 8). The United States' Role in China's Persecution of the Uighurs. The New Republic. Retrieved from https://newrepublic.com/article/153089/united-states-role-chinas-persecution-uighurs



# راين سام

راين سام (Rian Thum) يېڭى ئورلېئان شەھىرىدىكى لويولا (Loyola) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پروفېسسورى دوتسېنتى، ئەنگلىيەدىكى نوتتىڭھام (Nottingham) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى، شۇنداقلا ئامېرىكا ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسىدۇر.

راين سامنىڭ نۆۋەتتىكى ئىلمىي پائالىيەت ۋە تەتقىقاتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارغا، ئۇيغۇر تارىخىغا، بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى مەسىلىسىگە مەركەزلەشكەن.

ئۇنىڭ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇقەددەس مۇساپىسى» (The Sacred Routes of Uyghur History) ناملىق كىتابى بار.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»دا «خىتاينىڭ <قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى>دا زادى نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتىدۇ؟»، «خىتاي ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى لاگېرلارغا سولاۋاتىدۇ؟ ھەم بۇنى ئۆزى ئىقرار قىلىۋاتىدۇ»؛ «The Nation» تورىدا «خىتاي چۈشىنىڭ قارا يۈزى» ناملىق ماقالە ۋە بۇلاردىن سىرت، باشقا تاراتقۇلاردىمۇ بىر قاتار تەسىردار ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، راين سام يەنە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن. ماساچۇسېتس تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى بىلەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق كىرىزىسى» يىغىنىدا ۋە «ئاسىيا جەمئىيىتى» (Asia Society) نىڭ پروگراممىسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى ئاڭلاتقان. شۇنداقلا، ئۇ ئامېرىكا دۆلەتلىك تارقىتىش شىركىتى (NBC) نىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان، يۈزتۈب قانىلىدىلا ئۈچ مىليوندىن كۆپ ئەگەشكۈچىسى بار سىملىق تېلېۋىزىيە قانىلى (MSNBC)دا «بۇلار نېمىشقا يۈز بېرىۋاتىدۇ؟» دېگەن ماۋزۇدا سۆھبەت پروگراممىسى ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ۋە يېقىنقى بىر قانچە يىلدىكى ئەھۋالىنى ئىنتايىن تەپسىلىي، سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مىسلىسىز زۇلۇمنى خەلقئاراغا بىلدۈرۈش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدىكى بۇ قىسمەتلەرنى ئازراق بولسىمۇ يېنىكلىتىشتە ياخشى ئىجابىي رول ئوينىدى. ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقى، مەۋجۇدىيىتى ۋە كۈلتۈرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇيغۇرلار تەلتۆكۈس پاجىئەگە يولۇققان مۇشۇ يىللاردا ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاكادېمىك ئۇسلۇبتا ھەرىكەت قىلىۋاتقان راين سامغا ئوخشاش ئىلىم ئەھلىنى ئۇيغۇرلار ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى



# ئىككى يۈزلىمىچىلىك ھەققىدە

بىر پرىنسىپ ئۈچۈن جار سېلىش ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن ئاسان (دېيىش ئاسان، قىلىش تەس) ــ ئادلاي ستىۋېنسون.

**It is often easier to fight for your principles than to live up to them — Adlai Stevenson.**

دىنغا ھېچ ئەمەل قىلمايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر دىن خۇسۇسىدا جاڭجاللىشىپ باقتى ـ بېنجامىن فرانكلىن.

**Many have quarreled about religion that never practised it — Benjamin Franklin.**

قوپاللىق ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرنى دورىغاندىكى ھالىتىدۇر ـ ئېرىك خوففېر.

**Rudeness is a weak man's imitation of strength _ Eric Hoffer**

تەڭرى سېنى بىر يۈز بىلەن ياراتتى، ئەمما سەن ئۆزۈڭ يەنە بىرنى پەيدا قىلىۋالدىڭ ـ ۋىليام شېكسپىر.

**God has given you one face, and you make yourself another _ William Shakespeare.**

ھەقىقىي مۆتىۋەرلەردىن بولساڭ ئىدىڭ، ماختانمايتتىڭ ــ ت پ چىيا

**If you are truly a gentleman, you do not need to be pretentious __ Dr T.P.Chia**

سېنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىكىڭ مېنىڭ ئەقلىمگە قىلىنغان ھاقارەتتۇر ـ توبا بېتا.

**Your hypocrisy insults my intelligence __ Toba Beta.**

بىراۋ باشقىلارنى ئەيىبلەشتىن ئىلگىرى، ئۆزىنى راۋۇرۇس تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك ــ مولىيېر.

**One should examine oneself for a very long time before thinking of condemning others __ Moliere.**

مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىفلىرىدىن.

**There are three signs of a hypocrite: when he speaks he speaks lies, when he makes a promise he breaks it, and when he is trusted he betrays his trust __ Hadith of prophet Muhammad**
**(peace and blessings of Allaah be upon him).**

ھەقىقىي مۇناپىق شۇنداق كىشىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلالمايدۇ، يەنى سەممىمىي ھالدا يالغان سۆزلەيدۇ ــ ئاندىرى جىد.

**The true hypocrite is the one who ceases to perceive his deception, the one who lies with sincerity __ André Gide.**

بىز پەقەت چۈشىمىزدىلا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلمايمىز ـ ۋىليام خازلىت.

**We are not hypocrites in our sleep _ William Hazlitt.**

ھەممىمىز مۇناپىقلارمىز، چۈنكى بىز ئۆزىمىزگە باشقىلارغا قارىغان (تەنقىدىي، تەلەپچان) نەزەردە قارىيالمايمىز ۋە ئۆزىمىزنى باشقىلارنى (ئەيىب – نۇقسانلىرىنى كەم قالدۇرماي) باھالىغاندەك باھالىيالمايمىز ــ خوزەي ئېمىلىيو پاچېكو.

**We are all hypocrites. We cannot see ourselves or judge ourselves the way we see and judge others __ José Emilio Pacheco.**

ئىككى يۈزلىمچى ـــ ئاتا – ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېتىملىكىنى پەش قىلىپ باشقىلاردىن شەپقەت تىلىگۈچىدۇر ـ ئابراھام لىنكېن.

**Hypocrite: the man who murdered both his parents… pleaded for mercy on the grounds that he was an orphan __ Abraham Lincoln.**

دېموكراتىيە چەكلىمىسىز ئىككى يۈزلىمىچىلىك دېمەكتۇر ــ ئىسكەندەر مىرزا.

**Democracy is hypocrisy without limitation __ Iskander Mirza**

ئىككى يۈزلىمچىلەر شۇنداق سىياسىيونلاركى ـــ ئۇلار شەمشاد ياغىچىنى كېسىپ مۇنبەر ياساپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دەل – دەرەخلەرنى ئاسراش ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەيدۇ ــ ئادلاي ستىۋېنسون.

**A hypocrite is the kind of politician who would cut down a redwood tree, then mount the stump and make a speech for conservation __ Adlai E. Stevenson II.**

ئىككى يۈزلىمچىلىك بارلىق رەزىلللىكنىڭ ئانىسى، ئىرقىي كەمسىتىش بولسا ئۇنىڭ ئەڭ ئامراق بالىسىدۇر ــ دون كىڭ.

**Hypocrisy is the mother of all evil and racial prejudice is still her favorite child __ Don King.**

بىز دېموكراتىيەنىڭ ئەمەس، ئىككى يۈزلىمچىلىكنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىمىز ــ ساراھ سىلۋېرمەن.

**We don't live in a democracy; we live in a hypocrisy __ Sarah Silverman.**

سېنىڭ دىنىڭ تەبلىغدىن كېيىنكى قىلمىش – ئەتمىشلىرىڭدۇر ـ جەكسون بىروۋن.

**Your religion is what you do when the sermon is over __ H. Jackson Brown, Jr.**

نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزى ھاماقەت بولۇشقا رازى – يۇ، باشقىلارنىڭ ھاماقەتلىكىگە چىداپ تۇرالمايدۇ ـــ جوش بىلىڭس.

**Most everyone seems willing to be a fool himself, but he can't bear to have anyone else one __ Josh Billings.**

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىناۋىتى بىلەن خۇلقى كوچىدا ئۇچرىشىپ قالسا، بىر – بىرىنى تونۇيالمىغان بولاتتى ــ ئېلبېرت خاباد.

**Many a man's reputation would not know his character if they met on the street __ Elbert Hubbard.**

كىم (ساماۋى كىتابلاردا ئوقۇغان) سۆزنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرالىسا، ساماۋى كىتابلارنى توغرا ئوقۇغان بولىدۇ ــساينىت بېرنارد.

**He rightly reads scripture who turns words into deeds __ Saint Bernard.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى



## ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

### (2020-يىلى 4– ئاينىڭ 24 – كۈنىدىن 2020 - يىلى 5– ئاينىڭ 21 - كۈنىگىچە)

**24.– ئاپرېل:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «سۈرگۈندىكى تەشكىلاتلار رامزاننىڭ باشلىنىشىدا مۇسۇلمانلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالماسلىققا چاقىردى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى ۋە خەۋەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى پەۋقۇلئاددە ئېغىر قامال ۋە باشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقى، ئوقۇغۇچىدىن تارتىپ، ئىشچى – خىزمەتچى، ھەتتا ياشانغان، پېنسىيەگە چىققان كىشىلەرنىڭمۇ روزا تۇتۇشىنىڭ ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا قاتتىق چەكلىنىۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىندى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ بۇ ھەقتە خىتايغا بېسىم ئىشلىتىشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

«ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى» (USCIRF) ئۆزىنىڭ تور بېتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئامېرىكادىكى «چوڭ قىرغىنچىلىق خاتىرە مۇزېيى»نىڭ خىتاينى ۋەقە تەكشۈرۈش تىزىملىكىگە كىرگۈزگەنلىكىگە ئاپرىن ئېيتتى ۋە مەزكۇر كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى گارىي باۋېرنىڭ «خىتاي ھۆكۈمىتى (شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان) 21 – ئەسىردىكى ئەڭ ئېغىر دىنىي زۇلۇمنىڭ جاۋابكارىدۇر» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلدى.

«زىمىستان» توربىدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېردىكى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنى تىللاشقا مەجبۇرلىنىپ، قىيىن قىستاقتا ئېلىنغان» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى.

**25 – ئاپرېل:**

«TheTimes» توربىدا «شىركەتلەر مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن چىققان ماتېرىياللار سەۋەبلىك تەنقىدلەندى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە «H&M» قاتارلىق بىر قىسىم داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچى – سىرتىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن چىققان ماتېرىياللارنى ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبلىك بارغانسېرى كۈچلۈك بېسىمغا ئۇچراۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىندى.

**27 – ئاپرېل:**

«دۆلەت مەنپەئەتى» توربىدا «نېمە ئۈچۈن خىتاي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىگە كىرگۈزۈلمەسلىكى كېرەك؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە خىتايغا ئوخشاش كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە ئۈچىنچى چىققان بىر دۆلەتنىڭ بۇ كېڭەشتىن ئورۇن ئېلىشىنىڭ، ھەتتا بىر خىتاينىڭ بۇ كېڭەشتە ھەيئەتلىككە تەيىنلىنىشىنىڭ ئاجايىپ ئېغىر خاتالىق بولغانلىقى بايان قىلىنغان.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ مەلىكىسى ھېند

فايسال ئەلقاسىمى زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرۇپ گەپ قىلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى ۋە بۇنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى رەھبەرلەر ئارىسىدا تولىمۇ كەم كۆرۈلىدىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

**28 – ئاپرېل:**

«فوكس خەۋەر» توربېتى «ئۇيغۇرلار كىم؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق تەقدىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

«CNN» تورى «خىتاي كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا، بەزىدە ھەتتا ئۆيىنىڭ ئىچىگىمۇ كۆزىتىش كامېرالىرىنى ئورناتماقتا» ماۋزۇلۇق ۋىدىيولۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە خىتاينىڭ ئۆز پۇقرالىرى بىلەنلا چەكلەنمەي، خىتايدا ياشاۋاتقان چەتئەللىكلەرنىڭ يانفونىغىمۇ كۆزىتىش يۇمشاق دېتاللىرىنى قاچىلاتقۇزۇپ، ئۇلارنى ھەرۋاقىت ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

**30 – ئاپرېل:**

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمىدە «شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ يىلنىڭ ياقى داۋاملاشقان ئادەم تۇتۇش دولقۇنى خىتاينى دىپلوماتىيە ساھەسىدە تەڭقىسلىقتا قويدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى ۋە خىتاي بۇ جەھەتتە دۇچ كېلىۋاتقان بەزى تەنقىد، ئەيىبلەشلەر تىلغا ئېلىندى.

«ئوتتۇرا شەرق كۆزى» توربېتى تەسنىم نەزىرنىڭ «بۇ رامىزاندا مۇسۇلمانلار ئۇيغۇرلارنى ئويلاپ قويۇشى كېرەك» ماۋزۇلۇق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئاپتور ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تولىمۇ بىقۇۋۋەل ھالدا ئىكەنلىكى، ناماز ياكى قۇرئان ئوقۇش ئىمكانىيىتى، ھەتتا رامىزاندا بىر نەرسە يېمەسلىك ئەركىنلىكىنىڭمۇ يوقلۇقىنى تىلغا ئېلىپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى خىتاينىڭ مىسلىسىز زۇلمى ئاستىدىكى بۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ھالىغا يېتىشكە چاقىرغان.

**1 – ماي:**

«زىمىستان» توربېتى «شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار خىتاي كومپارتىيەسىنى سۆيۈپ، <ئامېرىكانىڭ (شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە) ئارىلىشىشى>غا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا «قەسەمياد مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلمى ھەققىدە گەپ قىلغان دۆلەتلەرنى تەنقىدلىشى تەلەپ قىلىنغان.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى تارىخىي قەبرىستاننىڭ ئۈستىگە ماشىنا توختىتىش مەيدانى سالغان» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى، خەۋەردە، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھىرىدىكى «سۇلتانىم» قەبرىستانىنى تۈزلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ماشىنا توختىتىش مەيدانى سالغانلىقى ۋە بۇ خىل قىلمىشنىڭ يالغۇز بۇلا ئەمەسلىكى تىلغا ئېلىنغان.

**2 – ماي:**

«فوربېس» توربېتى «ئۇلار مېنى ئىزدەپ كەلدى، لېكىن مەن ئۇچۇن گەپ قىلىدىغان ئادەم يوق» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە دۇنيا تاراتقۇلىرى نەچچە يىلنىڭ ياقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان مىسلىسىز خورلاش، دەپسەندىچىلىكلىرى ھەققىدە توختىماي يېڭى خەۋەر – ئۇچۇرلارنى ئېلان قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ ئىشقا يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتقانلىقى ئەپسۇسلىنىش ئىلكىدە تىلغا ئېلىندى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «ئۇلار زادى نېمىنى يوشۇرماقچى؟ ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تاراتقۇلارنى قامال قىلىشىغا سوئال قويىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى.

«جەنۇبىي خىتاي سەھەر گېزىتى»نىڭ تورى «خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلاردىكى ئۇيغۇرلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن يۆتكەشنى پىلانلىماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى تۈرلۈك زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختالدى.

**3– ماي:**
«زامانىۋى دىپلوماتىيە» توربىدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە نەزەر» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسانىيلىق زىت باستۇرۇشلىرى تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاينىڭ «تېرور»لۇققا قارشى تۇرۇش باھانىسىنىڭ، ئۇيغۇرلارنى «تېرورچى» قىلىپ كۆرسىتىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن تېپىپ چىققان ئاساسسىز سەپسەتىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىندى.

**4 – ماي:**
«ھايات ئۇسلۇبى» توربىدا «دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتلىرىدا خىتاينىڭ خرىستىيان دىنى ۋە باشقا دىنىي ئېتىقادلارغا قارشى جەڭ قىلغانلىقى ئەيىبلەندى» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلىنىپ، خىتاينىڭ ئۆزى تەرغىب قىلىدىغان كوممۇنىزم سەپسەتىسىدىن باشقا، ھەرقانداق دىنغا مەنسۇپ كىشىلەرگە دۈشمەن سۈپىتىدە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ بارغانسېرى ئەدەۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىندى.

**6 – ماي:**
«**supchina**» توربىدا «ئۇنىڭ لۇغىتى ئۇيغۇرلارغا خىتايچىنى ئۆگەتتى، لېكىن ئۇ يەنىلا تۇتقۇن قىلىندى» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. خەۋەردە ئۇيغۇر زىيالىيسى، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» مىللەتلەر تىل - يېزىق كومىتېتى ئاتالغۇلار ئىشخانىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات ئالىي تەرجىمان، ھازىر تۇتقۇندىكى ھۆسەنجان ئەسقەرنىڭ قىسمەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەر ناملىرىنى يىغىپ، رەتلەپ ئۇلارنىڭ خىتاي تىلىدىكى مەنىداش سۆزى بىلەن سېلىشتۇرغانلىق قىلمىشىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ‹بۆلگۈنچىلىك› دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**7 – ماي:**
«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ توربىدا «كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەھبىرى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى سەۋەبلىك خىتايغا ئېمبارگو يۈرگۈزىدىغان قانۇن لايىھەسىنىڭ پات يېقىندا ئاۋازغا قويۇلۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسىنىڭ رەھبىرى مىچ مىككونېل جۇمھۇرىيەتچى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزكۇر قانۇن لايىھەسىدە پرېزىدېنت ترامپنىڭ (ئۇيغۇرلارنى) «باستۇرۇشتا جاۋابكارلىقى بار ئەمەلدارلارغا نىشانلىق ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە چاقىرىلغانلىقى» نى بىلدۈرگەن.

**8 – ماي**
«**laist**» توربىدا ئامېرىكادىكى ئەڭ چوڭ تاراتقۇلاردىن بىرى بولغان **NPR** رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر ئالىمى ئەركىن سىدىق ھەققىدىكى تۆت يېرىم مىنۇتلۇق خەۋىرى تارقىتىلغان ۋە يازما تونۇشتۇرۇشمۇ بېرىلگەن. مەزكۇر ماقالىدە ئەركىن سىدىقنىڭ ھايات كەچمىشلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان (بۇ خەۋەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىغا بېسىلدى).

**9 – ماي:**

«نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ تورىدا «ئۇيغۇر كارخانىچىنىڭ ھەدىسى ئامېرىكادىن قايتقاندىن كېيىن تۇتقۇن قىلىنغان ئىنىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىنغان. خەۋەردە دېيىلىشىچە، 2016-يىلى 20 - فېۋرالدىن 15 - مارتقىچە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ «خەلقئارا زىيارەتچى رەھبەرلەرنى تەربىيەلەش پروگراممىسى»غا قاتناشقان ئۇيغۇر كارخانىچى ئەكبەر ئەسئەت ئامېرىكا زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن تۇتۇپ كېتىلگەن ۋە كېيىن «مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتقۇلۇق قىلىش گۇمانى» بىلەن 15 يىللىق كېسىلگەن.

**10 – ماي:**

«breitbart» تورىدا «دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ مۇسۇلمان سولانغان لاگېرلارنىڭ ساھىبى بولمىش خىتاي breitbart تورىنى <مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش> بىلەن ئەيىبلىدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلدى. مەزكۇر خەۋەرگە كۆرە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاساسلىق تاراتقۇلىرىدىن بىرى بولغان خىتاي مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى breitbart خەۋەر تورىنى «ئىرقچىلىق» ۋە «مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش» بىلەن ئەيىبلىگەن ۋە تولىمۇ ئاساسسىز ھالدا، مەزكۇر تور بەتنى خىتايغا قارشى گەپ – سۆزلىرى بىلەن تونۇلغان ستىۋ بانون (Steve bannon) باشقۇرىدۇ دېگەن. ئەمما، بانون بۇ تور بەتتە خىزمەت قىلمىغىلى نەچچە يىل بولغانىدى. بۇنى خىتاينىڭ «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەي» ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملىشىشى دېيىشكە بولىدۇ.

**11 – ماي:**

«زىمىستان» تورىدا «ۋىرۇس ۋە خىتاي چۈشى:خىتاي كومپارتىيەسى پۈتۈن پۇقرالىرىنى، ھەتتا سىزنىمۇ 24 سائەت نازارەت قىلماقچى» ماۋزلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە، كاي ستىرتماتېر (Kai Strittmatter)نىڭ «خىتاينىڭ بۈگۈنى دۇنيانىڭ ئەتىسىمۇ؟ بىز تىنچلاندۇرۇلدۇق» ناملىق كىتابى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ كىتاب «خىتاينىڭ ئىلغار نازارەت تېخنىكىلىرى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ قاتتىق نازارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمدىلىكتە پۈتۈن دۇنيانى ھەرۋاقىت نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت» قارا نىيىتىنى پاش قىلغان، ۋاقتىدا يېزىلغان كىتاب دەپ تەرىپلەنگەن.

«chinalawblog» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، 5 – ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى، ئامېرىكا تاموژنا ۋە چېگرا قوغداش ئىدارىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى «خوتەن خاۋلىن چاچ قوشۇمچە بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتى»نىڭ مەھسۇلاتلىرىنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن چىققان دەپ قاراپ، بۇ مەھسۇلاتلارغا قارىتا تۇتۇپ قېلىش بۇيرۇقى چىقارغان.

«foxnews» تورىدا «تاجىسمان ۋىرۇس خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە بۇ ۋابا سەۋەبلىك «جازا لاگېرلىرى» زۇلمىنىڭ ھېچقانچە پەسەيمىگەنلىكى، ئەكسىچە خىتاينىڭ «ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش» پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى.

«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «ئۆتكەندىن ئايرىلىش قەۋمىمىز ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولدى: ئۇيغۇر دىنىي ئۇستاز ئابدۇلئەھەد مەخسۇمنى ئەسلەپ» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى. خەۋەردە، 2018 – يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان بۇ مەرھۇم ئۇستازنىڭ ھايات كەچمىشلىرى، ئۇيغۇرلارغا، بولۇپمۇ دىنىي ساھەگە قوشقان تۆھپىلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلدى.

**12 – ماي:**

«دىپلومات» تورىدا «خىتاينىڭ <بىرلىكسەپ بۆلۈمى> چەتئەلدىكى گىراژدانلىرىنى قانداق خەتەرگە ئۇچراتماقتا؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى ۋە خىتاينىڭ چەتئەلدىكى پۇقرالىرىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرىزى ئۈچۈن ئىشقا سېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىندى.

**13 – ماي:**

**«abc.net» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، تاجىسمان ۋىرۇس يامرىغاندىن بۇيان، ئاۋستىرالىيەدە (بۇ ۋابانى تىزگىنلەشنى مەقسەت قىلغان) نازارەت قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ كۆچىيىشى ھازىر ئاۋستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق فاتىمە ئابدۇلغاففارغا شەرقىي تۈركىستاندا باشتىن كەچۈرگەن پەۋقۇلئاددە ئېغىر بۇرۇقتۇرمىچىلىقنى ئەسلىتىپ، ئۇنى تەشۋىشكە سالغان. ئۇ ئاۋستىرالىيە كوچىلىرىدا ماڭغاندا يېنىدىن ساقچى ماشىنىسى ئۆتسىمۇ يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇ خىل روھىي ھالەتنى خېلىلا ئومۇمىي دېيىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىكى زۇلمىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشىنىشتىمۇ خېلى زور ئۆرنەكلىك قىممىتىگە ئىگە.**

**14 – ماي:**

**«CNN» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان زۇلۇم سىياسەتلىرىدە قولى بار خىتاي ئەمەلدارلىرىنى جازالاش قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزگەن. مەزكۇر قانۇن لايىھەسىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدە قولى بار خىتاي ئەمەلدارلىرىنى قاراتمىلىق جازالاش، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە مەسئۇل مەخسۇس خادىم بەلگىلەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.**

**15 – ماي:**

**«چەتئەل سىياسىتى» توربدا «ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستان سەۋەبلىك خىتايغا ئېمبارگو يۈرگۈزەمدۇ؟» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە دېيىلىشىچە، گەرچە ئامېرىكادىكى ئىككىلى پالاتا «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل لايىھەلەرنىڭ ئاخىرىدا رەسمىي قانۇنغا ئايلىنىش - ئايلىنالماسلىقىدا ئامېرىكا پرېزىدېنتى ناھايىتى چوڭ قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن، ئەگەر پرېزىدېنت بۇنى ئامېرىكانىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە زىيانلىق دەپ قارىسا، قارارنى ماقۇللاشنى كېچىكتۈرەلەيدىكەن.**

**18 – ماي:**

**«ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى»نىڭ ئېنگلىزچە بۆلۈمى «ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى زىيارەتچى پروگراممىسىغا قاتناشقاندىن كېيىن تۈرمىگە تاشلانغان ئۇيغۇرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشنى چاقىرىق قىلدى» ماۋزۇلۇق خەۋەر بەردى. خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ «خەلقئارا زىيارەتچى رەھبەرلەرنى تەربىيەلەش پروگراممىسى» غا قاتنىشىپ شەرقىي تۈركىستانغا قايتقاندىن كېيىن تۇتۇلغان ئۇيغۇر كارخانىچى ئەكبەر ئەسئەتنىڭ ئىشىنى تاشلاپ قويماسلىق، بۇ ئىشقا ئارىلىشىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.**

**«reclaimthenet» تورىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئامېرىكا فىلورىدا شىتاتىدىكى 21 – دۆلەت مەجلىسى سايلام رايونىنىڭ نامزاتى لاۋرا لۇمېر چوڭ تېپتىكى تېخنىكا شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى قىلمىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.**

**20 – ماي:**

**«axios» توربدا «خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئاشكارىلاندى» ماۋزۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىندى. خەۋەردە ئاشكارىلانغان ھۆججەتكە كۆرە، خىتاي ئەدلىيە مىنىستىرلىقى 2016 –**

**يىلى 5 – ئاينىڭ 27 – كۈنى تۈركىيە ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا ئەۋەتكەن ئىلتىماسىدا، تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئەنۋەر تۇردى ئىسمىلىك بىرەيلەننى قولغا ئېلىپ، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. مەزكۇر ئىلتىماستا يەنە ئەنۋەر تۇردى «شام ئىسلام دۆلىتىنى قوللايدىغان بىر تور بەت ياسىغان» دەپ ئەيىبلەنگەن. شۇنداقلا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججەتلىرىگە كۆرە، تۈركىيە ئەدلىيە مىنىستىرلىقىمۇ 2017 – يىلى بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ ھەقتىكى سوت تەرتىپلىرى باشلانغان. ئەنۋەر تۇردىنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، تۈركىيە دائىرىلىرى ئۇنى كۆچمەنلەرنى قايتۇرۇۋېتىش مەركىزىگە 12 ئاي سولاپ قويغان ۋە يۇقىرىقىدەك بىر تور بەت ياسىغان – ياسىمىغانلىقى توغرۇلۇق سوراق قىلغان ۋە بۇ جەرياندا ئۇنىڭ 2004 – يىلىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش رەسىمىنىمۇ كۆرسەتكەن. ئەنۋەر تۇردىنىڭ دېيىشىچە، بۇ رەسىمنى چوقۇم خىتاي تەمىنلىگەن ئىكەن.**

ھېكمەتيار ئىبراھىم، ئەنۋەر قاراقۇرۇم تەييارلىدى



## هاجى ئەھمەد ئاخۇن


ئامېرىكادىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر
پائالىيەتچىلەرنىڭ بىرى (1970-يىللار)

# ئۇيغۇرلار

**The Uyghurs**

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



**ئۇيغۇرلۇق ئۇيغۇرچە كىيىنىش، ئۇيغۇرچە سەنئەت، ئۇيغۇرچە تاماق ئارقىلىق ئۇيغۇر بولۇپ كۆرۈنۈشلا ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر روھتۇر. بۇ روھ مەۋجۇتلا بولىدىكەن ئۇيغۇرنى ھېچكىم يوقىتالمايدۇ. بۇ روھنى ئۇيغۇر ئانىلار سەبىي بالىلارنىڭ قەلبىگە ئەڭ ئاددىي ئەمما ئەڭ مۇھىم بولغان ئۇسۇللار بىلەن سىڭدۈرمەكتە.**